2012.4

TANGRITAG LITERATURE

天尔塔格

# تەڭرىتاغ




❋ تىترەك

❋ دۆلەت مەھەللە ۋە ئۆي مەھەللە

❋ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011 ـ يىلى

❋ جىدى ماجيا شېئىرلىرىدىن تاللانما

ISSN 1004-1745

9 771004 174028 07>

国际标准连续出版物号:ISSN1004-1745 国内统一连续出版物号:CN65-1012/I 邮发代号:58-83 零售价:7.00元

# بۇ سانىدىكى نۇقتىلىق ئەسەر ئاپتورلىرى



«تىترەك» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى ــ مەمتىلى ھېلىم



«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011 ـ يىلى» ناملىق ئەسەرنىڭ
ئاپتورى ــ **ئابدۇرېشىد مۇھەممەتئىمىن**


# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# 2012.4

(ئومۇمىي 153 ـ سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



# تەڭرىتاغ

2012 ـ يىللىق 4 ـ سان
(ئومۇمىي 153 ـ سان)

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
(ھەر تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ)

## مۇندەرىجە

### چاتما ھېكايىلەر

دۆڭ مەھەللە ۋە ئۇي مەھەللە ــ ياتباش ئادەم.....ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى 4

### شېئرىيەت ئۇپۇقى

دادامنىڭ شەجەرىسى..........................ۋاھىتجان ئوسمان 41
ئاياللىق تۇيغۇمنى قۇچاقلايمەن چىڭ..........رىسالەت مەردان 42
مۇھەببەتنىڭ مىگبىر جىلۋىسى....................مۇتەللىپ خۇرسەندى 44
ھال رەڭ خىياللار..............................ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر 45

### پىشقەدەملەر قەلىمى

جىدى ماجىيا شېئىرلىرىدىن تاللانما...........ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى 67
ئۆمۈر سەپىرىمدىن شېئىرلار............................مەھمۇد زەيدى 70

### شېئىر ۋە باھا

«ئاۋازلىق ئوقيا» دىكى رەڭدار ئاۋازلار...............موسا ئەھەد تىركەش 47

### يېڭى كۈچ

ئۈچ پارچە شېئىر ۋە ئۇنىڭ تەھلىلى..............ئالىمجان تۆمۈر تۇران 91
ئۇزاپ كېتىمەن (شېئىر)..........................مېھرىبان نىياز چوغلۇق 89
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011 ـ يىلى..............ئابدۇرېشىد مۇھەممەتئىمىن 78
دەريا ئوغلى (ھېكايە)..........................ئابدۇۋەلى ئىسھاق 98

### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

ئاخىرقى كىشنەك (ھېكايە)......................مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز 59
تىترەك (ھېكايە)...............................مەمتىلى ھېلىم 72

ژۇرناللار نەشرىياتى باش
مۇھەررىرى:
**پولات ھېۋىزۇللا**
(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

نەشرىيات باشلىقى:
**ھەبىبۇللا مۇھەممەت**

ژۇرناللار نەشرىياتى مۇئاۋىن
مۇدىرلىرى:
**ئەركىن نۇر**
**ئالىم خالىدىن**

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
**ئەكبەر سالىھ**

باش مۇھەررىر:
**پولات ھېۋىزۇللا**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ئەركىن نۇر**

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
**شاۋكەت شۆھرەت**

مەسئۇل كوررېكتور:
**قەييۇم تۇرسۇن**

ماشىنىست:
**دىلارە ھەبىبۇللا**

# TANGRITAG

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بەش نۇۋەت «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال

ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ساندۇقى: E-mail:tangritag1986@126.com

نەشر قىلغۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنشىڭ كوچىسى 5 ـ نومۇر
تېلېفون: 4696807، 4658897 ـ 0991
پوچتا نومۇرى: 830092
باسقۇچى: ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مۇلازىمەتى چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
فورماتى: 1/16 787X1092 مىللىمېتىر
7 باسما تاۋاق
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى: ISSN1004 - 1745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى: CN65 - 1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىش باھاسى: 7.00 يۈەن

刊名:《天尔塔格》
出版单位 乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑:《天尔塔格》杂志社
地址: 乌鲁木齐市新兴街5号
电话: 0991-4658897 , 4696807
邮政编码: 830092
印刷:乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发行:乌鲁木齐市各地邮政局
订阅:全国各地邮政局
开本: 1/16 787X1092 7印张
外发行点:中国国际书商总公司
国内统一连续出版物号: CN65-1012/I
国际标准连续出版物号: ISSN1004-1745
邮发代号:58-83
定价: 7.00元

## ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان

تەھرىرلىك خىزمىتىدىن ئاپتورلارغا ئىككى كەلىمە سۆز......خاسىيەت ئىبراھىم 105

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: تالانتلىق رەسسام زۆرەم ياسىنىنىڭ «دولان قىزى» ناملىق ماي بوياق ئەسىرى

ژۇرنال نامىنى سۇلايمان ئىمىن خالى يازغان.

# دۆڭ مەھەللە ۋە ئۆي مەھەللە

(چاتما ھېكايە)

ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى



## ياتباش ئادەم

چاتما ھېكايىلەر

ئەتىسى كۆن قايرىلغاندا دوقمۇشقا يىغىلىپ قالدۇق. ھاراق ئىچىر كەتكەن چېغى ھەممەيلەننىڭ ھالى بوش، ئاخشامقى مەيلەشكەن مەزگىلدىكى جەڭگىۋارلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئەركىن ھېسامنىڭ ئۈزۈن، قورۇق باسقان يۈزلىرى تېخىمۇ قورۇلۇپ، ئاياغنى سۆرۈتۈپ تاشلىۋەتكەن لاتا پارچىسىدەك پۈرلىشىپ كېتىپتۇ. ھېزىم پاينەكمۇ خوتۇنىدىن دەشنام يېگەن چېغى، ئاچچىق موخوركىنى ھەدەپ شوراپ، پېشانىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن تاقىر بېشىنى ئاپتاپقا سىلىپ، قانداقتۇر بىر غەم بىلەن ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇنىڭ تۆك دىدارى يوق گەدىنىنىڭ قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ: ھاراقنى بېشىغا چىقتى دېسە، جىڭ مۇشۇنى دېسە بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم. كىم بىلىدۇ، ھازازۇل خوتۇنى كېچىچە پالاقتەك بىر نېمە بىلەن پاتاك ۋە باشلىرىغا ئۇرۇپ چىقتىمۇ تېخى؟ ئىشقىلىپ يامان خوتۇنغا يولۇقۇپ قالدى، غەم جىق بۇ بۇرادەردە. ھەممىدىن ھالى خارابى قېيۇم توڭگۇز ئىكەن. بىچارىنىڭ خوتۇنى بولمىغاچ، شۇ پېتى كىرىپ، داق يەردىلا، ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالماي ياتقان چېغى، ھېلىدىن ھېلىغا مەيدىسىنى تۇتۇپ ياندۇرۇشقا ئاران تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا: ھازازۇل بولسىمۇ خوتۇنى بولسا بولامدۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. تىللاپ، دوق قىلسىمۇ ھېچ بولمىسا گېلىغا سۇيۇق-سەلەڭ بىر نەرسە قىلىپ بېرەتتى-دە.

خوتۇنىدىن خۇش بولۇپ قالدىم. بالا باققۇچى بولغان ۋاقتىدا چوڭ باشلىقنىڭ ئۆيىدە مەستلەرنى كۈتۈپ ئادەتلەنگەن خوتۇن، مەست كىرىدىغانلىقىمنى پەملەپ، ھەسەل سۈيى بىلەن سۈت تەييار قىلىپ قويغانىكەن. كەيپچىلىكتە ئاشخانىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ ئىچىۋېلىپ ياتقان ھەم ئەتىسى خوتۇن ئەتكەن ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇقئاشتىن ئىككى چىنە ئىچىۋەتكەن ئىدىم. شۇڭا ھاراق ئانچە بوزەك قىلالمىغان چېغى، ئۇلارغا قارىغاندا ھالىمنىڭ ھەرھالدا ياخشىلىقى ئايان بولدى. بۇرادەرلەر ئەپتىمگە قاراپ، ئۆز-ئۆزىدىن ۋايساپ، ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىمنى ئازراق ماختاشقان بولدى. ھاراق چىرايىمغا چىقمىغان بىلەن پۇت-قولۇمنىڭ كۈچى يوق، بېشىم ئىشىك قىسىۋەتكەندەك ئېغىپ تۇراتتى. شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئۈجمە تۈۋىدە ئولتۇرغان مەمەت سېرىققا قاراپ، ئۇنىڭ خۇددى ئەل بولغان ئاقساق-چولاق ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان غالىب گېنېرالدەك خاراب ھالىمىزنى بىزارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى پەملەپ قالدىم ھەم ئۇنىڭ رېھىم تاغارنىڭ ئۆيىگە گۆش يېگىلى ماڭغان چېغىمىزدا يالغۇز قالغان بىچارە تۇرقىنى يادىمغا ئالدىم. بەلكىم ئۇ گۆردەك قاراڭغۇ، كۇھقاپتەك بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئۆيدە، ئۇۋقۇشتەك يالغۇز قېلىپ: «ئىسسىت، باللار بىلەن قوشۇلۇپ ئىچىپلا كەتسەممۇ بوپتىكەن!» دەپ ئويلىغان بولسا. ھازىرقى ئەپتىمىزگە قاراپ كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرمىگىنىگە ئالەمچە خۇش بولۇپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك. مەن ھېزىم پايىنەكنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر تال تاماكا سوراپ چېكىشكە باشلىدىم. پايىنەكنىڭ چېكىدىغىنى سۈپەتسىز، ئەرزان تاماكىمۇ ياكى ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئاغزىم بەتتەم بولۇپ، كۆڭلۈم ئاينىغىلى تۇردى. شۇڭا ئىسنى كۆپرەك ھاۋاغا پۈۋلەپ، باللارنىڭ تۈنۈگۈن قانچە قۇتا «ئويۇنغانلىقىمىز»، كىمنىڭ قانداق مەست بولغانلىقى ھەققىدىكى تۇتۇرۇقسىز گەپلىرىگە ئاندا-مۇندا قوشۇق سالغاچ ئولتۇردۇم. ئۇچى-تۈۋى يوق پاراڭلار يىغىلىپ، ئاخىرى «جۇمۇلە»نىڭ نەزىرىگە بېرىپ تاقالدى. بۇرادەرلەر «ئۈچ نەزىرىنى ئۆتكۈزىمىزمۇ ياكى ئۆتكۈزمەيمىزمۇ؟» دەپ تالاشقىلى تۇردى. ئاخشامقى ھاراقنىڭ كەيپىدە تۈنۈگۈنكى دېگەن گەپلىرىم يادىدىن چىقىپ قالدى بولغاي، دەپ ئويلىدىم ھەم «جۇمۇلە»نىڭ نەزىر ئۆتكۈزمەسلىك ھەققىدە قىلغان ۋەسىيىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتتۈم. شۇنداقلا ئېنىق بولدىكى، بۇ گەپ ھەممەيلەننىڭ يادىدا ئىكەن. شۇغىنىسى ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلى ياكى نېمە ئويلىشى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەي، ئۆز رايى بويىچىلا باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋاكالىتەن قارار چىقىرىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇرادەرلەرگە گېپىم تازا خۇشياقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «جۇمۇلە»دەك تىرىكى ئېتىبارسىز، ئۆلۈكى باشپاناھسىز قالغان ئادەمنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ قىلچە ئويلىنىش قىممىتى يوقتەك قىلاتتى. شۇڭا بۇرادەرلەر مېنى تۇشمۇ تۇشتىن ئەيىبلىشىپ كەتتى.

— تووۋا دەڭلار، ئاداش. سىلىنى خېلى دىتى بار، ئىش ئۇقىدۇ، دەپ يۈرسەك نېمە دېگىنىڭلار بۇ، ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئاز-مۇز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ خامۇشلۇقتا ئېيتقان گېپىنى راست دېگىلى بولامدۇ؟

— شۇنداقتىمۇ ئۇنداق قىلغىلى بولماس، باشقا مەھەللىدىكىلەر بىر قوشنىسىنىڭ نەزىرىنى بېرىپمۇ قويالمىدى دېسە، قايسى يۈزىمىز بىلەن يۈرىمىز، ئەمدى؟

— توغرا دەيسەن، «چۈمۈلە» ئۆلدى، كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر بولغان بىلەن بىزنىڭ يۈزىمىزگە ئۇيات-تە...

— ئۈچ نەزىرنى بەرمىسەكمۇ يەتتىسىنى بولسىمۇ بېرىپ قويمىساق بولماس.

— نەزىر بېرىش هارام! شۇڭا بەرمەيمىز، — مەمەت سېرىق يەرگە چىرتتىدە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ كېسىپ ئېيتتى. ھەممەيلەن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— نېمە دەۋاتىسەن، هوي! كىم ئېيتتى ساڭا نەزىرنى هارام دەپ. تۈزۈك گەپ قىل ئىماندىن ئاجراپ كەتمە يەنە؟

— كىتابتا بار، هارام دېگەندىكىن، هارام...

— قايسى كىتابتا بار؟ ئەقلىدىن راستتىنلا ئاداشتىمۇ ماۋۇ ئاداش...

— قالايمىقان كىتابلارنى ئوقۇۋېرىپ ئەقلىڭدىن كېتىپسەن جۇمۇ؟

— ئاداش، ماۋۇ گەپنى ئىككىنچى بىر يەردە قىلىپ سالماڭلا-ھە!

— كىتاب ئوقۇڭلار دېسە ئۇنىمايسىلەر، هازىرقى نۇرغۇن ئىشلىرىمىز هارام. ھەممىسى كىتابتا بار...

— كىتاب دېگەننىمۇ ئادەم يازىدۇ، تاھارەتسىز ئورنىدىن قوپۇپلا، ئۇيقۇچىلىقتا بىرەرسىنىڭ يېزىپ قويغان كىتابىدا بولسىمۇ باردۇر. ئۆتكەندە بىر ياش قارىمچاق شۇنداق دەپ چوڭ موللاملاردىن دەشنام يېگەنتى.

— ئىشەنمىسەڭلار مەيلى، ئىشقىلىپ مەن قوشۇلمايمەن.

— ئۆزۈڭ كۈنبويى مەينەتچىلىك ئارىسىدا ئوڭدا ياتىسەن، يەنە ئۇنى-بۇنى هارام دەپ پەتىۋا تاپىسەن!

— مەن پەتىۋا تاپمىدىم، كىتابتا بارنى دەۋاتىمەن.

— بىزنىڭ كىتاب-پىتاب بىلەن كارىمىز يوق! ئىشقىلىپ ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغىنىنى قىلىمىز. بەك بولسا، سەن ئۆلگەندە نەزىر بەرمەسمىز شۇ.

— تولا ئۆلۈمۈمنى تىلىمە، مەن ئۇنداق ئاسان ئۆلمەيمەن. ئۆلسەممۇ نەچچە «پايپاق»نى يىرتىپ ئاندىن ئۆلىمەن.

— مەن يولىدا گەپ قىلىۋاتىمەن. تولا ئۇنداق تىل سالما! سارىڭ قېتىش...

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە! هېلى ئىچ-قارنىڭنى پايپاق ئۆرىگەندەك ئۆرۈۋەتمەي يانا...

ئەركىن پايپاقنىڭ بوي بەرگۈسى كەلمىسىمۇ، مەمەت سېرىقنىڭ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باياتىن بېرى بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىگەن ئابدۇقادىرنىڭ پوسۇڭىدە چىقىرىپ قويغان گېپى گەپنى باشقا ياققا ئېلىپ كەتتى.

— هېي باللار، بىر تىيىننىڭ تايىنى يوق «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ» يەيدىكەنسىلەر. «نەزىر ئۆتكۈزىمىزمۇ-يوق؟» دېگەننى تالاشماي، ئاۋۋال، نەدىكى پۇلغا نەزىر ئۆتكۈزىمىز، دېگەننى بىر ئويلاپ باقمامسىلەر؟ بىكارغا نەزىر ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، پۇل كېتىدۇ، پۇل! قېنى كىم چىقىرىدۇ نەزىرنىڭ پۇلىنى؟

— قانچە پۇل كېتەر؟

— مەن هېسابلاپ چىقتىم. ئاز دېگەندە ئىككى مىڭ كوي، كۆپ دېگەندە تۆت مىڭ!

پۇلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ بېشى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ «چۈمۈلە» ئۈچۈن ئىككى مىڭ سومنى چىقىرالايدىغانلار ئارىمىزدا يوق. ھەممىمىزنىڭ هالى ئۆزىمىزگە ئايان، سېرىقتال كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىمىز-دە.

— پاھ، ماۋۇ باللارنىڭ غەم يەپ كەتكىنىنى، «چۈمۈلە»نىڭ نەزىرنى قىلىش ئاسان دەيمەن. ئۆزۈملا بېرىۋېتىمەن بىكار.

ھەممەيلەن بىر باشپاناھ چىققاندەك ئەلى هېسامنىڭ ئاغزىغا قارىدۇق.

— دۇكاندىن بىر بولاق شېكەر ئالىمىز، ئاندىن مەھەللىدىكى چۈمۈلىلەرگە: «قېرىندىشىڭ چۈمۈلىنىڭ نەزىرى» دەپ چاچىمىز. ئېشىپ قالسا باشقا مەھەللىدىكى چۈمۈلىلەرگە چېچىۋەتسەكمۇ بولىدۇ.

ئەسلىدە ھەممەيلەن ئەلى هېسامنى «بىرەر ئامال تاپقان بولسا كېرەك» دەپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي قىلغان بۇ چاقچىقى هېچكىمنى كۈلدۈرەلمىدى.

— ئاھاي، قويۇڭلار، ئاداش! مەن تېخى راستىنلا ئامال تاپقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

— نەزىر بەرگۈدەك چۈمۈلىلەر قالمىدى، ھەممىنى رىھىم تاغار يەپ بوپتۇ.

قېيۇم توڭگۇزنىڭ قەي بولۇشقا ئاران تۇرۇپ، قىينىلىپ ئۇزۇپ-ئۇزۇپ ئېيتقان سۆزىنى رىھىم تاغارنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان ئاۋازى بېسىۋەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇرادەر ئەزىزلەر، شاش ئوخشىماسلەر، ئەتىگەندە مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىشىپ قاپسىلەرغۇ؟

رىھىم تاغارنى كۆرۈپ ھەممەيلەن دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ھەممەيلەننىڭ ھىجراپ ئۇنىڭغا خۇشامەت بىلەن بېقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم. ئاخشامقى مېھماندارچىلىقنىڭ يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، رىھىم تاغار ماڭا بۇرادەرلەرنىڭ ئالدىدا باشقىچە ھۆرمەتلىك بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئادىتى بىلەن ھەممەيلەننىڭ قولىنى بىر باشتىن چىڭ سىقىپ كۆرۈشۈپ چىقتى.

— سىزنىڭ ئەمەس، مەينىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىمىز. ئۇبدان مەيكەنتۇق.

— مەيمىغۇ ئېسىل مەيتى. ئەمما ئەڭ ئېسىلى سىلەردەك ئاغىنىلەر دەڭلار، ئېسىل ئاغىنىلەر بىلەن ئىچكەن مەي ياغدەك سىڭىدىكەن، مەنغۇ بىرەر نەرسە ئىچكەندەك بولماپتىمەن... ئاخشام قالايمىغان سۆزلەپ سورۇننى بۇزۇپ قويمىغاندىمەن-ھە؟!

— ۋاي نەدىكىنى، شۇنداق ئېسىل ئولتۇرۇپ بەردىڭىز.

مەن رىھىم تاغارنىڭ چىرايىغا قارىدىم. دېمىسىمۇ بۇ ئوغرى ئاخشام تويغىچە ھاراق ئىچكەندەك ئەمەس، يۈزلىرى يەنە كىچىك بالىنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. كىيىمىمۇ يەنە بۇرۇنقىدەك رەتلىك، چاچلىرىنىمۇ مايلاپ ئارقىغا تارىۋاپتۇ. تۇرۇپ، ئاخشام ئۇنىڭ چۈمۈلە تۇتۇپ يېگەنلىكى ھەققىدە دەپ سالغان گەپلىرى يادىمغا يەتتى. بەلكىم چۈمۈلە تۇتۇپ يەپ يۈرۈپ، ھاراققا بوزەك بولمىغان بولسا كېرەك، دېگەن خىيال لەپپىدە كاللامدىن ئۆتتى. ئەتىگەندە نەچچە كاللەك چۈمۈلىنىڭ بېشىغا چىققاندۇ؟ دېگەننى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ھەسەل قويۇلغان لېگەننىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ قېلىپ، جان تالىشىپ تۇرغان چۈمۈلىلەرنى ئاغزىغا سېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدىن لاپ قىلىپ ئۆتۈپ تېنىم شۈركۈندى ھەم كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئوقۇغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»دىكى ھەممە نېمىنى دەم تارتىدىغان دىۋىنى يادىمغا ئالدىم. رىھىم تاغار خۇددى مېنىڭ شۇ تاپتا نېمە ئويلاۋاتقانلىرىمنى بىلىۋالغاندەك، ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئېيتتى.

— ئېسىل دېسە، مانا سەمەتجاننى دېسە بولغىدەك. ئاخشامۇ مانا شۇنداق ئولتۇرغان، ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟ يا ھەزرەت، ئۆزۈمنى خېلى ھاراق كۆتۈرەلەيمەن دەپ يۈرەتتىم، سەمەتجانغا قول قويدۇم. ئارىمىزدا ئاخشام مەست بولمىغان، يىقىلمىغان مۇشۇ بىرلا سەمەتجان بولدى.

رىھىم تاغارنىڭ گېپىنى باشقىلارمۇ تەستىقلاشتى. شۇ تاپتا پۇت-قولۇم تىترەپ ئاران تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، نېمە ئۈچۈندۇر رىھىم تاغارنىڭ گېپى قۇلىقىمغا خېلى يېقىپ قالدى. نېمىلا دېگەنبىلەن «ئىچەلمىدى»، «كۆتۈرەلمىدى» دېگەندىن ياخشى-دە! ئىككى بوتۇلكا ھاراققا تىك تۇرالمىغان ئوغۇل بالىنى قانداقمۇ ئەركەك دېگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشام راۋۇرۇس ئولتۇرغىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. ھاراققا كېتىدىغان دەسمايە بوي-بەست ئەمەس، بەلكى توق قورساق بىلەن چىدام-غەيرەتتە ئىدى. مەن بۇ خىل چىدام-غەيرەتنى نەۋرە ئاكامدىن ئۆگەنگەن ئىدىم. ئۇ ھەرقانداق بىر سورۇندا قانداقلا ھاراق ئىچمىسۇن پەقەت مەست بولمايتتى. ئەقلى-ھوشى بىلەن ئېدىتلىق ئولتۇراتتى: «ھاراق ئىچىشمۇ بىر خىل ھۈنەر،— دېگەنتى نەۋرە ئاكام بىر كۈنى ماڭا،— ئەمەلىيەتتە ھاراق ھەممە ئادەمنى ئوخشاش مەست قىلىدۇ. گەپ سېنىڭ قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىشىڭدە، چىداپ تۇرۇپ ئىچىشىڭ، سەگەك ئولتۇرۇشۇڭ، باشقىلارنىڭ مەستلىكىڭدىن پايدىلىنىپ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭنى تۇتۇۋېلىشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. سورۇننى كۆزىتىپ، كىم دۈشمەن، كىم دوست، كىم نېمە پىلان سوقۇۋاتىدۇ، نىيىتى قانداق دېگەنلەرنى بايقاپ ئولتۇرۇشۇڭ دۇرۇس. ئوغۇل بالىغا

كۆپ سۆز ياراشمايدۇ. بولۇپمۇ هاراق ئىچكەندە هېسسىياتقا بېرىلىپ، تولا سۆزلەپ قويساڭ دۈشمىنىڭ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭنى ئاسان تۇتۇۋالىدۇ. شۇڭا سەن ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىشىڭ كېرەك. ئەگەر بىرەرسىنى مەست ۋاقتىدا كونترول قىلىۋالساڭ ئۇنى ساق ۋاقتىدىمۇ گېپىڭگە كىرگۈزەلەيسەن. بەزى چاغلاردا يالغاندىن مەست بولغان قىياپەتكە كىرىۋالساڭمۇ بولىدۇ.» نەۋرە ئاكامنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئاخشام رېھىم تاغارنى كونترول قىلالىغاندىمەنمۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئويلاپ قالدىم. تاغارغۇ ئاخشام مەست بولۇپ كەتكەندەك قىلغان، ئەمما كىم بىلىدۇ يالغاندىن مەست بولۇۋالدىمۇ تېخى؟ مەن تاغارنىڭ قىپقىزىل يۈزلىرى بىلەن دائىم شارەكتەك يۇگۇرۇپ، جىم تۇرمايدىغان دۈگىلەك كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنى مەڭگۈ باشقۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تۇيۇقسىز هېس قىلىپ قالدىم. چۈنكى رېھىم تاغارنىڭ مەست ۋاقتىدىمۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ناهايىتى ئېدىتلىق ۋە پىلانلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغان ئىدىم. «بۇ دەيۈزنىڭ راستىنلا بىزنىڭ مەهەللىلىك بولۇشقا كۆزى يېتىپ، بىز بىلەن ئاغىنە بولۇشقا رايى كېلىپ قالغانمىدۇ ياكى باشقا چوڭراق پىلانى بارمىدۇ؟» مەن رېھىم تاغارنىڭ قانداق نىيەتتە ئاخشام شۇنچە هەرەج تارتىپ بىزنى مېهمان قىلماقچى بولغانلىقىنى شۇنچە ئويلاپمۇ تاپالمىدىم. يائاللا، ئۇنداقمۇ گۇمانخور بولۇپ كەتمەي، ئۇمۇ ئىنسان بولغاندىكىن مۇهەببەت، هېسسىيات دېگەن نېمىلەر باردۇر؟ نېمىلا دېگەنبىلەن ئويدان مېهمان قىلدى بولمىسا. تۆت ـ بەش يۈز كوينىڭ بېشىغا سۇ قويدى بولغاي...

— رېهىمجان، ئەمدى نەق گەپكە كېلەيلى! «چۈمۈلە»نىڭ نەزىرىنى ئۆتكۈزىمىزمۇ ياكى ئۆتكۈزمەيمىزمۇ؟ تېخى بىر قارارغا كېلەلمىدۇق. سەمەتجان ئېيتىدۇ: «ئۆتكۈزمەيمىز» دەپ، «چۈمۈلە»مۇ ئۆزى شۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپتىكەن. بىز دەيمىز: «ئۆتكۈزمىسەك سەت تۇرار!» دەپ، ئۆزلىرى بىر دانا مەسلىهەت بەرمەملا!

رېهىم تاغار دەرهال بىر نەرسە دېمىدى. خۇددى بىرەر مەسىلىنى هەل قىلالماي ئوقۇتقۇچىسىدىن يول كۆرسىتىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىدەك ئاغزىغا قاراپ تۇرغان بۇرادەرلەرگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— سەمەتجانىنىڭمۇ دېگىنىنىڭ ئاساسى بار. «چۈمۈلە» سەمەتجانغا شۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزۈشى ئەلۋەتتە دۇرۇس. بۇ ئىشتا سەمەتجانىنى خىجىل قىلمىساق بولغۇدەك. سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلارنىڭمۇ يولى بار، مۇسۇلمان تۇرۇپ نەزىر ئۆتكۈزمىسە گۇناهى بىزگە بولۇپ قالارمۇ؟ بۇ ئىش ئەجەب ئاچىماق تۇرىدۇ. ئوبدان ئويلاپ كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئامال تاپساق بولغۇدەك.

رېهىم تاغار گېپىنى يۇتۇپ، قورسىقىنى سىلاپ جىمىپ قالدى. هەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن گېپىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى بىلگەچكە «يەنە نېمە دەر؟» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتۇق. كاللامغا بىردىنلا: قاچاندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالغاندىمىز؟ دېگەن خىيال كېلىپ، قورسىقىم كۆپۈپ، نېرىغا كەتتىم.

— مۇنداق قىلايلى بولمىسا، بۇ ئىشتا سەمەتجانىنى خىجىل قىلمايلى. نېمىشقا دېگەندە «چۈمۈلە»نىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاپ نەزىر ئۆتكۈزمىسەك، ئاقىۋەت بۇرادىرىمىز ئەل ـ جامائەتكە يامان بولۇپ «نەزىرىنى سەمەتجان ئۆتكۈزمىدى» دېگەن ئاتاققا قالىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرىپ، نەزىرنى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلسا، ئۇ دۇنيادا هېسابىنى «چۈمۈلە» بىزدىن ئەمەس سەمەتجاندىن ئالىدۇ. شۇڭا سەمەتجان بۇ ئىشتا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرسۇن. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى ئىمىن هاجىمغىلا قويۇپ بەرمەيلىمۇ؟ «چۈمۈلە» هە نېمە قىلسا ئۇ ئادەمگە بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.

رېهىم تاغارنىڭ سۆزى بىلەن هەممەيلەننىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. مەستچىلىكتە ئىمىن هاجىمنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشقانلىرىنى ئېسىگە ئېلىشتى. «توۋا، بىر ئوبدان ئادەم يېنىمىزدا تۇرسا، تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرۈشۈپتۇق» دېيىشتى. هەم رېهىم تاغارنىڭ هاراق ئىچسىمۇ ئەقلىدىن كەتمىگەنلىكىگە، بۇ ئەقلنى كۆرسەتكەنلىكىگە قايىل بولۇشۇپ ئىمىن هاجىمنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇشۇپ، سالپاڭ ـ

سۇلپاڭ هالدا ئورنىدىن تۇرۇشتى. مەن ئەتىگەندىلا ئىمىن ھاجىمنى يادىمغا ئالغان بولسامۇ، بىراق «چۇمۇلە»نىڭ ۋەسىيىتىگە ئالدىراپ ۋەدە بېرىپ قويغىنىمنى ئويلاپ قالغانىدىم. ئىمىن ھاجىمنىڭ بىزگە نېمە دەيدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن دېگەندەك ئىشلارغا ھەتتا نامىزىنى قۇربان قىلىپمۇ جان دىلى بىلەن قاتنىشىپ، تونۇمىغان ئادەملەرنىڭمۇ نەزىرىگىمۇ بېرىپ كېلىدىغان، «نامازنى تولۇقلاپ ئوقۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا، نەزىرگە ۋە تويغا قاتناشمىسا بولمايدىغانلىقىغا» ئىشىنىدىغان ھاجىمنىڭ نەزىر ئۆتكۈزۈش تەرەپدارى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. رېھىم تاغارنىڭ بۇ «كاۋاپمۇ، زىخمۇ» كۆيمەيدىغان پەمنى ئويلاپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن؟ قارىغاندا بۇ تاغارنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك.

— ماڭىسلا! — دېدى رېھىم تاغار مېنىڭ تېڭىرقاپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، قولۇمدىن تارتىپ، — سىلى ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىمىسلا ئىشلارنى يۇرۇشتۇرەلمەيمىز.

مەممەت سېرىق بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يەنە «نەزىر ئۆتكۈزۈش ھارام، مەن قوشۇلمايمەن» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەمما ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. لېكىن ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ ئابدۇقادىرنىڭ گېپى بىلەن ھەممىمىز توختاپ قالدۇق.

— ھېي باللار... توختاڭلار دەيمەن. ھاجىمكامنىمۇ تاپارسىلەر، نەزىرنى زادى نېمىگە ئۆتكۈزىسىلەر؟ «پاختەكمۇ بىكارغا ئوسۇرمايدۇ» نەزىر دېگەن ناماز چۈشۈرگەندەك ئاددىي ئىش بولمىسا-يا؟!

ھەممەيلەن يەنە بىر رەت «قانداق قىلارمىز» دېگەندەك قىلىپ، بىر-بىرسىگە قاراشتى.

— قانچە كەتكۈدەك؟ — دېدى رېھىم تاغار بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، باشقىلاردىن ئىن-جا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ.

— ئىككى، ئۈچ مىڭچە كېتەرمىكىن، چوڭراق قىلساق ئۇنىڭدىنمۇ جىق كېتىدۇ.

— پۇلدىن غەم قىلمايلى، ئاۋال ھاجىمنى تاپايلى، بەك بولمىسا مەندە بار. يا مەن چىقىرىپ تۇرارمەن. قوشنام بولغاندىكىن...

ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى.

— ئەكېلىڭە قولىڭىزنى، ئوغۇلبالا!...

ئابدۇقادىر سەكرەپ تۇرۇپ رېھىم تاغارنىڭ قولىنى تۇتتى.

— يېقىندىن بۇيان كۆزۈمگە بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپ بارىسىز جۇمۇ، ئەكېلىڭە مەنمۇ بىر تۇتاي! تال باراڭدەك كۆكلەپ، قىرچىنتالدەك ئۆرۈقلاپ كېتىڭ!

ئەركىن ھېسامنىڭ چاقچاق ئارىلاش ماختىشىدىن كېيىن ھەممىمىز بىر-بىرلەپ رېھىم تاغارنىڭ قولىنى سىقتۇق. مەنمۇ رېھىم تاغارنىڭ مۇزدەك سوغۇق، پاختىدەك يۇمشاق قوللىرىنى تۇتقىنىمدا، ئۇنىڭ قولىنىڭ بەدىنىگە قارىغاندا تولىمۇ كىچىك ھەم ئاجىز ئىكەنلىكىنى سەزدىم. شۇنداقتىمۇ قايىللىقىمنى بىلدۈرۈپ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدۇم. شۇ تاپتا نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئۆچمەنلىكىم پۇرىدە توزۇپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى ئۇ ھالقىلىق مەزگىلدە مەھەللىدىكىلەرنىڭ غېمىنى يېگەن ئىدى. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۈچ-تۆت مىڭ تەڭگە چىقىرىپ، ياتباش بىرسىنىڭ نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دېيىش خېلى ئەركەك تۆكى بار ئوغۇل بالىنىڭ قولىدىن كېلەتتى. «قولى سوغۇق، ئاجىز بولغان بىلەن قەلبى ئىسسىق، مەرد نېمە ئوخشايدۇ. قارىغاندا ئۇنى خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىمەن...»

ئىمىن ھاجىم يېرىم يولدىلا ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە بىزنى ئىزدەپ ماڭغانمۇ ياكى مەسچىتكە ماڭغانمۇ بۇنى بىلمىدۇق. ئەپتىمىزگە چىقىپ، پۈتۈن بەدىنىمىزگە سىڭىپ كەتكەن ھاراقنىڭ بۇسى ئۇنىڭمۇ بۇرنىغا ئۇرۇلغان بولسا كېرەك، ھاجىمنىڭ خۇشخۇي چىرايى بىز بىلەن كۆرۈشكەندە پۈرۈشۈپ، رەسمىيەت يۈزىسىدىن تېز-تېز كۆرۈشۈپلا چىقتى. مەن پۇراپ كەتمىسۇن، دەپ بېشىمنى بىر ياققا بۇراپ، داجىپراق كۆرۈشتۇم. ھەم شۇ تاپتا تۇيۇقسىز يېشىلمىگەن چالا كەيپچىلىكتە ھاجىم بىلەن كۆرۈشمىز، دەپ گالدا-گۇلدۇڭچىلىقتا مېڭىپ قويغانلىقىمىزنى سېزىپ، قورۇنۇپ قالدىم. دېمىسىمۇ «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيتۇ» دېگەندەك، ھاجىم بىلەن كەيپ يېشىلىپ، بۇس تارقالغاندا كۆرۈشسەك بولاتتى ئەمەسمۇ؟

بىردىنلا ئاتام باققان ھېلىقى كۆل رەڭ سالپاڭ قۇلاق ئىت يادىمغا يەتتى. قولىقى دائىم بىر پارچە جانسىز لاتىدەك سالپىيىپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئىتنى گەرچە بەك ياخشى ئىت دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئاشۇ جىنىدا ئۆلۈكنى بىزگە كۆرسەتمىگەن ئىدى. ئەسلى ئۇ ئىت بىر ياخشى ئىت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇغىنىسى باغلاقتا تۇرۇۋېرىپ، بىكار ئاش-تاماق يەپ، ھېرىپ ھۇرۇنلىشىپ كەتتىمۇ، ياكى مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم تونۇش، دوست بولۇپ كەتتىمۇ، ۋە ياكى بويىنىدا زەنجىر بولغاندىن ملىڭ كاڭشىسىمۇ ئېتىلىپ بېرىپ بىرەر ئادەمنى چىشلىيەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئاخىرى تونۇپ يەتتىمۇ ئىشقىلىپ، ئاتام ئۆلۈشتىن نەچچە يىل ئاۋال زۇۋاندىن قالدى. ئەسلىدىنلا قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئىت ئاتامنىڭ كېتىشى بىلەن تېخىمۇ قېرىپ ئۈزۈلۈشتىن قالغان ئىدى. ئۇنىڭغا بىرەر ھەپتە ھېچنېمە يېگۈزەلمەي ئاخىرى بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالغان ئىتنى مەن مۇشۇ ھاجىمنىڭ گېپى بىلەن زەنجىردىن بوشاتقان ئىدىم. شۇ كۈنى بىچارە ئىتنىڭ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن تېنىنى ناھايىتى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ قوپۇپ، مۇدۇرۇپ-چايقىلىپ، يانچە بولۇپ، يىقىلىپ قوپۇپ مەن ئېچىپ بەرگەن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى شۇنداق ئېنىق يادىمدا ئىدى. مەن: شۇ تۇرقىدىن قارىغاندا يىراققا كېتەلمەيدۇ. مەھەللىدىن چىقىپ بولغىچە جېنى چىقىپ كېتىدۇ. دەپ ئويلىغان، شۇڭا دەماللىققا ئىزدەپمۇ كەتمىگەن ئىدىم. كېيىن ئۇنىڭ تېپىنى مەھەللىدە كۆرمىگەندىن كېيىن، خېلى بىر يەرلەرگىچە ئىزدەپ باققان بولسامىمۇ، پەقەتلا تاپالمىدىم. شۇ چاغدا مەن ئىزچىل ياراتماي كەلگەن ئۇ ئىتنى بىر ياخشى ئىت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىكەنتۇق، دەپ ئويلاپ قالغاندىم. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئىت ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ياخشى ئىت سىياقىدا ئۆلۈشنى ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئەمما بىز ئىت بولمىغاندىكىن ھاجىم بىلەن بۇ تۇرقتا كۆرۈشمىسەك بوپتىكەن. قارىغاندا ئادەم بەزى چاغدا ئاشۇ سالپاڭ قۇلاق ئىتچىلىكمۇ بولالمايدىكەن. ھاجىمنىڭ گېپى بويىچە «ھاراق دېگەن ئېشەكنىڭ سۈيدۈكى»نى ئىچكەندە بەلكىم ئىتچىلىكمۇ بولالمايدىغان ئوخشايمىز.

ھاجىم ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ گېپىنى تاپالمىدىمۇ ياكى يۈزىمىزنى ئاياپ گەپ قىلمىدىمۇ جىمىپ قالدى. بۇ چال ئەمدى ئاغزىنى ئېچىپ بىزنى تىللاپ سالىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ تۇرغاندا رېھىم تاغار ئىشنى ئوڭشىدى.

— ھاجىمكا، شۇ تاپتا مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۆزلىرىنىڭ دانا يوليورۇقلىرىنى ئاڭلىغىلى ماڭغاندۇق. ئەجەبمۇ ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق، دېسە...

— بەلەن ئىش بوپتىكەن، لېكىن تازا ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ قالمىغان ئوخشايمىزمۇ، نېمە؟

ھاجىم شۇنداق دەپ ھەممىمىزگە سۇئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ئەسلىدە ھاراق ئىچكەنلىكىمىزنى ھاجىم بىلىپمۇ قالماس، دەپ ئويلىغانلار ھاجىمنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرىدىن قورۇنۇپ، بېشىمىز قايتىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— يوقسۇ ھاجىمكا، «خۇدادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ» دەپتىكەن. ئەتىگەندە مۇبارەك جامالىرىنى تاۋاپ قىلىپ، قوللىرىنى تۇتۇۋېلىش بىزگە نېسىپ بولغان چېغى... ئەمما-زە، بىر ساۋابلىق ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋېتىپ مۇشۇ كالتە ئەقلىمىز يەتمەي قالدى. شۇڭا ئۆزلىرىنى يات ئېتىپ ماڭغان...

مەن شۇ چاغدا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا رېھىم تاغارغا قارىدىم. ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ، سالاپىتىنى يوقاتماي، ئۆزىنى ئېلىپمۇ قاچماي، يېقىن ھالەتتە ھاجىمغا تىك قاراپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ھاراق ئىچكەنلىكنى ھاجىم بىلىپ قالسىمۇ ھېچ ئىش بولمايدىغاندەك، ھاجىمنىڭ تىل سېلىشىدىن، ھەتتا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېتىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەيدىغاندەك قىلاتتى. قىزىق يېرى ھاجىممۇ خۇددى ئارىمىزدا رېھىم تاغارلا ھاراق ئىچمىگەندەك ئۇنىڭغا باشقىچە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئېغىز ئاچتى. ياكى رېھىم تاغارنىڭ تۇرقىدىن ھاجىم ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلمەي قالغاندۇ ۋە ياكى ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ دېگەندەك رېھىم تاغارنىڭ تاتلىق سۆزلىرى ھاجىمغا يېقىپ قالغاندۇ.

— ھە رېھىمجان ئۇكام، قېنى دېگىنە؟ ئارىسىدا

سەنلا ساقتەك قىلسەن بەچچىغەرلەرنىڭ.

راستنى ئېيتقاندا مەن «بەچچىغەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتىم. ئىسمەن ھاجىم كىچىككىمىزدىنلا باشلاپلا بىزنى شۇنداق تىللاپ كۆنۈپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە بۇ سۆز بىز ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلاردا دېيىلىدىغان گەپ بولغاچقا ياخشى گەپ ئەمەس ئىدى. ئەمما بىز بۇ گەپنى تولا ئاڭلاۋېرىپ تىللىغاندەك تۇيۇلمايدىغان، خۇددى بىر ئانا بالىسىنى «سەت قوزام» دەپ سۆيۈپ قويغاندەك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما بۈگۈن ھاجىمنىڭ بۇنداق دېيىشى نېمىشقىدۇر ماڭا باشقىچە ئاڭلاندى. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزنى رىھىم تاغار بىلەن بىزنى سېلىشتۇرۇپ دەۋاتاتتى. قارىغاندا رىھىم تاغار بەچچىغەر ئەمەس ئىكەن. ئەجەبا ھاجىم رىھىم تاغارنىڭمۇ ھاراق ئىچكەنلىكىنى سەزمىگەندىمۇ؟ ئەگەر رىھىم تاغارنىڭ ساقىي بولۇپ بىزگە ھاراقنى زورلاپ قۇيغانلىقىنى بىلسە، يەنە ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلارمىدى؟ دېگەننى ئويلاپ، «چۈمۈلە»نىڭ ئۆلۈمىدە ھاجىمنىڭ ھەممىمىزگە ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئىشقا بۇيرۇپ قاملاشتۇرۇپ قىلالمىساق چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما بىر ياقتا ئىشتاننى قىرلاپ، قولنى ئارقىغا تۇتۇپ تۇرۇپ كەتكەن رىھىم تاغارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمىغانلىقىنى ئەسلىدىم. مەن شۇ چاغدا، تېخى ھاجىمنى رىھىم تاغارغا ئۆچ بولسا، ئۇنى ئىشقا ئارىلاشتۇرمىغان بولسا كېرەك؟ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما بۈگۈنكى ھالەتتىن تۇيۇقسىز ھاجىمنىڭمۇ رىھىم تاغارنى چوڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. شۇغىنىسى مەسچىتكىمۇ تۈزۈك چىقمايدىغان، كۈن كەچكىچە ئۇخلاپ، مەھەللىگىمۇ تۈزۈك بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىگەن، ئەدناسى بىرەر مۇشتىنىمۇ ئۈگشاپ ئاتالمايدىغان رىھىم تاغارنى ھاجىمنىڭ نېمىشقا بۇنچە چوڭ بىلىپ قالغانلىقىغا زادىلا ئەقلىم يەتمىدى.

— ھە ئېيتقىنا، نېمە ئىشتى بالام...؟

— شۇ ھېكماخۇننىڭ ئىشى. نەزىرنى ئۆتكۈزىمىزمۇ، ئۆتكۈزمەيمىز، قانچە قېتىم ئۆتكۈزىمىز، دەپ...

— بەللى! مەنمۇ دەل مۇشۇ ئىش بىلەن ماڭغان. «ئۆتكۈزمەيمىز» دېگەن قانداق گەپ؟ ئۆتكۈزىمىز-دە...

— ئەمما ھېكماخۇننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا سەمەتجانغا نەزىر ئۆتكۈزمەسلىك ھەققىدە قىلغان ۋەسىيىتى باركەن. چاتاق يېرى سەمەتجاندىن ۋەدە ئېلىۋاپتىكەن دېسىلە.

— ۋەسىيەت دېگەن ۋەسىيەت، قائىدە دېگەن قائىدە. ھەممە ئادەم ۋەسىيەت قىلدىم، دەپ قائىدە-يوسۇننى ئۇنۇتسا ئىشلار قالايمىقان بولمامدۇ؟ ئىشلار ۋەسىيەت بىلەن ئەمەس، ئەھكاملىرىمىز بىلەن ماڭىدۇ. ھېكماخۇن كەتتى، ئۇنىڭ ئىشى تۈگىدى. نەزىر ئۆتكۈزمەسلىك ياكى ئۆتكۈزۈش بىزنىڭ ئىشىمىز. رەھمەتلىكنىڭ روھىغا ئاتاپ بەرگەن دۇئالىرىمىز، نەزىرلىرىمىز ئۇنىڭ گۇناھىنى يېنىكلىتىدۇ، ھېچ زەرەرى يوق!— ھاجىم شۇنداق دەۋېتىپ ماڭا قارىدى،— سەمەتجان قورقمىسىمۇ بولىدۇ، خاتا بېرىلگەن ۋەدىدىن يېنىۋالسا ئاللاھ ئەگەم كەچۈرۈۋېتىدۇ.

ھاجىمنىڭ گېپى بىلەن كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ قالدى. مەن ئىزچىل ھالدا: ۋەدەمدە تۇرالمسام، ئۇ دۇنيادا «چۈمۈلە» گېلىمنى سىقارمىكىن؟ دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم. دېمىسىمۇ نېمىشقا ئۇ دۇنيادا يالغۇز «چۈمۈلە»نىڭلا دېگىنىنىڭ ھېساب بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، ئىگىسىنىڭ ئىشلارنى ئۆز تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ ئەمدى ياخشى بولدى، يەلكەمدىكى بىر يۈكتىن ئازاد بولدۇم.

— ئەمما-زە، نەزىر ئۆتكۈزۈشكىمۇ خېلى چىقىم كېتىدۇ. بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆتكۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلساق بولاتتى.

ھاجىمنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— غەم يېمىسلە ھاجىمكا، بۇ ئىشلارنى رىھىمجان ھەل قىلىدىغان بولدى.

ئابدۇقادىرنىڭ گېپى بىلەن ھاجىمنىڭ يۈزىگە قايتىدىن كۈلكە ياماشتى.

— راستمۇ؟

— بۇ قانچىلىك ئىشتى دەيلا، ھاجىمكا. پۇلنىڭ ئىشىدىن غەم يېمەيلى، قالغان ئىشلارنى مەھەللىدىكىلەر بولغاندىكىن ھە-ھۇ دەپ بىر تەرەپ قىلىمىز، ئۆزلىرى بېشىدا تۇرۇپ بەرسىلىلا بولىدۇ.

— بەللى، بەللى، تۇرۇپ بەرمەمدىغان بالام،

تۇرۇپ بېرىمىز. بېشىمدىكى بىر غەمنى خالاس قىلدىڭ. خىزىردەك بالا بوپسەن، مانا... مەھەللىگە ئايغىڭ ياراشقىلى تۇردى. بىلىپ-بىلمەسمەم نەزىرنىڭ ئىشىنى سەن ئوتتۇرىغا چىقاردىڭ، ھەقاچان...

— يوقسۇ، ھاجىكا! دۇقمۇشقا چىقسام، بۇرادەرلەر شۇ ئىشقا كاللا قاتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئىزدەپ مېڭىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتىكەن. يېرىم يولدا قوشۇلۇپ قالدىم.

— ھەي، بۇ بەچچىغەرلەرنىڭ گېپىنى قىلما... ھەرھالدا شۇنچىلىك ئويلاپتۇ-دە. بىر ئىشنى بەلەن قىلدۇ-يۇ، يەنە كەينىگە سىيىپ، بۇلغايدۇ. بۇلار بويىنى سۇغا سېلىپ، مەيىنتىنى تازىلاپ تۇرسۇن، قالغان ئىشلارنى ئىككىمىز بىر مەسلىھەتلىشەيلى! جۆر بىزنىڭ ئۆيگە...

ھاجىم شۇنداق دەپ رىبھىم تاغارنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭدى. رىبھىم تاغار بىزگە سەل تارتىنىشقاندەك قىلدى-يۇ، «مەن بىردەمدە كېلىمەن» دەپ ئىشارەت قىلىپ، مېڭىپ كەتتى. بىزمۇ ئارقىمىزغا قايتتۇق. مەن كېتىۋېتىپ، گالدا-گۇلدۇڭ كېتىۋاتقان مەھەللىداشلىرىمغا قاراپ، تۇيۇقسىز ھاجىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى تاشلىنىپ قالغان بىر دۆۋە ئەخلەتتەك ھېس قىلىپ قالدىم ھەم ھېلىقى ئىت يادىمغا يەتتى. ئىتنىڭ شۇ چاغدىكى مېنىڭ ھويلامدىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىچارە ۋە ئاۋارە تۇرقى بىزنىڭ ھازىرقى ئەپتىمىزگە تولىمۇ ئوخشايتتى.

## 2

«چۈمۈلە»نىڭ نەزىرىگە تاكى پېشىمغىچە مەھەللىدىكى تونۇشلاردىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى. ئىمىن ھاجىمنىڭ ئاتايىتەن قوشنا مەھەللىدىكى مەسچىت قوۋمىنى ئېيتىپ قويۇپ كەلگىنىمۇ بىكارغا كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسمىنى ئاڭلاشتىن تۇگۇل، ئۆزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇنداق ياتباش، يوچۇن ئادەمنىڭ نەزىرىگە ئاتايىتەن مەھەللە ئاتلاپ بېرىشنى ئاۋارىچىلىك كۆرسىمۇ، ئىمىن ھاجىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ماقاي دەپ تۇرغىنىدا، بۇرۇن مەسچىتلەردە پەقەتلا ئۇچراتمىغان ناتونۇش بىر توي ئىگىسى كېلىپ، جامائەتنى تويىغا قاتنىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزلىرى ئەكەلگەن كىچىك ماشىنىغا ۋە ئاپتوبۇسقا تەكلىپ قىپتۇ. جامائەت ھېچ ئىككىلەنمەي ماشىنىغا چىقىپ تويغا مېڭىشىپتۇ. مېڭىش ئالدىدا كىچىك قارا ماشىنىغا چىقىۋاتقان ئىمىن ھاجىمنىڭ يېقىنى ھېسابلىنىدىغان يۈز-ئابرۇيلۇق كىشى كېرەم قارىيھاجىم ئۇنىڭغا «تويغا بېرىۋېتىپلا جامائەتنى باشلاپ بارىدىغانلىقى» ھەققىدە ۋەدە بېرىپ كېتىپ قاپتۇ. ھاجىم نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە ماشىنا ۋە ئاپتوبۇس جامائەتنى ئېلىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ھاجىم ماشىنىدىن چىققان چاڭ-توزاننىڭ ئارىسىدا ھاڭ ۋاققىنىچە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ، ئاشۇ چاڭ-توزان باسقاندەك خاپا ھەم گاڭگىرىغان مەيۈس قەلبىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

بۇ ئىشنىڭ ھاجىمغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەنلىكى ئۇنىڭ چىراي ۋە گەپ-سۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۈچ مەھەللىنىڭ جامائىتىنى چاقىرىپ كېلىمەن» دەپ قازانغا گۈرۈچنى غول سالدۇرۇپ قويۇپ، بىرمۇ جامائەتنى ئەكېلەلمىگەنلىكىدىن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ، تېخىمۇ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ قارىيھاجىمنىڭ بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، جامائەتنى باشلاپ كېلىشىنىڭ تەمەسىدە پات-پاتلا يولغا چىقىپ قاراپ قويۇپ كېلەتتى. شۇڭا تاكى چۈش بولغىچە «جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭلار! جامائەت كېلىپ قالسا سەت تۇرىدۇ» دەپ قازاندىكى ئاشنى ئاچقۇزمىدى. قورسىقىمىز ئېچىپ، كوركىراپ كەتسىمۇ ھاجىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، شۈك تۇرۇشتۇق. ئەمما تەخىرسىز خوتۇنلار تەرەپ-تەرەپتىن غودۇراپ ئۆكتە قوپتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجىمنىڭ بۇ قىلغىنىمۇ تازا ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ ئەمەستى. باللارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، چۇرقىراپ ئانىلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى تارتىپ ئولتۇرغۇزمايۋاتاتتى. جامائەتنىڭ ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىنى بىزگە ئەمەس، ھەتتا كىچىك باللارغىمۇ ئايدىڭ ئىش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھاجىم نېمىشقىدۇر بىر تەمەدە يولدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. مېنىڭچە قارىيھاجىمنىڭ «تويدىن يېنىپ، جامائەتنى باشلاپ بارماقچى» بولغىنى پەقەت شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ھاجىمغا يۈز كېلەلمەي مۇنداقلا ئاغزىدىن چىقىرىپ قويغان گەپ ئىدى. كېلەر بولسا، جامائەتتىن تۆت-بەشى بولسىمۇ باشلاپ ماڭسا،

ئۇنىڭغا ماشىنا كەم ئەمەستى. ئەمما مەن بۇ ئېگىز بويلۇق، چىراي-تۇرقى قاملاشقان، قويۇق قارا ساقاللىق، ئېسىل كىيىنىپ يۈرۈيدىغان، مەككە مۇكەررەمدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ قارىيھاجىلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئۆزىنى سۇرلۇك ۋە ھاكاۋۇر كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغان، ئۆزىدىن باشقا ئادەمنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بۇ كىشىنىڭ بىزنىڭ ئىمىن ھاجىمنىمۇ تازا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ سەئۇدىدە ئوقۇغانلىقى، قىرائەت قىلغاندىكى ئاۋازىنىڭ سۈزۈك ۋە چىرايلىقلىقى بىلەن مۇشۇ كۈنلەردە تازا بازىرى چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا توي ۋە نەزىرلەرنىڭ ماشىنلىرى سەپراس بولۇپ تۇرغاندا، بىزنىڭ ھاجىمدەك ئىلمىدىمۇ، قول ئىلكىدىمۇ يوق، ھەتتا جامائىتىنىڭمۇ تايىنى يوق، يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان كىچىك بىر مەسچىتنىڭ ئىمامىنى قانداقمۇ كۆزگە ئىلىپ كەتسۇن دەيسىز؟ ئەمما بىزنىڭ ھاجىم بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ ھېلھەممۇ قارىيھاجىمنى بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئارقىدا تەپسىر يادلاپ يۈرگەن تالىپى دەپ قارايتتى. ئاشكارا سورۇنلاردا قارىيھاجىمدىن ئەيمىنىپ ئېيتالمىسىمۇ، ئۇ يوق ۋاقىتلاردا «شاگىرتىم» ئىدى، دەپ ماختىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمما قىزىق يېرى ھازىر ئاشكارا سورۇنلاردا بىزنىڭ ھاجىم خۇددى ئۇنىڭ شاگىرتىغا ئوخشاپ قالغاندى. مەن قارىيھاجىمنىڭ تۆردە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىزنىڭ ھاجىمنى نەچچە قېتىم ئىشقا بۇيرۇغانلىقى ھەم ھاجىمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ: «شاگىرتىم بولسىمۇ، ئىلمىنى ھۆرمەت قىلىمەن. ئىلمى مەندىن مول، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىش قىلىپ كۆنۈپ قاپتىمەن» دەپ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سۆزى يادىمغا يەتتى. ھاجىم شۇ سۆزلەرنى قىلغاندا پەقەتلا ھار ئالمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن تۇيۇقسىز ھار ئېلىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئادەم دېگەن ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل، ئەپۇچان بولسىمۇ بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ، چېپىپ يۈرسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ھارىدۇ، غۇرۇرىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئاش بەرگەن قازانى چېقىۋەتمەسلىك»، «يۈز بەرگەنگە مۇشت بەرمەسلىك» كېرەك. لېكىن بۈگۈن قارىيھاجىم بىزنىڭ ھاجىمغا يۈز بەرمىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىككىلىسى بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك ئاق كۆڭۈل دەپ ئويلايدىغان، ئۇششاق-چۈك، پىششىق-تۈك، تونۇش-ناتونۇش بولسۇن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغان، پۈتۈن ئەزايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھاجىمىمىز ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى دەۋر سۈرۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى، جامائىتى غول ۋە ئىتتىپاق، ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزىنى بەرھەق دەپ بىلىدىغان جامائەتلىك بۇرۇنقى خىزىر مەھەللىسىنىڭ ئىمامى ئەمەسلىكىنى، جاھاننىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى؛ كېرەم قارىيھاجىم بولسا بۇ مويسىپىتنىڭ بىر مەزگىللەردە ئاغزىغا ئىلىم سالغانلىقىنى، پۇت تىققۇدەك يەر تاپالمىغان چاغدا، بىزنىڭ ھاجىمنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى.

— ھەي جاھان بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. جامائەتنىڭمۇ تايىنى قالماپتۇ. بۇرۇنلاردا قانداق ئىدى-ھە؟... تونۇشمىساقمۇ، بىرەر ئۆلۈم-يېتىم بارلىقىنى ئاڭلاپلا قالساق، يېزا ئاتلاپ بولسىمۇ بېرىپ كېلەتتۇق. مانا ھازىر ماشىنا ئاپارمىسا بارمايدىغان بولۇشۇپ كېتىپتۇ. جامائەتمۇ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ...

ھاجىم شۇنداق دەپ ئۆز-ئۆز ئۆزىگە غودۇراپ جىمىپ قالدى. ھەممىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتۇق. ئىچىمىزدە قارىيھاجىمغا ئاچچىقىمىز كېلىپ قورسىقىمىز كۆپتى. پەقەت ئەلى ھېساملا بىر چەتتە ھاجىمنىڭ بىچارە تۇرقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تۇراتتى. بىر چاغدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قېيۇم تۇڭگۇز تاماكىسىنى تاشلاپ لوڭگىدە ئورنىدىن قوپۇپ، خوت ھارۋىسغا كۆتىنى ئاتتى.

— ھوي، نەگە؟

تۇڭگۇز گەپ قىلماي، ئوت ئالدۇردى. ئىش چاتاق ئىدى، مەن ئۇنىڭ نېمىگە ماڭغانلىقىنى پەملەپ، ئىككى قەدەم ئاتلاپ ھارۋىنىڭ ئارقىغا ئېسىلدىم. موتوسىكلىت مېنى بىر نەچچە قەدەم سۆرەپ ماڭغان بولسىمۇ قولۇمدىن چىقىپ كېتەلمىدى. قېيۇم تۇڭگۇز مەن بىلەن قېرىشىپ ھەدەپ ماي بەرگەچ ئۆپكىدەك قىزىرىپ، ھالسىراپ ئېيتتى.

— قويۇۋېتىڭلار، دەيمەن ئاداش! شۇ تاپ بېرىپ ئاۋۇ دەيۈزنى نەدىن بولسا تېپىپ، يالغان

ساقىلىدىن سۆرەپ، ھاجىمكامنىڭ ئالدىغا تاشلايمەن.

بىر قولۇمدا رولنى چىڭ تۇتۇپ، يەنە بىر قولۇمدا موتوسىكلىتنىڭ بېشىدىكى ئاچقۇنى تولغاپ ئارقىغا ياندۇرۇپ چىقىرىۋالدىم. مۇشۇ ئىشلارنى قىلغىچە خېلى كۈچ كەتتى. بىردىنلا بىلىم چىم قىلىپ قالدى. ئاپلا ئارتۇق ئىشنى دەپ بىلىمنى كاردىم چىقاردىممۇ نېمە؟ دېگەن خىيال لەپ قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، قېيۇم توڭگۇزنى توسۇپ قالغىنىمدىن خۇش بولدۇم. ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسام، بۇ توڭگۇز چوقۇم دېگىنىنى قىلىشتىن يانمايتتى. مەن بىلىمنى تۇتقاچ، ئاچقۇچنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، چەتكە ئۆتتۇم. قېيۇم توڭگۇز موتودىن چۈشمەي، قولىنى رولدىنمۇ ئالماي ماڭا ۋارقىرىدى.

— سەمەتجان! ياخشىلىقچە ئاچقۇنى بەر...!!!

نېمە بولغانلىقىنى تېخىچە ئاڭقىرالمىغان ھاجىم خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— نېمە بولدى بالام؟ نېمە تارتىشماق ئويناپ يۈرۈيسىلەر؟!

— نېمە بولماقچىتى ھاجىمكا، قورساق كۆپتى. رۇخسەت قىلسىڭىز، قېيۇم بىلەن مەنمۇ باراي، ھېلىقى دەيۈزنى دارقىرىتىپ ئەكېلىپ، ئالدىڭىزغا تاشلايلى، ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەنسۇن!

ھېزىم پاينەك شۇنداق دېگىنىچە موخوركىسىنى تاشلاپ، ئورنىدىن قوپتى.

— ئاچقۇچنى بېرە سەمەتجان، بىز دىككىدە بېرىپ كېلەيلى.

— ئاچقۇچنى مەندىن ئەمەس ھاجىمكامدىن سورا، نېمە تۇزنىڭ تۆپىگە توغرىقى قۇيۇپ يۈرسەن، سېنىڭمۇ ئەقلىڭ گەجگەڭگە ئۆتۈپ قالدىمۇ نېمە؟

— توختاش! نەگە بارىسەن؟! سەمەتجان ئاچقۇچنى ھېچكىمگە بەرمە! سەنمۇ چۈشە ئاۋۇ ئېشەكتىن، چۈش دەيمەن، چۈشە...!

ھاجىمكامنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشى بىلەن ھېزىم پاينەك توختاپ قالدى. قېيۇم توڭگۇزمۇ ھورىدىن يېنىپ موتوسىكلىتتىن چۈشتى.

— ھەرقايسىڭغا شۇ ئىش قالغانتى ئەمدى. گەپ قىلمىسام تېخى ئەھلى ئىماملارنىڭ ساقىلىدىن سۆرەپ كېلىشمەكچى بولۇشتۇڭمۇ؟! يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئىلىمدە چوڭ ئادەم ئۇ، ئىلىمنى مەن چېغىمدا ھۆرمەت قىلىۋاتسام، سەن قوڭالتاقلارغا نېمە قويۇپتۇ؟!

— ھاجىمكا، «ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن» دەك گەپ قىلىدىغان ئادەمسەنكىنا؟ كىمنى قوڭالتاقا ئوخشىتىۋاتىسەن؟! جىق ئوقۇمىغان، ئەھلى ئىلىمدە يوق، ھاراق ئىچىپ يۈرسەكمۇ، ۋىجدان-غۇرۇر بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى ھالاللاپ يەپ ياشاۋاتىمىز. باشقىلاردەك ساقالنىڭ سايىسىدە خەقنىڭ ھەققىنى يەپ، ئۆيىمۇ ئۆي كىرىپ، تاۋاق يالاپ يۈرگىنىمىز يوق، بايقاپراق سۆزلىگىن!

ئەلى ھېسامنىڭ ھاجىمنى سەنلەپ چۈشۈشى ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ، ھېچكىم غىڭ قىلمىدى. ھاجىمنىڭ بايىقى گېپى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىگە تەگكەن ئىدى. ھاجىمكام ئەلى ھېسامغا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي ئوپكىدەك قىزاردى. دېمىسىمۇ دەپ سالغان خاتالىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلدى بولغاي، جىمىپ قالدى. ئارتۇق گەپ قىلسا ئەلى ھېسامنىڭ يېنىپ قويۇشتىن يانمايدىغانلىقى ئايان ئىدى. پاينەك بىلەن مەمەت سىرىق ماڭا ئىشارە قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇ دېگىنى «ئارىغا چۈشۈپ ئىشنى تۈگەتكىن، ئىش ئۇلغىيىپ ئارازلىق بولۇپ قالمىسۇن دېگىنى» ئىدى. مەھەللىدىكى كۆپىنچە بۇنداق ئۇرۇش-تالاش ئىشلىرىنى مەن ھەل قىلىپ قوياتتىم. باللارمۇ ھەم ھاجىمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالاتتى. ئەمما شۇ تاپتا كاللام قۇرۇق، ئاغزىمغا ھېچقانداق بىر گەپ كەلمەيۋاتاتتى. بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى ئەجەب تېز بىر تەرەپ قىلاتتىم دېسە؟ ئۇرۇشۇپ قالغانلارنىمۇ ۋالاق-ۋۇلۇق ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئايرىپ، ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ بېسىقتۇرالايتتىم. ئەمما بۇ ئىشتا سەل قىينىلىپ قالدىم. ئەلى ھېسامغا گەپ قىلاي دېسەم، ئۇنىڭ ھاجىمنى سەنلىگىنىدىن باشقا گېپى توغرا ئىدى. ھاجىم بۇ نۆۋەت قۇيرۇقىدىن تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. ھەرقانچە بولسىمۇ بىزنى قوڭالتاققا ئوخشاتماسلىقى كېرەك-دە؟ بولۇپمۇ ئۆزىگە يۈز بەرمىگەن بىر يات كىشىنى بىزدىن چارە كۆرگەنلىكى دۇرۇس ئەمەس. شۇ چاغدا: بىز ھاجىمنى بېشىمىزدا ئېلىپ كۆتۈرگەن بىلەن ئۇ بىزنى شۇنداق يارىماس كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر ھېلىقى قارىيھاجىم بىلەن ئارىمىزدىن بىرسى ئۇرۇشۇپ قالسا، ھاجىم زادى قايسىمىز تەرەپتە تۇرار؟ دېگەن خىيال كاللامغا

كېلىۋالدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ بىز تەرەپتە ئەمەس، دېگەن گەپ. بۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەستى. مەھەللىمىزدە ئەگەر بىرەرسىمىز باشقا مەھەللىلىك بىلەن ئۇرۇشۇپ، ياكى تالىشىپ قالساق، بىزنىڭ خاتا بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ مىڭ توغرا بولۇپ كەتسىمۇ چوقۇم ئۆزىمىز تەرەپتە تۇرىدىغان بىر قائىدە بار ئىدى. ئەمما شۇ تاپتا ھاجىم دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىيالمايۋاتاتتى. قارىغاندا ھاجىم قېرىپتۇ، بىزگە بىز تەرەپتە تۇرىدىغان بىرەر يېڭى ياش ھاجىم كېرەك بولۇپ قاپتۇمۇ نېمە؟ شۇغىنىسى ھازىر مۇنۇ ئىشنى ھەل قىلىش كېرەكتە؟ ئەمما نېمە دېسەم بولار؟ ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋېدىم، رېھىم تاغار مەندىن بالدۇر چىقتى. باياتىن بېرى ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، بىر ياقتا جىمجىت تۇرغان رېھىم تاغار ئىككى قەدەم مېڭىپ، ئەلى ھېسامنىڭ مۈرىسىدىن ئېلىپ بىر يانغا تارتتى.

— بۇرادەر ئەزىز، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، دەيمەن. كۆڭۈللىرى بىزگە ئايان بولدى. دېمىسىمۇ بۇ مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋىجدان، غۇرۇرىنىڭ ئالتۇنغا تېگىشكۇسىز ئىكەنلىكى ئالەمگە ئايان. بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىمۇ يانا شۇ دوستلۇقنى، غۇرۇرنى دەپ بولۇۋاتىدۇ. ئەمما كۆڭۈللىرى تۈز بولغان بىلەن گەپنى ئورۇنلۇق ئۇسۇلدا ئېيتالمىدىلا، بىز ئۇيغۇرلاردا، بولۇپمۇ خىزىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مەھەللىمىزدە، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ «سىلە، ئۆزلىرى» بىلەن ئاتايدىغان ئادەت بار ئەمەسمۇ؟ گەرچە ئىمىن ھاجىم ئاچچىقتا قاتتىق گەپ قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ يەنىلا مەھەللىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مويسىپىتى، يۇرت ئاتىسى ئەمەسمۇ؟ ئېغىز دېگەن تۆشۈك نەرسە، ئاچچىقتا ھەر-ھەر گەپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەركىلىتىپ ئېيتقان بىر دانە سۆزگە بۇنچە قىلمىسىلا، «ئاتىنىڭ تېپىشىگە تەخەي چىدايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيۇم بۇرادەرنىڭ تۈز كۆڭۈل، دۇرۇس نىيەتتە ئۆز ئاتىسىدەك كۆرگەن ھاجىمكامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان كىشىنى ئەدەپلەپ قويۇش نىيىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇسۇلى خاتادۇر. ئەگەر قويۇپ بەرسەك، چوپچوڭ ئۆلىما ئادەمنى ياقىسىدىن سۆرەپ يۈرسە، بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ يۈزىگە سەت. خەلق لەنەت ئوقۇيدۇ، قارغىشقا قالىدۇ. ئىككىنچىدىن ھاجىمكامنىڭ يۈزىنى چۈشەرگەن بولىمىز، خەق ھاجىمكامنى «چىدىماپتۇ» دېمەمدۇ؟ قارىيھاجىمنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ، خالىغانچە سورەپ يۈرگىلى بولماس... ئىش چېكىگە چىقىپ قالسا، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن ھېچقايسىمىز چىقالمايمىز جۇمۇ؟!

رېھىم تاغارنىڭ گېپى بىلەن ئەلى ھېسام سەل پەسكويىغا چۈشتى. سەنلەپ سالغىنىدىن خىجىل بولدىمۇ ياكى رېھىم تاغارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قورقۇش سالدىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ھاجىمدىنمۇ قورقۇپ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق، ناۋادا راستلا ئۇرۇش-تالاش بولۇپ قالسا، ھەممىمىز شۇ قېيۇم توڭگۇزنىڭ بالاسىغا قالىمىز دېگەن گەپ.

رېھىم تاغار ئەلى ھېسامنى جىمىتقاندىن كېيىن ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھاجىمكا، ئىنىمىز ئەلىنىڭ ئەركىلەپ دېگەن گەپلىرىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. قېيۇم بىلەن ھېزىممۇ قارىيھاجىمنىڭ سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئىلىك ئالمىغانلىقىغا قورسىقى كۆپتى، ئۆزلىرىنى ئاتا سىياقتا چوڭ بىلىپ، قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغىلى تاسلا قالدى. ھېلىمۇ سەمەتجان چاققان چىقىپ قالدى. ئەلۋەتتە قارىيھاجىمنىڭ قىلغىنىنىڭمۇ دۇرۇس بولمىغان يېرى بار، نېملا دېگەنبىلەن سىلە دېگەن ئۇستاز يوللۇق ئادەم، شاگىرتىنىڭ بېشى مىڭ ئاسمانغا چىقسىمۇ، ئۇستازنىڭ ئايىغىدىكى توپىغا دەسسەپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ كىشىنىمۇ توغرا چۈشەنمىسەك بولماس، بەلكىم بىرەرسىگە ۋەدە قىلىپ قويۇپ، يۈز كېلەلمىگەن يېرى باردۇر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قارىم كەلسە نېمە بوپتۇ، كەلمىسە نېمە بوپتۇ؟ مانا بىر ئوبدان سىلە بارغۇ؟ قارىيھاجىم كېلىپ ئاش يەپ، دۇئا ئوقۇپ قويغانغا يا «چۈمۈلە» جەننەتكە كىرىپ كەتمەيدۇ. ئۈچتىن ئاشقان ئادەممۇ بىر جامائەت بولالايدۇ. مانا ئۇلۇغ-ئۈششاق بولۇپ 20-30دەك ئادەم باركەنمىز، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جامائەت بارمۇ؟ ھەممىسى سىلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، سىلىگە جان دېسىلە جېنىنى بېرىدىغان ئېسىل بالىلار، بۇنداق جامائەتنى ھازىر تاپماقمۇ تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھمەتلىك «چۈمۈلە»نىڭ روھىمۇ مۇشۇ جامائەتتىنلا خۇش بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ قېنى ھاجىمكا ئۆزلىرى باش

بولۇپ بەرسىلە ھە-ھۇ، دەپ قازاننىڭ ئاغزىنى بىر ئېچىپ، نەزىرنى باشلىمامدۇق!

ھاجىمغا رېھىم تاغارنىڭ گېپى ناھايىتى تېزلا تەسىر كۆرسەتتى.

— ئەستاغپۇرۇللا شەيتان، — ھاجىم سەل خىجىللىق ئارىلاش كەكە ساقىلىنى سىقىمداپ بولۇپ، رېھىم تاغارنىڭ قولىنى تۇتتى، — ئەقلىڭىزنى زىيادە قىلسۇن، بالام. قارىغاندا قېرىپ قالغان ئوخشايمەن. ھوي ئەلى بالام، سەنمۇ خاپا بولمىغىن، ھەممىڭلار شۇ، قېنى باللىرىم بولۇڭلار، ئاشنىڭ ئاغزىنى ئېچىڭلار!

ئاشنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى تېپچەكلەپ كەتتى. قورساقتىنمۇ شۇ تاپتا بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى قول سېلىپ، ئولاش-چولاشلىقتا ئەتكەن ئاشنى خويمۇ يېگۈسى كېلىدىكەن كىشىنىڭ. بۇرنىمىزغا پۇراپ، شۆلگەيلەر ئاققىلىمۇ خېلى بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز گۇرردە قازاننى نىشانلاپ ماڭدۇق. مەن كېتىۋېتىپ رېھىم تاغارغا سەپسالدىم. رېھىم تاغار ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاشقىمۇ ئالدىرىمىغاندەك سالاپەتنى يوقاتماي ئەلى ھېسام بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ كەينىدىرەك كېتىپ باراتتى. مەن تۇرۇپلا ئىمىن ھاجىمنىڭ ئۇنىڭ ئەقلىنى زىيادە قىلىشىنى تىلىشىنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى پەملەپ قالدىم. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئەقلى ئاشۇ تومپىيىپ چىققان قورسىقىدەك تولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان بولدى. يوغان قورساق ئادەمنى «پوق قورساق، ئەقلى كالتە بولىدۇ» دېيىشىدىغان بىر گەپ بارتى، رېھىم تاغارنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە چىقىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان؟ يا ھەزرەت! نەدىن كەلگەن گەپلەر ھوي ئۇنىڭغا، بىردەمدە ئىشنى جايلاپ بولدى دېسە؟ ھاجىمغىمۇ، ئەلى ھېسامغىمۇ ياخشىچاق بولۇپ ئۆلگۈردى. ئۇنىڭ ئەقلى ئاشۇ كىچىك كاللىسىدا ئەمەس، يوغان قورسىقىدا بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام بۇنچە قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمايدىغانلىقىم ئېنىقلا. قارىغاندا ئادەمنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كەتسە ئەقلى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. چۇمۇلە يېگەننىڭ راستلا پايدىسى بارمۇ نېمە؟ بۇرۇن ئەجەب بۇنداق ئەقىللىق كۆرۈنمىگەن بۇ كاساپەت، بىر قارىسىغۇ خېلى بولۇپ قويىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ.

شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈمگە ئارامىلىق بېرىپ تۇرغاندا، ئاغزى ئېچىلغان پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى بۇرنۇمغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. ئىمىن ھاجىم كەپكۇر بىلەن پولۇنى بىر باشتىن ئۆرۈپ، سەۋزىلىرىنى ئارىلاشتۇرغىلى تۇرغانىدى، دانە-دانە چېچىلىپ، دەم يەپ پىشقان گۇرۇچلەر سېرىق ۋە قىزىل سەۋزىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، خويمۇ ئۆز رەڭگە كىردى. قازانغا قاراپ ھەممىمىزنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. ئىمىن ھاجىم پولۇنىڭ يېرىمىنى ئۆرۈپ بولۇپ، كەپكۇرنى يېنىدا قازانغا دۈم چۈشۈپ كەتكۈدەك ھالەتتە قاراپ تۇرغان پايەككە تۇتقۇزدى.

— ئەمىسە ئۇسۇش ساڭا قالدى، بالام. پىشنىم قازا بولۇپ كەتمىسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىردىن لېگەننى كۆتۈرۈپ قازان بېشىغا ئولاشتۇق.

— ئىككى ئادەمگە بىر لېگەندىن ئۇسۇيمەنمۇ، بىر ئادەمگە بىر لېگەندىن؟

— كەپكۇر قولۇڭدا بولغاندىكىن ئۇسۇشۇڭنى بىلمەمسەن پايەك! تولا ئويلاپمۇ بېشىڭدا تۇكۇڭ قالمىغان سېنىڭ...

— ئۇستۇم ئەمىسە، يا بىسمىللا...!

ھېزىم پايەك ئابدۇقادىرنىڭ لېگىنىگە لىققىدىلا ئاش تۇشقازدى.

— تويغىچە يەۋال قادىرخان! بىرەر يىل بولغاندۇ ئۆيۈڭدە بۇنداق ئاشنى كۆرمىگىلى...

— ماڭا ئاۋۇ سەۋزىلىك يېرىدىن بىر كەپكۇرلا-ھە، جىق ئۇسسۇۋەتمە...

ئەلى ھېسام بىر كەپكۇر ئاشنى ئېلىپ ياندىكى گۆش بېسىۋاتقان قېيۇم توڭگۇزنىڭ يېنىغا باردى. قېيۇم توڭگۇز بېسىپ بەرگەن بىر پارچە مايلىق گۆشنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى گۆش تەڭنىسىگە قايتۇرۇپ تاشلىدى.

— جەددى-جەمەتىڭنىڭ گۆشى بولمىغاندىكىن، ئاياپ نېمە قىلىسەن توڭگۇزۇم؟ ئاۋۇ قارا يېرىدىن تۆت-بەش پارچە باسمامسەن، مانا مۇنداق... باشقا كېلىدىغان ئادەملىرىڭ بارمىتى-يا؟

— باسمامدىغان ھېسامجان... باسمامدىغان، ئىككى قوينىڭ گۆشى بۇ، ھەرقانچە يېسىلىمۇ

تۈگىتەلمەيلا...

قېيۇم تونگۇز شۇنداق دەپ تۆت پارچە لوق گۆشنى ئەلى ھېسامنىڭ لېگىنىگە تاشلىدى.

بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئابدۇقادىر لېگىنىدىكى پولۇنىڭ يېرىمىنى قازانغا تۆكۈپ، ئۆزىگىمۇ ئەلى ھېسامدەك تۆت پارچە گۆش باستۇردى.

شۇنداق قىلىپ قالغانلارمۇ ئەلى ھېسامنى دوراپ ئاشنى ئاز ئۇستۇرۇپ، گۆشنى جىق باستۇرغىلى تۇردى.

— ۋاي بۇ نېمە قىلىق، ماۋۇ ئاشنى كىم يەيدۇ ئەمدى؟

— خاتىرجەم بول ياپىنەك، خوتۇنلار ئەمدى بىرەر ھەپتە تاماق ئەتمەيدۇ. ئاشقان مېيدا كۈندە چوققاتنى مايلاپ بەرسەڭ، توك ئۈنۈشكە پايدىسى بار...

ھېزىم ياپىنەك جىلە بولۇپ، كەپكۈرنى تاشلاپ قازان بېشىدىن ياندى.

— ئادەمنى ئەخمەق قىلماي، ئۆزۈڭلار ئۇسسۇڭلار ئاغىنىلەر! ئەسلى مەقسەت گۆش يېيىش دەڭلا...؟

— ھازىر شۇ مەقسەتكە يېتىشمۇ تەسكە چۈشتى، بىرەرى ئۆلمىگىچە گۆش پولۇ يوق دەيمەن...

— تۈزۈك گەپ قىل! يامان بولىدۇ. بىسمىللا دەپ ئېشىڭنى يە!

مەمەت سېرىق بىلەن ئىككىمىز ئەلى ھېسامنىڭ كۆپۈر ئارىلاش سۆزىگە رەددىيە بەرگەچ تونگۇزغا گۆش باستۇردۇق. ئەلى ھېسام قولىدا كۆتۈرۈۋالغان لېگەندىكى پولۇنى ئاغزىغا سېلىپ جىم بولدى. پولۇنى ئېلىپ بولۇپ قارىسام ھەممەيلەن ئۇ يەر، بۇ يەردە زوڭزىيىپ ياكى ئۆرە تۇرۇپلا ئاشقا تۇتۇش قىلىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ ئىش ماڭا بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلدى.

— ھېي باللار، نېمە مەدىكاردەك تاپقان يەردىلا بەداشقان قۇرۇۋالدىڭلار؟ نەزىرىنىڭمۇ ئۆز ھۆرمىتى بولىدۇ-دە؟ ئۆيگە كىرىپ چىرايلىق ئولتۇرۇپ چاي بىلەن مەززە قىلمايمىزمۇ؟

— يا ئاللا، كاتتا سېسىق گەپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن ئاغىنە، سېنىڭ قورسىقىڭ توق ئوخشىمامدۇ؟

پاپىقىنىڭ گېپىنى ئارقىدىن ئالدىرىماي كەلگەن رېھىم تاغار بۆلدى.

— بۇرادەر ئەزىزلەر، سەمەتجان توغرا ئېيتىدۇ. ھېلى ھاجىمكام كېلىپ، بۇ تۇرقىمىزنى كۆرسە يەنە قاياپ سالمىسۇن. شۇ ئادەمنى قېرىغاندا ئارتۇق كايىتقۇزمايلى! ئېسىل بىر چاپىنەك چاي ئەكىرەي، ئۆيدە چىرايلىق ئولتۇرۇپ يېيىشمەمدۇق، مۇڭداشقاچ...

تاغارنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن ئاشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاغزىدىكى لوقمىلىرىنى چايناشقاچ ئۆيگە قاراپ مېڭىشتى. «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك ئۆيگە كىرسەم ھەممەيلەن تەرتىپسىز ئولتۇرۇۋشقانچە ئۆز قاچىلىرىغا دۈم چۈشۈپتۇ. مەنمۇ بىر يانغا چۆكتۇم. مەن لېگەندىكى گۆشلەرنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ ئاۋۋال ئاشقا تۇتۇش قىلدىم. ئۆيدىمۇ شۇنداق ئاشنى ئاۋۋال يەپ، گۆشنى ئەڭ ئاخىرىدا يەيدىغان خۇيۇم بار ئىدى. مانا بىر تاۋاق ئاش ئۆز ئىلكىمدە تۇرۇپتۇ. گۆشنى قىزغىنىپ يەيدىغان ھەمتاۋاقلارمۇ يوق... ئاش ھەقىقەتەن ئوخشىغان ئىدى. مەززىلىك ئاشنى يۇتۇۋېتىپ ئېچىمدە ئىمىن ھاجىمغا قايىل بولدۇم. پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدە ئىمىن ھاجىمنىڭ بۇنداق چوڭ قازانلىق پولۇغا داڭقى بار ئىدى. ئۇ ئىمام بولۇشتىن بۇرۇن «ئىمىنئاش» نامى بىلەن داڭقى چىقارغان. مەن ئىككىنچى كاپام ئاشنى ئاغزىمغا سېلىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئەسلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. ئەتراپىمغا قاراپ قالغانلارنىڭمۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تۇيۇقسىز: رەھمەتلىك مۇشۇ ئۆمرىدە باشقىلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىرەر تاۋاق مۇشۇنداق ئاش يەپ باققانمىدۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالدىم. ھەم ئۆزى ئاچ ئۆتۈپ، نەزىرىدە بولسىمۇ باشقىلارنى تويدۇرۇپ يۈرگەن قوشنام «چۈمۈلە»نى يادىمغا ئالدىم.

ئاش ئاز بولغاچقا تۆت كاپامدىلا تۈگىدى. ئەمدى مېنى ساقلاپ تۇرغىنى تۆت پارچە گۆش ئىدى. «پاچاقنىڭ گۆشى پاچاققا پايدا قىلىشى مۇمكىن»، مەن شۇنداق ئويلاپ پاچاقنىڭ گۆشىنى ئالدىم. يۇمشاق گۆشنى چايناۋاتقان شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز

«چۈمۈلە»نىڭ قوتىنىدىكى ھېلىقى قارا باش ۋە سېرىق باش قويلار يادىمغا كەلدى. «چۈمۈلە»نىڭ «قويلارنى سېتىپ، پۇلنى قىزىغا بېرىپ قويۇش، نەزىر ئۆتكۈزمەسلىك» ھەققىدىكى ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ غىققىدە بولۇپ قالدىم. شۇ تاپتا قولۇمدىكىسى قارا باش قوينىڭ پاچاق گۆشىمۇ ياكى سېرىق باشنىڭكىمۇ، بىلمەيتتىم. ئىشقىلىپ بىرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەسلىدە ھەر ئىككىسىنىڭ بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

شۇلارنى ئويلاپ تۇرغاندا بىر لېگەن ئاش بىلەن بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ رىھىم تاغار كىرىپ كەلدى. ئۇ ھاجىم بىلەن بىللە كىرگىنى ئۇچۇن تۆردىن ئورۇن ئالدى. تاغار ھاجىمنىڭ يېنىدا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئاشنىڭ ئۈستىدىكى گۆشلەرنى كىچىك پارچىلاپ، ئاندىن ھاجىمنى ئاشقا تەكلىپ قىلدى. بىر-ئىككى كاپام ئاشتىن كېيىن رىھىم تاغارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— ھاجىمكا، ئۆزلىرى بىلىلا ھەقاچان، مۇشۇ پولۇ دېگەن تاماقنى ئون خىل كېسەلگە داۋا دەپ قويىدىكەن. بۇ تاماقنى ئىجاد قىلغان فارابى دېگەن ھەزرەتلىرىمۇ ئاغرىپ قېلىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ تازا قۇۋۋەتلىك بىر دورا ياسىماق بولۇپ، كۆپ باش قاتۇرۇپ ئىجاد قىلىپ چىقىپتىكەن. دەسلەپتە كۈندە بىر پىيالىدىن قۇۋۋەت دورىسى ئورنىدا يەپ، بىرەر ھەپتىگىلا قالماي ماغدۇرىغا كېلىپ، ساقىيىپ كېتىپتىكەن. كېيىن بارا-بارا بىز بۇ دورىنى تاماق ئورنىدا يەيدىغان بولۇپ قاپتىمىز. مۇنداق ئويلاپ باقسام، بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قۇۋۋەتنى زىيادە تاماق يوقكەن. شۇ كىشى ئىجاد قىلىپ قويمىسا نېمىنىمۇ يەيتتۇق دەيمەن؟ شۇڭا ھەر قېتىم قۇيغاشنى يېگەندە شۇ ھەزرەتكە دۇئا قىلىپ قويىمەن. ئون خىل ئىلىمدە توشۇپ، داموللىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ئادەمكەن ئۇ.

قارىسام ھەممەيلەن رىھىم تاغارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قاپتۇ. دېمەك، مەنلا ئەمەس ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر يەپ كەلگەن بۇ تائامنى ئىجاد قىلغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى تۇنجى ئاڭلىشى ئىدى. ھەتتا بىر ئۆمۈر پولۇ ئېتىپ، جان بېقىپ يۈرگەن ئىمىن ھاجىممۇ قولىنى ئاشتىن تارتىپ، رىھىم تاغارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەن ھاجىمنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىدىن ئۇنىڭمۇ بۇ تائامنى ئىجاد قىلغان ئىسمى غەلىتە ئادەم ھەققىدە تۇنجى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ماڭا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئەسلىدە بىلىدىغانغا سىلىقۋالغان بولسا، ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ئاشكارا بولمايتتى. ئەمما ساددا ئادەم كېيىنكى سوئالى ئارقىلىق ئاشكارىلاپ قويدى.

— ئۇل ھەزرەتلىرىمۇ سەئۇدىدە ئوقۇپتىكەنمۇ؟

— ئۇ تەرىپىنى مەن بىلمىدىم. ئەمما جىق ئوقۇغان ئادەم دەپ ئاڭلىدىم. ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىتاب يازغان دەپ قەيت قىلىنىدىكەن...

— ھەي، قارىيھاجىم بولغان بولسا چوقۇم بىلەتتى. ئۇ كىشىمۇ بىلىمدە توشقان، سەئۇدىدە ئوقۇغان ئىدى-دە،— ئىمىن ھاجىم خورسىنىپ بېشىنى ساڭگىلاتتى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تېخىچە قارىيھاجىمدىن تەمە تارتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. دېمەك، بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ ئىمىن ھاجىمنىڭ ئالدىدا قارىيھاجىمچىلىك بولالمايدىغانلىقىمىزنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدىم. ئىمىن ھاجىمنىڭ ھېلىدىن-ھېلىغا ئىشىككە قاراپ قويۇشلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بۇ ئويى ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى. تۇرۇپ، ئەگەر قارىيھاجىم بۈگۈن كەلمەي، ئەتە ھاجىمغا ئۇچراپ قالغاندا مۇنداقلا يۈزەكى ئۆزرە سوراپ قويسىلا بىزنىڭ بۇ سادىدا ئىمىن ھاجىمنىڭ يەنە ئۇنىڭ يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ يۈرۈۋېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. بۇ بىچارە ئادەمگە نىسبەتەن بىزدىن بەكرەك قارىيھاجىم بىر نەچچە ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ بەرسە، شۇلارنى ھەقىقىي جامائەت ھېسابلىشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ بىزنى قانداقمۇ جامائەت دېگىلى بولسۇن؟ مەن ئۆزىمىزنىڭ سالپا-سوياق تۇرقىغا قارىدىم ھەم ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ چاغدا ھازىر ئىمىن ھاجىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنى ئەلۋەتتە رىھىم تاغار بولماي قارىيھاجىم بولغان، ئىمىن ھاجىم ھازىرقى رىھىم تاغارنىڭ ئورنىدا قارىيھاجىمغا «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ خۇشامەت قىلىپ ئولتۇرغان، قارىيھاجىم چىرايلىق ئاۋازى بىلەن سورۇننى بىر ئېلىپ، ھېلى دىنىي كالاملاردىن، ھېلى

سەئۇدى، ئىران، ئىراق، دۇبەي دېگەندەك يەرلەرنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ، ھەممەيلەننى ئاغزىغا رام قىلغان بولاتتى. ئۇ چاغدا رېھىم تاغارغا سۆز قىلىش نۆۋىتى ئەمەس بەلكى ئىشكتە چاي قۇيۇش ۋەزىپىسى تېگىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھازىر «يولۋاس يوق تاغدا، مايمۇن پادىشاھ» دېگەندەك رېھىم تاغار ھەممەيلەننى ئاغزىغا قارىتىپ ئولتۇراتتى. مەن رېھىم تاغارنىڭ بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. قارىسام مەمەت سىرىقمۇ ئۈندىمەي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭمۇ بىر نەرسە دەپ پۇتاق تاپمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇمۇ بۇ ھەقتە بىلمىسە كېرەك. «پولۇنى ئىجاد قىلغان ئادەم رېھىم تاغاردەك سېمىز ئادەممىدۇ؟ ياكى ئىمىن قارىمدەك پاكار بويلۇق خۇشخۇي ئادەممىدۇ ياكى قارىيھاجىمدەك سالاپەتلىك كىشىمىدۇ؟» دېگەن خىيال كاللامغا كېلىۋېلىپ ئۇ ئادەمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. ئەپسۇس، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ كىشىنى بىر كىم سىياقتا تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدىم. نېمىلا بولمىسۇن ھېلىقى ئىسمى غەلتە ئۆلىمانىڭ بۇ تاماقنى ئىجاد قىلىپ قالغىنىمۇ ياخشى ئىشكەنتۇق، بولمىسا ‹چۇمۇلە›نىڭ نەزىرىدە لەڭمەن يەپ ئولتۇراتتىمىزكەن، دېگەن خىيال كاللامغا كېلىۋېدى، ئۇ ئادەمدىن خۇرسەن بولدۇم. قارىغاندا ئۇ ئادەمنىڭ ئاغرىپ قالغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ، بولمىسا بۇ تاماقمۇ يوق بولاركەنتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن كىتاب يازىدىغان ئادەمنىڭ قازان بېشىدا پولۇ ئېتىپ يۈرۈشى ئەقلىمگە زادىلا سىغمىدى. كىم بىلسۇن؟ رېھىم تاغار قوشقىغا ئۇرۇپلا تاپقا گەپمۇ بۇ تېخى... ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتامدۇ مانا، كىمنىڭ پولۇسى دېسە ئىمىناخۇننىڭ، رېھىمجاننىڭ، دەپ ئاتىلىدىغان ئاشنىڭ بىردەمدىلا يوچۇن بىر ئىگىسى چىقىپ قالدى، دېسە؟ بۇ رېھىم تاغارغا قويۇپ بەرسە لەڭمەننىڭمۇ بىز ئاڭلاپ باقمىغان بىرەر ئىگىسى چىقىپ قالامدۇ، تېخى؟ ھاجىمكامغا قويۇپ بەرسىغۇ لەڭمەننى ئىجاد قىلغان ئادەم چوقۇم «سەئۇدىلىق» بولۇپ چىقىدۇ... شۇلارنى ئويلاپ بارغانسېرى سالاپەتلىشىپ، ئەقىللىك بولۇپ كېتىۋاتقان رېھىم تاغارغا قارىدىم. ھەم تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاخشامقى ھاراق سورۇنىدىكى تۇرقىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇ ئىككى تۇرقى ئاسمان-زېمىن پەرقلىق ئىدى. قارىغاندا راستتىنلا بوش چاغلىقلى بولمايدىغان نېمىكەن بۇ. قارىمامدىغان خۇددى ئەھلى قارىملاردەك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى. شۇ تاپتا بىر كىچىك مەسچىتكە ئىمام قىلىپ قويسىمۇ، كەچلىكى ھارىقىنى ئىچىپ، كۈندۈزى ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، قاملاشتۇرۇپ كەتكۈدەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. يەنە تۇرۇپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پەگادا يۈرۈيدىغان ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز بىر ئىشلارغا باش بولۇپ، ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتالايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىگە قورسىقىم كۆپتى. رېھىم تاغار باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ زوۋان سۈرمەي ئولتۇرغىنىنى بايقاپ يەنە سۆز قاتتى.

— بەك خاسىيەتلىك تاماقتە بۇ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا بەك چۈشىدۇ. جىق ھەشەم كەتمەيدۇ، بىر قازان پىشۇرۇۋالسا، نەچچە تۈركۈم مېھمانىنى ئۇزىتىۋالغىلى بولىدۇ ھەم قۇۋۋەتلىك ھەم يېيىشلىك، ھۆرمىتىمۇ، بەرىكىتىمۇ بار... ئەڭ ئېسىل يېرى نەچچە ئادەم بىرلىشىپ، بىر لېگەنگە باش تىقىشىپ يەيمىز ئەمەسمۇ؟ قولمۇ قول تۇتۇپ يېگەن تاماق كۆڭۈلگە بارىدۇ، دوستلۇقنى، مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. قانداق ئېيتتىم، ھاجىمكا...؟

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز، دۇرۇس...— ئىمىن ھاجىم بېشىنى پەسكە سىلىپ قايىللىق بىلەن رېھىم تاغارنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى. قالغانلارمۇ باشلىرىمىزنى لىڭشىتتۇق. ھەم ئالدىمىزدىكى ئايرىم تاۋاقلىرىمىزغا قاراپ سەل خىجىل بولۇشتۇق. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس.

دۈئادىن كېيىن رېھىم تاغارمۇ جىمىپ قالدى. ئۆينى سۈكۈت قاپلىدى. ئەمما يان ئۆيدىكى خوتۇنلارنىڭ قارنى تويىدى بولغاي قىيا-چىيا، كۈلكە-چاقچاقلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. باللارنىڭمۇ قورسىقى تويۇپ، چۇرقىرىشىپ ھويلىنى بىر ئالدى. ئەگەر شۇ تاپتا بىرەرسى ئۇقۇشماستىن بۇ ھويلىغا كىرىپ قالسا، «توي بوپتۇ» دەپ قالار ئىدى.

بىر ھازادىن كېيىن يىراقتىن ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. «بۇ ئەمدى كىمدۇ؟» دېگەندەك ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىدۇق. ھاجىمنىڭ جانلىنىپ، كۆزلىرىنىڭ يېنىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. ئاندىن ئۇنىڭ «چىقىپ قاراپ باقايلى، قارىيھاجىم بولۇپ قالمىسۇن!» دېگەن گېپى بىلەن

ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ھويلىنىڭ ئالدىدىكى يولغا چىقىپ تۇرۇۋېدۇق، ئىككى قارا ماشىنا يىراقراق توختىدى. ھاياجان بىلەن ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا دوئغاسلاپ كېتىپ بارغان ھاجىم ماشىنىدىن چۈشكەن ئادەمنىڭ قارىيھاجىم ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن چىپپىدە توختاپ قالدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ ھاجىمكا؟

ماشىنىدىن چۈشكەن ئېگىز بويلۇق، كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، قارا كۆزئەينەك تاقىغان، تاقىرباش كىشى نەۋرە ئاكام ئىدى. مەن ئىمىن ھاجىمنىڭ ئىنتايىن قولايسىز ھالەتتە نەۋرە ئاكام بىلەن مەيۈسلارچە كۆرۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھاجىمكام قارىيھاجىمنى يەنىلا جاھان كېزىپ، پۈتكۈل شەھەرنى ئويناپ يۈرگەن ئاكامدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. تۇيۇقسىز نەچچە ئاي بۇرۇن ھوقۇقدار بىر ئادەمنىڭ تويىدا نەۋرە ئاكام بىلەن بىرگە تۇرغاندا قارىيھاجىمنىڭ ئاتايىتەن يىراقتىن ئاكامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام قىلىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتكەنلىكىنى، نەۋرە ئاكامنىڭ قارىيھاجىمغا سوغۇقلا مۇئامىلە قىلغىنىنى ئەسلەپ قالدىم.

مېھمانلار ھاجىمغا ياقمىغان بىلەن باشقىلار ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. «بورانكام كەپتۇ» دەپ ھەممىسى گۇرردىدە بېرىپ سالام بېرىشتى. نەۋرە ئاكام مەن بىلەن ئاتايىتەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بارمۇ سەن، خوتۇن ئېلىۋېلىپلا ئاكاڭنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ! — دېدى نەۋرە ئاكام ئېيىقنىڭ پەنجىرىسىدەك يوغان، قاتتىق ئالىقىنى بىلەن مۈرەمگە بىر قويۇپ.

— ئۆزۈڭ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭ! ئىزدەپ تاپماق تەس ھازىر سېنى!

— ئۇنى بىر دېمە، ھازىر باشقۇرۇش دائىرەم كېڭىيىپ كەتتى. بىر يەردىمۇ تۇرالمايمەن، ھېلى ئۇ شەھەر، ھېلى بۇ شەھەرگە قاتراپ. مەن بولمىسام ئۈكىلىرىم تۈزۈك ئىش قىلالماس بولۇپ كەتتى. ماڭا قېتىلىپ ئوڭ قول بولامسەن-يا؟!

ئۈندىمىدىم. ئوڭ قول ياكى سول قول بولغۇم بولسا بۇرۇنلا بولغان بولاتتىم. ئەمما مېنىڭ بۇنداق قارا يولدا ماڭغۇم يوق ئىدى. نەۋرە ئاكام ماڭغان يولنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئاخىرى چىقمايدىغان يول ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. باشقىلارغا دۈشمەن بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھارام ھەققىنى يەپ ياشىغاندىن سېرىقتال ياشىغىنىم ئەۋزەل ئىدى. نەۋرە ئاكاممۇ زىغىرلاپ كەتمىدى. ئەمەلىيەتتە نەۋرە ئاكامنىڭ بۇ گەپنى مۇنداقلا پەرۋاسىز ئېيتىپ قويمىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئادەتتە بىر گەپنى ئويلىماي دېمەيدىغان، بىر ئىشنى ئويلىماي تۇرۇپ قىلمايدىغانلاردىن ئەمەستى ھەم بىر گەپنى بىرسىگە بىر قېتىملا پۈركەپ رايى يوقلۇقىنى بىلىپ قالسا، شۇ ئادەم ئۆزى ئېغىز ئاچمىغىچە ئېغىز ئاچمايتتى. ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتمەي ياندىشىپ كېتىپ بارغاچ ئىمىن ھاجىمغا چاقچاق قىلدى.

— ھە، ھاجىكا، ئەجەب دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىڭغۇ؟ مېنى كۆرۈپ تازا خۇش بولمىغاندەك قىلامسەن نېمە؟

— نەدىكىنى بالام، ساق-سالامەت تۇرغىنىڭنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدۇم. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئامان قىلسۇن.

— لېكىن چىرايىڭ باشقىچە، بىر ئىش بولغاندەكلا؟

— باشقا ئىش يوق، شۇ ئازىراق ئىچ پۇشۇقى تارتىۋالدى.

ئەركىن پايپاق ھاجىمنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى. ھاجىم پايپاققا ئالىيىپ قارىدى.

— مانا ئىچ پۇشۇقىڭنى ھەل قىلىشقا بىز تەييار. ئاتىمىزنىڭ ئورنىدىكى ئادەمسەن، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەكمۇ ئايىغىڭ ئاستىدىكى توپا بولۇشقا رازى. قېنى ئېيتە، سېنى خاپا قىلغان كىم ئۆزى! كىمدە دەردىڭ بار، پۈتىنى چاقىمەنمۇ، بارمىقىنى كېسىمەنمۇ؟

نەۋرە ئاكامنىڭ ھەم جىددىي ھەم چاقچاق ئارىلاش دېگەن گېپىدىن ئىمىن ھاجىم خۇددى نەۋرە ئاكام ھازىرلا بىرسىنىڭ قولىنى كېسىۋېتىدىغاندەك چۆچۈپ كەتتى.

— خۇدايا توۋا دە بالام، مېنىڭ كىمدە ئەنتىم بولار؟ چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمىگەن مۆمىن كىشىمەن. ئەمدى ساقال پۈتقا ياماشقاندا مېنى گۇناھكار قىلما!..

— ھا... ھا... قورقما ھاجىمكا، سېنى گۇناھكار قىلمايمىز، ئۆزىمىز قىلغان ئىشقا ئۆزىمىز ئىگە. قېنى ئېيتە كىمنى جايلايمىز؟

— بىسمىللا دە، بالام بىسمىللا! جايلايمىز دېگىننىڭ نېمە گەپ ئۆزى، ئاخىرى ئالLAH ھەممىزنى جايلايدۇ، ئۇ چاغدا ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايسەن، تولا ئادەمنى گۇناھقا شېرىك قىلماي... دېگىنە نېمىشقا كېلىپ قالدىڭ بۇياقلارغا...؟

— ماۋۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، ھاجىمكا! ئۆزىمىز چوڭ بولغان مەھەللىنى كۆرگۈم، سىلەرنى يوقلىغۇم كەلدى.

— ھە ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى بالام. ياخشى كۈنگە ئۈلگۈرۈپسەن...

— قارىغاندا توي بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— قويغىن شۇ توينى، ئەمدى بۇندىن نېرىسىغا بۇ مەھەللىدە توي بولمايدىغان چېغى... رەھمەتلىك ھېكىماخۇننىڭ نەزىرىگە ئۈلگۈردۇڭ.

— مۇنداق دە، ئەمما ھېچبىر نەزىر بولغاندەك ئەمەس...

— نەزىرلىقىغۇ نەزىرتى، ئەمدى سىز كەلدىڭىز توي بولۇپ كېتىدىغان بولدى.

ئىمىن ھاجىم ئابدۇقادىرغا ئاغزىڭنى يۇم دېگەندەك ئالىيىپ قارىدى.

نەۋرە ئاكام گەپ قىلمىدى. بىز نەۋرە ئاكاملارنى نەزىر بولغان ئۆيگە باشلىدۇق. گۆشنى ئوبدان بېسىپ بىر نەچچە لېگەن پولۇ ئەكىردۇق. نەۋرە ئاكام باشلاپ كەلگەن باللارنىڭ تۆتىلىسىنىڭ تەلەتى بىر-بىرىدىن سۆرۈن ئىدى. بۇرۇن مەن بۇلارنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. تاماق ئارىلىقىدا كۆپ گەپ بولۇنمىدى. مەن ئەركىن ھېسامنىڭ نەچچە قېتىم چاقچاق قىلىمەن دەپ ئاغزىنى ئۈمەللەپ جىمىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. تۇيۇقسىز كاللامغا بىر غەم چۈشۈۋالدى. نەۋرە ئاكامنىڭ كېلىشى تەسكە توختايتتى. راستنى ئېيتقاندا ئۇ مېنى دەپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا بەزى ئادەملەر نەۋرە ئاكامنىڭ تېلېفون نومۇرىغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ نەچچە مىڭ كويلاپ داستىخان سېلىپ ئاۋارە بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاتايىتەن دوستلىرىنى باشلاپ كېلىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان؟ ئەسلىدە ئۆيگە داستىخان ھازىرلاپ، گۆش سېلىپ، يەرلىك توخۇدىن نەچچىنىڭ بېشىنى كېسىشىمىز، يەنە نەچچە شېشە ئويناپ قويۇشىمىز كېرەك ئىدى. شۇغىنىسى نەزىر بولۇپ قالدى-دە؟ «چۈمۈلە»نىڭ يېقىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاراق قويۇپ يۇرسەم قانداق بولار؟

بېشىم قېتىپ ئەتراپقا قارىسام پايىنەك بىلەن تۆتىگۆز «ھە بۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ بىر گەپ قىل» دېگەندەك ماڭا قاراپ ئىشارەت قىلىشتى. شۇ چاغدا رېھىم تاغار مېنى سىرتقا چاقىرىپ سالدى.

— بۇرادەر ئەزىز،— دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ،— مەن تېخى ئەخەت بوراننىڭ سىلىنىڭ نەۋرە ئاكىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئېسىل، مەردانە يۈرۈشلىرى بىكار ئەمەسكەن! مۇنداق قىلايلى، رۇخسەت قىلسىلا كەپىمگە بىر ئاددىي داستىخان سالاي! شۇ تاپتا ئاشمۇ، گۆشمۇ تەييار... بىر-ئىككى بوتۇلكا ئويناپ قويارمىز، گۇناھى بولسا ماڭا بولار؟ قانداق قىلىمىز ئېسىل مېھمان كېلىپ قاپتۇ، ئەمەسمۇ؟

شۇ تاپتا كاللام 200 ۋاتلىق لامپۇچكىدەك لەپپىدە يورۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ، رېھىم تاغارنىڭ ئۆيى ئەڭ ئەپلىك، ئۇ بويتاق بولۇپلا قالماستىن، تېخى گۇناھتىن قورقمايتتى. «چۈمۈلە»نىڭ روھى رەنجىسىمۇ مۇشۇ رېھىم تاغاردىن رەنجە، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟

— ئوبدان گەپ قىلدىڭىز، ئۇنداقتا سەي-پەيگە مەن تۇراي. ئايالنى چاقىرتىپ گاچچىدە نەچچە خىل قورۇما قىلغۇزاي! مېھمان قىلغاندىكىن ئوبدانىراق قىلمىساق بولماس... شۇ مەينىڭ ئىشنى قانداق قىلارمىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ! ئاقتىن ئىككى يېشىك بار.

— بوران ئاق ئىچمەيدۇ. ھاراقنى بەك تاللايدۇ.

— ئۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىنى باسقان ھەقىقىي ئاۋات مۇسەللىسىدىن نەچچە تۇڭ بار. بىر كۈنى ئۆزىڭىز بىلەن ئايرىم ئىچەرمىز، دەپ بېسىپ قويغان...

— بۇمۇ بولغىدەك، شەھەرلىكلەر تاماق ئاددىي بولسىمۇ يەرلىك، ساپ بولۇشنى ياقتۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ يېنىپ كىرىشتۇق. ئۆيگە كىرگەندە بىردىنلا يېنىكلەپ، روھلىنىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. سۇپىنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرغان رېھىم تاغار كۆزۈمگە باشقىدىن ئىسسىق كۆرۈندى.

تاماقتىن كېيىن ھەممىمىز ھاجىمغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. شۇ پەيتتە دۇئاغا خۇشياقا- خۇشياقماس قول كۆتۈرگەن، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان نەۋرە ئاكام باشلاپ كەلگەن قاتىل چىراي يىگىتكە كۆزۈم چۈشتى. ئىمىن ھاجىم دۇئانى ناھايىتى ئۇزاق ئوقۇغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلىدىغان ئايىتى تۈگىدىمۇ ياكى خۇشياقمىدىمۇ قولىنى نەچچە قېتىم چۈشۈرۈپ، نەچچە كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھاجىمغا قاپاق تۈرۈپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بەلكىم شۇ تاپتا ئۇ ئايەتمۇ ئوقۇمىغان، ھەتتا ئوقۇيدىغان ئايەتنىمۇ بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. نەۋرە ئاكامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭ مۇھىم ئادىمدەكمۇ قىلاتتى. ئوڭ قولى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، دېگەننى خىيال قىلىۋېدىم، ئىچىم بىردىنلا ئاچچىق بولدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. خۇددى ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋالغاندەك گىدىيىپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالسام قانداق قىلىشنى ئويلاپ قالدىم. بويى-بەستى ۋە چىرايىدىن قارىغاندا سەل پەمسىزرەك ئەمما كۈچتۈڭگۈر نېمىدەك قىلاتتى. بىلەكلىرى توم-توم، قىسقا، بويىنى يوق بىلەن بارنىڭ ئارىلىقىدا، دوغىلاق كەلگەن ھالىتىدىن ئۇنىڭ بىلەن پومداقلىشىپ تۇتۇشۇشقا بولمايتتى.

دۇئادىن كېيىن رېھىم تاغار ماڭا قارىدى. بۇ ئۇنىڭ قېنى سىز بىر نەرسە دەڭ دېگىنى ئىدى. مەن: «بولدى، ئۆزىڭىز دەۋېرىڭ» دېگەندەك قىلىپ بېشىم بىلەن ئۇنىڭغا شەرەت قىلدىم. ئۇمۇ ئارتۇق تۇزۇت قىلماي، كاڭ قىرىدىن يەرگە چۈشتى ھەم قوللىرىنى ئالدىغا قوۋۇشتۇردى.

— بورانكا، بۇ يەر سەل قىيا-چىياچىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمى ئاران يەتكەندە مۇڭدىششقا تازا ئەپسىز. پېقىرنىڭ ياندا بىر غۇربەت كەپەم بار، ئۆزلىرىنىڭ، مۇشۇ يەردىكى بارلىق بۇرادەرلەرگە باش بولۇپ، كەپەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن. ئاددىي بولسىمۇ كۆڭلۈم بار ئىدى. بىر داستىخان سېلىۋالسام قانداق دەيسلەر بۇرادەرلەر!...

مەھەللىدىكىلەر «شۇنداق قىلايلى!» دەپ ئاۋاز قوشتۇق. نەۋرە ئاكاممۇ تۇزۇت قىلماي ئورنىدىن تۇردى.

شۇنداق قىلىپ رېھىم تاغارنىڭ ئۆيىگە جايلاشتۇق. نەۋرە ئاكام مېنى ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. رېھىم تاغار داستىخان راسلاش بىلەن پايپاسلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەتىگەندىكى ئىمىن ھاجىمنىڭ يېنىدا ساقال تاراپ ئولتۇرغان ھالىتى پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. رېھىم تاغار بىردەمدە شاپاشلاپ يۈرۈپ، يەنە نەچچە لېگەن پولۇ ھەم گۆشلەرنى ئەكىرگۈزدى. ئاندىن مېنى بىر يانغا چاقىردى. ھويلىغا چىقسام تاغارنىڭ قولىدا بىر خالتا تۇرۇپتۇ.

— سەممەتجان، جېنىم قوشنام، مۇشۇ توخۇ بىلەن كەپتەرنى ئاياللىرىغا دەپ شورپا قىلغۇزساق قانداق بولار؟ مەن تازا قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيدىكەنمەن.

خالتىغا قارىۋېدىم، راستتىنلا توخۇ، كەپتەردەك نېمىلەر بار ئىكەن. مەن باياتىن بېرى ئۇنىڭ ئەركىن پايپاق بىلەن قېيۇم توڭگۇزنى چاقىرىپ چىققانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ بىردەم يوقاپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كىرگەنلىكىنى ئويلاپ، رېھىم تاغارنىڭ ئەركىن پايپاققا كەپتەر، توڭگۇزغا توخۇ ئەكەلدۈرگەنلىكىنى پەملىدىم. دېمەك رېھىم تاغار ھەممەيلەننى ئىشقا سېلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بۇ نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولغىنى ياخشى بولدى. مەن شۇنى ئويلاپ رېھىم تاغارغا قايىل بولۇپ، خالتىنى ئېلىپ ئۆيگە ماڭدىم. دەرۋازا تۈۋىدە ئىككى ساندۇق ھاراقنى ئىرغاڭشىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ھېزىم پايىنەككە ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ قولىدا يەنە بىر مۇنچە يالتىراق خالتىدا تاماكا، دادۇر، گازىر دېگەندەك بىر نەرسىلەر تۇراتتى.

— يائاللا، ئاداش ماۋۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگىنە... بەلنىڭ كۈچى قالمىدىمۇ ئەجەب ھېرىپ كەتتىم دېسە...

ئۇنىڭ ئەتىگەن ئۆيدە پۇل قالمىغانلىقتىن خوتۇنىنىڭ نەۋرە تۇغقىنىنىڭ تويىغا ئاپىرىدىغان 50 سومنى بېرەلمەي ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى دادلاپ بەرگىنى يادىمغا يەتتى.

— پۇل يوق دەۋاتاتتىڭ، بۇلارنى نېمىگە ئالدىڭ؟

— نېمىگە ئالاتتىم، ئاداش يەنە شۇ گەدەنگە

يېزىپ قويدۇق.

ئۇ شۇنداق دېگەچ گەدىنىنى سىلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭ تاقىر كاللىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن قىپقىزىل گەدىنىدىكى قورۇقلارغا قارىدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ قىزىل گەدىنى خۇددى قىزىل سىياھتا يېزىلغان قەرز ھۆججەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەندەك بىلىندى. ئەگەر ئۇنىڭ گەدىنىگە مۇشۇنداق يېزىۋېرىپ تۇشۇپ كەتسە، كېيىن نەرىگىمۇ يازار دېگەننى خىيال قىلىپ قالدىم.

— سىنى ھاراققا تاغار چىقارتتىمۇ، ياكى ئۆزۈڭ...؟

— تاغار گەپنى چىقاردى، ئۆزۈم ماڭدىم. قانداق دەيسەن؟

— بايا پو ئېتىپ ھاراققا مەن تۇراي دەۋاتاتتى، شۇڭا دەيمىنا...؟

— شۇنداقمۇ؟ شۇڭا يانچۇقنى يالغان كولاپ كېتىپتىكەندە؟ پۇلغۇ سۇنغان، ئالمىدىم. ئاشۇ تاغارنىڭ قولىدىن پۇل ئېلىپ خەجلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغۇچە مۇشۇ گەدەن ياخشى جۇمۇ سەمەتجان.— ھېزىم پايىنەك شۇنداق دەپ گەدىنىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، قولىدىكى ھاراقنى يەرگە قويدى ھەم خالتىنى كۆرسىتىپ سورىدى.

— ئىچىدىكى نېمە؟

— تۇخۇ، كەپتەر دېگەندەك...

— تۇخۇ تۇڭگۇزنىڭ، كەپتەر پايپاقنىڭ دېگىنە...

— قانداق دەيسەن؟

— بىزغۇ مەيلى، مانا مەھەللىمىزنىڭ گۈلى، يىگىتلەرنىڭ بېشى بولغان سەنمۇ رېھىمنىڭ تاغىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپسەن... بۈگۈنمۇ شۇ كەلگۈندىنىڭ گېپى بىلەن 200 كوي قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى، دېسە.— ھېزىم پايىنەك شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ تۇيۇقسىز گېپىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. ھەم ئالدىراپ تۈزىتىش بەردى.

— بۇنداق دېسەم يەنە ئىككى توك-توك پۇلغا قارنى ئاغرىدى، دەپ قالما جۇمۇ؟ بورانكام ئۈچۈن ھېلىغۇ ئىككى-ئۈچ يۈز سومكەن ئىككى-ئۈچ مىڭ ھەتتا 20-30 مىڭلارنى خەجلىۋەتسەكمۇ قارنىمىز ئاغرىمايدۇ. ئەمما-زە، كېلىۋېتىپ تۇيۇقسىز مۇشۇ كەلگۈندى بېشىمىزغا چىقىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ، قورسىقىم كۆپۈپ قالدى. بۇرۇن سەن بىلەن بىزنى كىم ئىشقا بۇيرۇيالايتتى، نېمە بولىدۇق دەيمەن. قاچانمۇ قىسىلماي، قولىمىز پۇل كۆرۈپ، ھاراق دېگەننىڭ ئەڭ ئېسىلىنى ئەكېلىپ، چېچىپ خەجلەپ ياشايدىغان كۈنلەر كېلەر دەيمەن. ئۆيىمىزنى قاچانمۇ ئېلىپ كېتەر؟

پايىنەك شۇنداق دەپ ھاراقنى ئېلىپ سورۇنغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ گېپى بىلەن مەنمۇ بىر قىسما ھالدا ئۆيگە ماڭدىم. تويۇقسىز مەنمۇ رېھىم تاغارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭغانلىقىمنى ئويلاپ قورسىقىم كۆپتى. ئارقامغا يېنىپ، تاغىرىنى كاللىسىغا ئاتايمۇ-يا، «كىمنى ئىشقا بۇيرۇۋاتىسەن؟!» دەپ. ياق، پايىنەكمۇ ئارتۇقچە ئويلىۋاپتۇ. بىر تەرەپتىن پۇلغا قورسىقى كۆپكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. تاغارمۇ شۇ نەۋرە ئاكامنى دەپ پايپاسلاپ يۈرمەمدۇ، بۇنى قانداقمۇ ئىشقا بۇيرۇش دېگىلى بولسۇن، ئەمما-زە، ئىشلار ھەممىسى تاغارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىچە مېڭىۋاتقانلىقىغا قارىمامدىغان؟ دېمىسىمۇ بۇرنىمىزدىن يېتىلەپ كېتىۋاتىدۇ. مانا ئۇ پەقەت قۇرۇق ئۆينى چىقىرىپلا، ھەممىمىزنى ئىشقا سېلىپ، بىر تىيىن خەجلىمەيلا، سورۇن ھازىرلاپ بولدى. قارىغاندا بۇ تاغارنى ھەقىقەتەن بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك. دىققەت قىلماي تومۇرۇمنى تۇتقۇزۇپ قويسام، مەنمۇ ئۇنىڭ قول ئاستىغا چۈشۈپ كەتمەي، يانا...

شۇلارنى ئويلاپ ئۆيگە كىرسەم خوتۇن قازان بېشىدا قورۇما قورۇش بىلەن ئاۋارە ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ، خىزمىتىدىن دوكلات قىلغىلى تۇردى.

— ئۈچ خىل سوغۇق سەي قىلىپ قويدۇم، يەنە ئۈچ خىل گۆشلۈك قورۇما قىلسام يېتەمدۇ؟

— يېتىشىنىغۇ يېتىدۇ. گۆشنى نەدىن تاپارمىز ئەمدى؟

— گۆشتىن غەم يېمەي، ئاۋۇ تەڭنىگە بىر قاراڭە... قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك قىلىپ بېرەي!

مەن بىر ياندا ئاغزى داستىخان بىلەن يېپىقلىق تۇرغان يوغان تەڭنىگە قارىدىم ھەم ئېچىشىپ داستىخاننى قايرىدىم. تەڭنىگە قاتلاپ باستۇرۇپ قويغان يېرىم قوينىڭ گۆشىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

— ھوي، بۇ گۆش نەدىن كەلدى، ئەمدى؟

— رېھىمجان ئەكىرىپتۇ...

— نېمە رېھىم تاغارما؟

— ھە، نېمىگە ھەيران قالدىڭىز؟ سىز تىللاپ

يۇرگەن بىلەن ھەرھالدا قارنى ـ كۆكسى سىزدىن كەڭ، تاغاردەك يوغانكەن. «سەمەتجان جىق جاپا تارتتى، باشقىلارغا دېمەي، بۇ يېرىم قوينىڭ گۆشىنى قايىنتىپ يەۋالارسىلەر!» دەپ ئەكىرىپتۇ. ئالماي دېسەم ئۇنىمىدى. «ھېكىماخۇننىڭ نەزىرىگە ئاتاپ سويغان قوينىڭ گۆشتى، باشقىلار يېگەندىن يېقىن قوشنىسى يېسە ساۋاب بولىدۇ» دەيدۇ. بوپتۇ، دەپ ئالدىم شۇ.

مەن بىردە خۇشال بولغان بولساممۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدىم.

— ئالمىساڭمۇ بوپتىكەن، باشقىلار ئاڭلىسا نېمە دەر...؟

— «يامانلىقاق خوجامنىڭ خۇرجۇنى بوش» دەپتىكەن. سىزلا شايى قىلىپ يۈرمىسىڭىز كىم دەيتتى. ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىسۇن، پەرۋايىم پەلەك! ھېلىمۇ ھېكىماخۇننىڭ گەدىنىدە بىزنىڭ ھەققىمىز كۆپ، بىز يەپ سالساق ھېچ بولمىسا روھى خۇش بولۇپ قالار... سىز تىللاپ يۈرگەن بىلەن ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭىز ئىچىدە مۇشۇ رېھىمجاننىڭ ئەقلى ـ ھوشى بار، مەرد، ئۇغۇلبالىدەك ئادەمكەن. سىزمۇ، بىر تىيىنلىك پايدىسى يوق لاكا ـ لوزۇڭ ئادەملەرگە ئارىلىشىۋەرمەي، مۇشۇ رېھىمجاننىڭ قوتىغا بىر ئىككى يىل كىرىۋالغان بولسىڭىز، ھال ـ كۈنىمىز بۇنىڭدىن ياخشى بولاتتى بىزنىڭ...

— تۈزۈك گەپ قىل! ئۇنىڭ، بۇنىڭ قوتىغا كىرىپ يۈرۈيدىغان كۆرۈپ قالدىڭما؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك مۇشۇ رېھىم تاغارنىڭ ـ ھە؟! خېلى غۇرۇرى بار ئوغۇل بالىمىز، بۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

مەن شۇ گەپنى قىلغاچ تەڭنىدىكى گۆشنى قولۇمغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ باقتىم. گۆش 12 ـ 13 كىلو كېلىشى مۇمكىن ئىدى. تۇيۇقسىز بۇ گۆش قارا باش قوينىڭمىدۇ ياكى سېرىق باشنىڭمۇ؟ دېگەننى ئويلاپ قالدىم. ئادەتتە ھەممە نېمىنىڭ قارىسى دورىلىق ھەم كۈچلۈك كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئادەمنىڭمۇ قارىسى ـ قارا تەنلىكلەر ھەممىدىن ئېگىز ھەم كۈچلۈكمىش. چۈمۈلىنىڭ قارىسىمۇ يامان، قارا توخۇنىڭ گۆشى، تۇخۇمى، قارا ئىنەكنىڭ سۈتى، ئىشقىلىپ، «ئاق سۆيدۈرەر، قارا كۆيدۈرەر» دېگەندەك ئاياللارنىڭمۇ قارامتۇلراق كەلگىنىنىڭ مېھرى ئىسسىق، تاتلىق كېلىدۇ. مەن شۇ خىيال بىلەن قازان بېشىدا ئەپچىللىك بىلەن قورۇما قورۇۋاتقان ئايالىمنىڭ تولغان ساغرىسى ۋە قارامتۇل ئوچۇق بىلەكلىرىگە قارىدىم. ئايالىم ئۇچىسىدىكى قارىلىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالغان بولۇپ، تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىۋالغان ئىدى. ئارقىغا قويىۋەتكەن چاچلىرىنىڭ پارقىراقلىقى ۋە ھۆللۈكىدىنمۇ قارىغاندا ھازىرلا يۇيۇپ چىققاندەك قىلاتتى.

— نېمە تام تەشكەندەك قارايسىز؟ بۈگۈن مېنىڭ ئۇرۇشقۇم يوق، كەيپىم بەك چاغ. قولىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟

— توخۇ بىلەن كەپتەرتى، شورپا قىلىپ بېرەمسىز؟

— ئەمىسە گاچچىدە تازىلاپ بەرمەمسىز، يا تۈك ـ پۈكلىرى بىلەنلا قازانغا سالامتىم؟

مەن گەپ قىلماي ئارقامغا ياندىم. دېمىسىمۇ خالتىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرگىنىم نېمىسى، سوغۇقۇم ئېشىپ كېتىپ ئەقلىم ئاجىزلاپ كېتىۋاتامدۇ ـ نېمە؟

شۇلارنى ئويلىغاچ تاغاردىكى توخۇدىن بىرنى ئالدىم. قولۇمغا چىققىنى بىر يوغان ئاق خوراز بولدى. تاجلىرى ئېگىلىپ، دوكۇرلىرى كۆتەمەكلىشىپ قالغىنىغا قارىغاندا خېلى ياشىنىپ قالغان خورازدەك قىلاتتى. ئەمما ئەتلىك ئىدى. مەن خورازنىڭ بېشىنى قىبلىگە قىلىپ، ياندىكى پىچىقىمنى غىلاپتىن چىقاردىم. بۇ ئاتامدىن قالغان كونا پىچاق بولسىمۇ، ھەققىي پولاتتىن سوقۇلغان بولغاچقا يېڭىدەكلا پارقىراپ تۇراتتى. قارا قوچقارنىڭ مۈڭگۈزى يېپىشتۇرۇلغان ساپىقىمۇ شۇ پېتى پارقىراق ئىدى. مەن ئاخشام ئەگەر «چۈمۈلە»نىڭ نەزىرىگە قوي ئۆلتۈرۈپ ياكى گۆش پارچىلاپ قالسام دەپ پىچاقنى بىلەپ قويغانتىم. قوي بوغۇزلاشقىمۇ نېسىپ بولمىدى. مانا ئەمدى توخۇ بولسىمۇ ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم. بۇ پىچاقنى شۇنچە يىللاردىن بۇيان يېنىمدىن ئايرىماي ساقلاپ كەلگەنىدىم. ياشلىقىمدا نەۋرە ئاكامغا ئەگىشىپ كوچا سوراپ يۈرگەن چاغلاردا مۇشۇ پىچاق بىلەن يۈرىكىم توق ئىدى.

مەن پىچاقنىڭ يالتىراپ تۇرغان قەغەزدەك نېپىز بىسىغا قاراپ تۇيۇقسىز ئاتامنى ئەسلەپ قالدىم. ئاتام ھەر قېتىم قوي ياكى توخۇ چالغىلىق بىرەر نەرسە سويغاندا مەيلى پىچىقى قانچىلىك ئىتتىك بولسۇن يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە بىلەيتتى.

«گال پىچاقتا مال ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ. شۇڭا

پىچىقلىق ئىتتىك بولۇشى، مال جان ئازابىنى تۈيمايدىغان قىلىشى كېرەك! شۇنداق بولغاندا ئاللا راۋا كۆرىدۇ. ئەگەر قىينىۋەتسەڭ، ئۇ دۇنيادا ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىدۇ.»

پىچاقنىڭ ئىتتىكلىكىدە گەپ يوق. مەن خورازنىڭ بوينىنى قايرىپ، پىچاقنى ئۇنىڭ لىپىلداپ تۇرغان قىزىل بوينىغا ئاپاردىم ھەم ئاتامدىن تولا ئاڭلاپ ياد بولۇپ كەتكەن ئايەتلەر تەكرارلىدىم.

خورازنىڭ بويندىن چىرىلداپ ئاققان ئىسسىق قان پىچاقنىڭ بىسىنى بويلاپ قولۇلىرىمغا ياماشتى. پىچاقنى بەك ئۇرۇۋەتتىمۇ قانداق، خوراز بېشىدىن چورتىلا ئۈزۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. خوراز خېلى ئۇزاق تىپچەكلەپ جىمىپ قالدى. شۇ چاغدا يەنە ئاتامنىڭ تۇنجى نۆۋەت مېنى توخۇ بوغۇزلاشقا سالغاندا پىچاق سۇرۇپ بولۇپ قورقۇپ كېتىپ خورازنى قويۇۋەتكىنىم، يېرىمجان خورازنىڭ پالاقشىپ ھەممە يەرگە قان چاچرىتىپ ھويلىنى رەسۋا قىلغىنىنى ھەم نابابلىقىم تۈپەيلى ئاتامدىن تاياق يېگىنىم يادىمغا يەتتى. چاتاق يېرى ئاتام مېنىڭ مۇشۇنچىلىك بىر نەرسە بوغۇزلىيالايدىغانلىقىمنى بىلمەي كېتىپ قالغان ئىدى. كۆرگەن بولسا خۇش بولۇپ قالاتتى ـ دە...

توخۇلارنىڭ ئىككىنچىسى بىر چار مېكىيان ئىكەن. بۇ ئاجىزە تولا تۇغۇپ ھالىدىن كەتتىمۇ ياكى بەك قېرىپ كەتكەچكىمۇ تۈك ۋە پەيلىرى چۈشۈپ دۈمبىسى خۇددى ھېزىمنىڭ بېشىدەك يالىڭاچلىنىپ قالغان ئىدى. ھېزىم يېنىمدا بولغان بولسا بۇ مېكىيانغا دارتىملاپ تازا مازاق قىلىۋالاركەنمەن، دېگەننى ئويلاپ ئىچىمدە كۈلدۈم. ئەمما بۇنداق سەت، تاز مېكىيانلار ئادەتتە بەك تۇغۇشچان كېلەتتى. تولا تۇغۇپ ھالىدىن كەتكەن بۇ مېكىيان خورازدەك كەپسىزلىك قىلماي، نېمىشقىدۇر تەقدىرگە تەن بەرگەندەك شۈكىدە تۇردى. ئەگەر خوتۇن كىشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ ياۋاش، قانائەتچان خوتۇن بولاركەنتۇق، دېگەن خىيال يادىمدىن كەچتى ـ دە، پىچاقنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا ئاپاردىم. مۇزدەك تىغ بوغۇزىغا تەگكەندىمۇ جىم ھالدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرغان مېكىيانغا قاراپ توختاپ قالدىم. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ تېپىرلىشىنى ھېچ بولمىسا جان تالىشىپ ئازىراق بولسىمۇ قارشىلىشىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. ئەمما ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، جىمجىت

ياتتى. بەزى مېكىيانلارنى كىچىكىدىن مىجىقلاپ ئۆگىتىپ قويسىڭىز قولىڭىزنى ئەكىلىپ بولغىچە موكىكىدىلا ياتىدىغان بولۇپ قالاتتى. بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيدىكى بىر مېكىيانىنىمۇ مەن شۇنداق قىلىپ ئۆگىتىپ قويغانىدىم. ئۇ مېكىيانىنى چۈجە ۋاقتىدا رەھمەتلىك چوڭ ئاپام ماڭا بەرگەنىدى. مەن ئۇنى كىچىكىدىنلا مىجىقلاپ تۇتۇپ ئويناپ، خالىسام ئاغزىغا دان تىقىپ، خالىسام تېپىپ، قوغلاپ چوڭ قىلغان ئىدىم. كېيىن ئۇ مېكىيان بالاغەتكە يېتىپ، تۇخۇم تۇغۇپ، بالا بېقىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردىمۇ مەن شۇنداقلا كەلسەم، قاچىماي موكىكىدە يەرگە ياتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كېيىن مېكىيانىنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى. بۇ مېكىيانىنىمۇ بەلكىم يا قېيۇم تۇڭگۇز شۇنداق تۇتۇپ ئۆگىتىپ قويغان بولسا كېرەك؟ كىم بىلىدۇ، بۇ تولا تۇغۇپ، ھاياتىنىڭ شادلىقىدىن بەك ئازابىنى جىق تارتىپ، تۇرمۇشتىن، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆلۈمنى تىلەپ ياتقان بىچارىمۇ تېخى...

مەن شۇلارنى ئويلاپ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرسىز ھەم بارغانسېرى قەدىرسىزلىشىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ مۆمىن بىچارە جانىۋارغا پىچاق سۇردۇم. ئۇنىڭدىن جىقمۇ قان چىقمىدى. ئىككى تىپچەكلەپلا جېنىدىن جۇدا بولدى.

كەپتەرلەر توخۇغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاجىز ھايۋان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن پايپاق دېگەن چىڭگىز نەدىكى بەش تەڭگىگىمۇ ئالمايدىغان بىر ـ بىرىدىن ئورۇق ئەبگا باشكىچاقلارنى تېرىپ چىقىپتۇ. مەن دەسلەپ «بۇلارنىڭ بىرەرسى بولسىمۇ ياۋا چىقىپ قالار» دېگەن تەمەدە سىنچىلاپ قارىساممۇ بىرسىمۇ ئۇنداق چىقمىدى. ھەممىسى ئاتا ـ ئانىسى نامەلۇم ئارىلاشما باشكىچاقلار ئىكەن. دېمىسىمۇ ھازىر جىنىڭ ياۋنى تاپماق تەس بولۇپ كەتكەندە پايپاقنىڭ ئېسىل كەپتەرنى هاراقكەشنىڭ زاكوسكىسىغا تاشلاپ بەرمەيدىغىنى ئېنىق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ھېلىقى تاغنىڭ ياۋىسىدىن چىقارغان باچكىلىرىنى ئويلاپ قالدىم. شۇ تاپتا ئۇ باچكىلارمۇ پىچاققا يارىغۇدەك بولۇپ قالغاندۇ؟ شۇ باچكىدىن بىر نەچچىنى ئەپچىقىپ، بىلمىگە قان قىلىپ، شورپىسىنى ئىچىۋالىدىغان بولسام، مىجەزىم ئوڭشىلىپ ئايغىردەك بولۇپ كېتەتتىم ـ دە؟... ئەمما ئۇ چىڭگىزدىن بىر نەرسە ئالماق «پېتىر ناندىن قىل ئالماق» تىنمۇ تەس ئىش، قېنى، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، چوقۇم ئالماي قويمايمەن...

كەپتەردىن جىق قانمۇ چىقمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئالغاندا، ئوتتەك بىر ھارارەتتىن قولۇم ئېرىپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ ھارارەت شۇنداق ئىسسىق ۋە يېقىملىق ئىدى. تۇرۇپ: توخۇ بىلەن كەپتەر ئىككىلىسى قۇش تۈرىدىكى ھايۋان تۇرسا، كەپتەرنىڭ ئىچى نېمىشقا بۇنچە ئوتتەك ئىسسىق، توخۇنىڭ سوغۇق بولىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئىست، ئازراقشىما بولسىمۇ قېنىنى بىكارغا ئېقىتىپتىمەن ئەمەسمۇ، ئەسلىدە بەل ۋە پۇتقا سۈرۈپ قان قىلىۋالدىغان ئىشكەنتۇق. شۇ خىيال بىلەن ئىچ ـ قارنى پاكىزلانغان كەپتەر بىلەن توخۇنى ئايالىمغا تاشلاپ، ھويلىغا چىقىپ بىر تال چەكتىم ھەم چەككەنسېرى ئايالىم نېمىشقا ئورۇنسىز يۇيۇنغاندۇ، نېمىشقا تۇيۇقسىز بۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەندۇ؟ دېگەن خىيال كاللامغا كىرىۋالدى.

تۇرۇپلا كاللامدا ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى نەۋرە ئاكام بىلەن باغلاپ قالىدىغان غەلىتە بىر خىيال لىپ قىلىپ ئۆتتۈۋېدى، خوتۇنىنىڭ بىز ھويلىغا چىققاندا ئاتايىتەن نەۋرە ئاكام بىلەن كۆرۈشكىلى چىققانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ سەنلىشىپ، قەدىناس دوستلاردەك كۆرۈشۈپ كەتكەنلىكى يادىمغا كېلىشى بىلەن بىر قىسما بولۇپ قالدىم ھەم بۇ غەلىتە خىيالدىن تېزلا ياندىم. بەلكىم خوتۇنۇمغا جىق ياخشىلىقلارنى قىلغاچ، ئۇنىڭ نەۋرە ئاكامنى كۆرسە خۇش بولۇپ كېتىشى ئەقىلگىمۇ ئۇيغۇن ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرە ئاكامنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتكىنى يا بىرلا خوتۇنۇم ئەمەس، پۈتۈن مەھەللە تەۋرەپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ شۇنچىلىك ھۆرمىتى بار. راستىنى ئېيتقاندا مەنمۇ نەۋرە ئاكامنى ھەر قېتىم كۆرگەندە بىر ئىشەنچكە تولىمەن ھەم ھېچكىمدىن قورقمايدىغاندەك بىر خىل ھېسسىيات روھىمدا باش كۆتۈرىدۇ. خوتۇنىنىڭمۇ بەزىدە مانا شۇنداق پات ـ پات تۇتۇلۇپ، پات ـ پات ئېچىلىپ قالىدىغان تۇتۇرۇقسىز خۇيى بار. بەلكىم، بۈگۈن «چۈمۈلە»نىڭ نەزىرىدە مەھەللىدىكى خوتۇنلار بىلەن يىغىلىشىپ، يەپ ـ ئىچىپ غەيۋەت قىلىشىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندۇ؟ خوتۇن كىشى دېگەنمۇ مېكىيانغا ئوخشايدىغان نەرسە. پات ـ پات كوتۇلداپ تۇرسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ. خوتۇن بەلكى بىكارغا كېلىپ قالغان گۆشنى كۆرۈپ يايراپ كەتكەنمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەن خوتۇنۇمنىڭ خۇشاللىقىنى گۆشكە باغلاپ ئويلاش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بايىقى گۆشنى ماڭا كۆرسەتكەن ۋاقىتتىكى شادلىق يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بۈگۈنكى تاسادىپىي خۇشاللىقنىڭ سىرىنى ئاخىرى يەشكەندەك بولدۇم. دېمىسىمۇ كىممۇ ئۆيىگە بىكاردىن بىكار يېرىم قوينىڭ گۆشى كىرىپ قالسا خۇشال بولماي تۇرالىسۇن؟ راستىنى ئېيتقاندا، بايانتىدىن بېرى مەنمۇ ئاغزىمدا ياقتۇرمىغاندەك قىلغىنىم بىلەن خۇش بولغىنىم ئېنىق. باشلىقنىڭ ئۆيىدە چوڭ ـ چوڭ يەپ ئۆگىنىپ قالغان بىچارە خوتۇنۇمنىڭ بۇ ئۆيدە بۇنچىلىك گۆش كۆرمىگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغىنى راست. ئەلۋەتتە، گۆش دېگەنمۇ ئوبدان نېمە، بىر ئۆيدە گۆش يېتەرلىك بولسا شۇ ئۆينى مەمۇرچىلىق باسىدۇ. خوتۇنۇمنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈپ، قىچچىپ كېتىشكە ئاران تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى يالغۇز مېنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىمدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆيدە گۆشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىنمۇ بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، رېھىم تاغارنىڭ ئەكىرىپ بەرگەن گۆشى خوتۇنۇمنىڭ يۈزىگە ئىللىقلىق ئەكېلىپ قويغان گەپ. دېمىسىغۇ خېلى ئادىمەتچىلىكى بار، قولى ئوچۇق نېمىدەكمۇ قىلىدۇ. ئەمما خوتۇنىنىڭ رېھىم تاغارنىڭ قوڭىغا كىرىپ يۈرۈشۈم كېرەكلىكى ھەققىدە قىلغان سۆزى تازا بولمىغۇر گەپ بولدى. شۇ گەپنى ئويلىغانسېرى، پىغانىم ئۆرلىدى. رېھىم تاغار دېگەن رېھىم تاغار، مەن دېگەن كىم؟ سەمەتجانمەن. ئۇنداق رېھىم تاغاردىن ئونىنى يۇغۇرسىمۇ مەندەك سەمەتنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەڭ بولالمايدۇ. خوتۇن خەق دېگەننىڭ «چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» دېگەن بىكار چىققان گەپ ئەمەس. ھەق ـ ناھەقنى توخۇچىلىكمۇ پەرق قىلالمايدۇ. خەپ! قولۇمغا پۇلمۇ كىرەر، شۇ چاغدا سەمەتنىڭ قانچىلىك ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ قويىمەن. ھەي... شۇ كۈنلەر قاچانمۇ كېلەر...؟ ئۆيلىرىمنى بىر ئېلىپ كەتسە بولاتتى، دېگەن ئوي كاللامغا كېلىش بىلەن نەزىرىم دەرۋازىغا يېقىن نىقتاپ سېلىنغان ئىككى ئېغىز كېسەك ئۆيگە چۈشۈپ توختىدى. ئاشخانا ئۆيدىن ئايالىمنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ زەيدەپ كەتكەن تامنىڭ يېنىدىن بىر سىقىم توپىنىڭ شۇررىدە ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. تامنى بالدۇرراق سۇۋۇۋېتىش خىيالىغا كېلىپ، تاماكىنى يەرگە تاشلاپ ئۆيگە ماڭدىم.

3

گۆش ۋە ئاشلار بىرەر قۇر يېيىلىپ، قورۇمىلار تارتىلغاندا، سورۇن رەسمىي باشلاندى. رىھىم تاغار كاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈنۈپ، تۆت يوغان ئىستاكانغا بېرىملاپ هاراق قۇيدى. ئاندىن ئۇنلۇك ئاۋازدا گەپ باشلىدى.

— ئەمدى بۇرادەر ئەزىزلەر، بىردەم دىققىتىڭلارنى ماڭا بەرسەڭلار!

رىھىم تاغار شۇنداق دەپ ئەتراپقا قاراپ قويۇۋىدى. گۇدۇڭ-گۇدۇڭلار بېسىقىپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم، قايغۇ بىلەن شادلىق، نەزىر بىلەن توي تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ قوشماق كېلەرمىشكەن. مانا بۈگۈنمۇ يېقىن قېرىندىشىمىز ھېكىماخۇننىڭ نەزىرىنى بېرىمىز دەپ، قايغۇ ئىچىدە ئولتۇرساق، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئەخەتكام كېلىپ، قايغۇمىزنى شادلىققا ئايلاندۇردى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئەخەتكامنى خۇدايىم بىزنى قايغۇرۇۋەرمىسۇن، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۇرسۇن، دەپ ئەۋەتكەن چېغى. شۇ سەۋەبتىن شەخسەن پىقىرمۇ شۇنداق خۇش بولدۇم. ئەخەتكامنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ھېچبىر دىدار مۇلاقەتتە بولالمىغان ئىدىم. مانا ھالا بۈگۈنكى كۈندە بىر سورۇندا چاي ئىچىشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن ناھايىتىمۇ خۇش بولدۇم. شۇڭا قايغۇمىزغا شادلىق ئېلىپ كەلگەن ئەخەتكام باشلىق مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن مۇشۇ بىر رومكىدىن ھاراقنى تۇتۇۋالسام، مېھمانلار خالىغانچە، بىز ھارغىچە ئىچسەك. ئىشقىلىپ بىردەم مەيلىشىپ ھەم لەيلىشىپ قۇلاق مىدىرغىچە بىر ئىچىشسەك دەيمەن. قانداق دېدىم، بۇرادەرلەر!

— شۇنداق،— دېيىشتى ھەممەيلەن.

— ئەمىسە باشتا ئۈچ رومكىدىن تەپمە ھاراق قۇيۇپ تۇراي، ھاراق جىق كەتسىمۇ، پېقىردىن ئاغرىنىشماي ئىچىشىپ بەرسەڭلار! ئاۋۋال بورانكامدىن باشلايلى! ئەمىسە... قېنى...

رىھىم تاغار شۇنداق دەپ قولىدىكى ھاراقنىڭ بىرسىنى نەۋرە ئاكامغا سۇندى.

— توختاپ تۇر،— نەۋرە ئاكام شۇنداق دەپ رىھىم تاغارنى توختىتىپ قويدى.

— كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم ھەم ياخشى چۈشەندۇردۇڭ. ماڭا خېلى بولدى ئاق بىلەن ھەپىلەشمىگىلى،— نەۋرە ئاكام يېنىدىكى ھېلىقى بودەككە قاراپ ئېغىز ئاچتى،— ئالىمجان سەن چىقىپ ماشىنىدىكىنى دىككىدە ئەكىرەمسەن؟

— چاتاق يوق!...

ئورنىدىن تەستە مىدىراپ قوپۇۋاتقان بودەكنى رىھىم تاغار توختىتىپ قويدى.

— ئاپلا! ماۋۇ كەم ئەقىللىقىمنى قارىمامدىغان؟ ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي، بورانكام قانداق ھاراق ئىچىدىكىن؟

— قىزىلنى ئىچەتتى،— دېدىم مەن نەۋرە ئاكامنىڭ ئورنىدا.

— بولدى، بولدى. سىز ئولتۇرۇڭ، سىز دېگەن مېھمان. بورانكام ئاران بىر كەلگەندە «خىزىر مەھەللىسىدىكى بالىلار بورانكامغا ھاراق تېپىپ بولالماپتۇ» دېگەن گەپ باشقىلارغا يەتسە، نە ئات، نە نومۇس. قايسى ماركىلىقنى ئىستېمال قىلىلىكىن؟ ھايت دېسىلە بىرلا تېلېفون بىلەن ئەكەلدۈرىمىز. تېلېفوندا كەلمىسە، ئايىغى ئىتتىك بۇرادەرلەر بار. بىر دەمدىلا ھەل قىلىدۇ. ئەمما-زە، مەندە ئۇزاقتىن بۇيان ئەڭ ئەزىز مېھمان كەلسە قۇيۇپ بېرەرمەن، دەپ ساقلاپ كەلگەن كۆك باچكىنىڭ قېنى قوشۇلغان، ئاۋاتنىڭ ساپ، يەرلىك مۇسەللىسىدىن بىر تۇڭ بار ئىدى. ھازىر تازا مەي بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن، شۇنىڭغا بورانكامنىڭ مەيلى بارمىكىن، بۇنى بىلمىدىم؟ ئۆزىغۇ بەك كاتتا مەي ئىدى.

رىھىم تاغار شۇنداق دېگەچ پىتىڭلاپ مېڭىپ، يەنە بىر ئۆيدىن بىر قىزىل ساپال خۇمرىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ خۇمرىنى بالدۇرلا سۈرتۈپ قويغان بولسا كېرەك پارقىراپ تۇراتتى. خۇمرىنىڭ ياسىلىشى، ئورالمىسىنىڭ سىپتىلىقىدىنلا ئېسىللىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مۇنداق دېگىن، مۇسەللەسقۇ ئېسىل نېمە، جىڭ بولسا...

— باشقا ئادەمگە يالغان ئېيتساقمۇ، ئۆزلىرىگە پېتىنالمايمىز. ئاۋۋال بىر پىيالە ئوتلاپ باقسىلا، ياقمىسا تالاغا ئەپچىقىپ كوزىسى بىلەن چاقىمىز-دە، سىز بۇيرۇغاننى تاپىمىز.

— قېنى ئەمسە قۇيە، تېتىپ باقاي!

رېھىم تاغار خۇمرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يانىغا قويۇلغان چىرايلىق قاپنىڭ ئىچىدىن كۆپكۆك، سۈزۈك بىر كىچىك پىيالىنى ئالدى.

— مۇسەللەسنى مۇشۇنداق چەرچەننىڭ قاشتېشى پىيالىسى بىلەن ئىچسە بەك پايدا قىلارمىش دەپ ئاڭلاپ، تاشچى لاۋبەن ئاغىنىلەرگە ئېيتىپ ئىككى تال قاشتېشى پىيالە ئەكەلدۇرۇپ قويغان. قاشتېشىنى زەھەرنى ئالدۇ، دەپ قويىدىكەن. مەيدىغۇ قىلچە شەك يوق، ھېچكىمنىڭ ئېغىزى تەگمىگەن جام ئىدى، بورانكامغا «قىزلىق»لىقى نېسىپ بوپتۇ. «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەن مانا مۇشۇ ـ دە...!

رېھىم تاغار قويۇقراق خورما رەڭ سۇيۇقلۇقنى ئۆزى «قاشتېشى» دەپ ئاتىغان كۆك پىيالىگە قۇيدى. سۇيۇقلۇق پىيالىنىڭ ئىچىدىن سۇس كۆرۈنۈپ، بىر خىل چىرايلىق تۇسكە كىردى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى قاشتېشى پىيالىدە ئىدى. مەھەللىدىكىلەر تا مۇشۇ كەمگىچە قاشتېشى دەپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، تېخى ئۇنداق پىيالىدە مەي ئىچىپ باققاننى كۆرمىگەن ئىدۇق. قارىسام نەۋرە ئاكاممۇ ھەيرانلىق كەيپىياتىنى يوشۇرالماي، يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ قولنى سۇندى ۋە پىيالىنى ئېلىپ ئۇيان ـ بۇيان چۆرۈپ ئالدىدىكى چاقماقنىڭ ئوتىنى پىيالىگە ياقتى. ئوتنىڭ نۇرىدا پىيالە تېخىمۇ يورۇپ، قارشى تەرىپىمۇ سۈزۈلۈپ تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى.

— يارام تاشكەن،— دېدى نەۋرە ئاكام بېشىنى لىڭشىتىپ. ئارقىدىن مۇسەللەسنى ئاغزىغا ئاپاردى. شۇ چاغدا نەۋرە ئاكام خۇددى زەمزەم سۈيىنى ئىچىۋاتقاندەك ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانلىقىنى سەزدىم. رېھىم تاغار قالغان رومكىنىڭ بىرسىنى ئۆزى ئېلىپ بىرسىنى ماڭا سۇنۇپ، يەنە بىرسىنى ھېلىقى بودەككە بەردى. بىز رومكىلارنى نەۋرە ئاكامنىڭ قاشتېشى رومكىسىغا ئاۋايلاپ سوقتۇق.

— مەيمۇ بولىدىكەن. ئەينى چاغلاردا ئاقسۇدا جاھان كېزىپ يۈرگەنلەردە ئاغىنىلەر بىلەن كۆپ ئىچەتتۇق بۇنى. دەل شۇنىڭ تەمىدە ئىكەن. ھازىر بۇ تەرەپلەردە تاپماق تەس بولۇپ قالدى. بولدى مۇشۇنى ئىچتىم.

ئاچچىق ئاق ھاراقنى ئىچىۋېتىپ نەۋرە ئاكام بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئارىلىقىنىڭ ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى. مۇسەللەس جىڭ بولسا ئەلۋەتتە ئاق ھاراقتىن ياخشى ئىدى. بولۇپمۇ كۆك باچكا قوشۇلغىنى ئوت ئىسسىق بولۇپ، ئەرلىككە پايدا قىلىشى مۇمكىن. قاشتېشى رومكىدا ئىچسە قانچىلىك پەيزى بولار ـ ھە؟

— مۇنداق قىلايلى!— دېدى نەۋرە ئاكام، بوشانغان پىيالىگە ھاراق تولدۇرۇپ نۆۋەتتى كەلگەنلەرگە سۇنۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان رېھىم تاغارغا قاراپ،— ئەزەلدىن ياخشى ئاتامىلار بىلەن ياخشى نېمەتلەردىن ئەل ـ ئاغىنە، بۇرادەرلەر بىلەن ئورتاق پەيزى قىلىپ كېلىدىغان ئادىتىم بار. شۇڭا ئاقنى جىندەك توختىتىپ تۇرساڭ. بۇرادەرلەرمۇ مۇشۇ رومكىدا بۇ مەيدىن بىرەر ئوتلامدىن تېتىپ كۆرسۇن. ماۋۇ ھەممە نېمىدىن ئورتاق ھۇزۇرلىنىمىز دېگىنىم چىرايلىق قىزلارنى ھېسابقا ئالمايدۇ ـ ھە؟! قىز ـ پىز دېگەن نېمىنى جانىنى تىكىپ قويۇپ تالىشىدىغان نەرسە... قېنى ئاۋۋال قەدىناس ئىنىم سەمەتجاندىن باشلاپ ماڭدۇراي...

نەۋرە ئاكامنىڭ گېپى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقتى. بولۇپمۇ ئاخىرقى گېپى بىلەن تەڭ ئازراق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەن سۈزۈك قاشتېشى رومكىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. پىيالە مۇزدەك سوغۇق بولۇپ، ئىچىدىكى سەل دۇغ ئارىلاش خورما رەڭ سۇيۇقلۇق ئايالىمنىڭ كۆزىدەك چايقىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ ماڭا قاراپ بىرەر نەرسە دېيىشىمنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاكام بىلەن بىللە كەلگەن بىر نەچچەيلەنگە قاراپ ئېيتتىم.

— قەدەھ سۆزىنىڭ شېرىن ـ شېكىرىنى، ئېسىل جەۋھىرىنى ئەخەتكام بىلەن رېھىمجان قىلىپ بولدى. قاراپ باقسام بۈگۈن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدە تونۇشمايدىغانلارمۇ بار ئىكەن. شۇڭا ئالدى بىلەن بىر تونۇشۇپ ئۆتسەك، «ئوغۇل بالىنىڭ بىر تونۇشى كۆپەيسە بىر يولى ئېچىلىدۇ» دەيدىغان بىر گەپمۇ بار، مەقسەت يول ئېچىشقۇ ئەمەس، بولسا كۆڭلىمىزدىكى يوللار راۋان بولۇپ كەتسە... ئاۋۋال ئۆزۈمدىن كېلەي! قېنى ئەمسە ئېتىم سەمەت، مۇشۇ مەھەللىدىن، ئەخەتكامنىڭ نەۋرە ئىنىسى. خوش ئەمسە!...

— مەھەللىمىزنىڭ گۈلى، ئىبىل يىگىتتە، ئىبىل...

رېھىم تاغارنىڭ مېنى ماختىغان ئۈنلۈك ئاۋازى بىلەن تەڭ مەينى ئاغزىمغا ئاتتىم. مەي ئاق ھاراقتەك ئاچچىق بولمىسىمۇ، قىرتاق ۋە سەل بەتتەم بولۇپ، تەم جەھەتتىن ئالغاندا تازا ئارزۇلاپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەمما قاشتېشى رومكىدا ئىچكەنلىكىمدىنمۇ ياكى نەۋرە ئاكامدىن كېيىنكى ھۆرمەت نۆۋىتىگە ئېرىشكىنىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ قالدىم.

سورۇندىكىلەر پىيالىنى نەۋرە ئاكامنىڭ قولىدىن نۆۋەت ھەم ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ ئىچىشەتتى.

ئارىدا جىق گەپ - سۆز بولۇنمىدى. نۆۋەت قېيۇم توڭگۇزغا كەلگەندە، ئۇ پىيالىنى ئېلىپ ئۇيان - بۇيان قاراپ، ئۇدۇللا رېھىم تاغارغا ئېغىز ئاچتى.

— ما تاغارنىڭ خۇپسەنلىكىنى قارىمامدىغان، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇنداق ئىبىل نەرسىنى قايسى بۇرجىكىگە تىقىپ قويغاندۇ دەيمەن؟! ئىسسىت پۇچۇق پىيالىدە ھاراق ئىچىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈم. خوشە ئەمىسە بۇرادەرلەر...!

رېھىم تاغار شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى تاغار دەپ ئاتايدىغىنىنى ئاز - تولا بىلسىمۇ، ھېچكىم تېخى ئوچۇق - ئاشكارا يۈزىگە سالمىغان، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك مېھمانلار كەلگەن يەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەركىن ھېسامنىڭ چاقچىقى رېھىم تاغارنى خىجالەتتىن ئۇتقىدى.

— ھېي توڭگۇز، بۇرۇن كۆرسىتىپ قويغان بولسا، قوتىنىڭغا ئەكىرىپ ئوقۇر قىلىۋالاتتىڭ ھە قاچان، ۋەيت...!!!

كۈلكە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن سورۇن پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئەركىن ھېسام تېخىمۇ روھلىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن چاقچاق ئاتقىلى تۇردى.

— ئوقۇرى قاشتېشكەن دەپ، ھەممە توڭگۇزلار يىغىلىشىۋالدىغان بولسا، خېلى توڭگۇزلۇق بولۇپ قالاتتىڭ. ۋەيت...!!!

— رېھىم بۇنىڭغا بىر قېتىم بېرىپ تۇرساڭ بەرگىن، مېكىجىنلەر كېلىپ قالسا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇۋالسۇن. ۋەيت...!!!

— قاشتېشىغا بۇرنىنى تىقىپ، تۇمشۇقىنى قىرۇۋېلىپ كېتىدىغان بولدى. ۋەيت...!!!

— ئۇنداق غوتۇلداپ ئاھ ئۇرۇپ كەتمە، رېھىمنىڭ تاغىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسەڭ، قوتىنىڭنى قاشتېشىدا ياساپ بېرىدۇ. ۋەيت...!!!

سورۇن جانلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر، بۇ يەردىن پاراڭ، يۇمۇرلار ئېيتىلىشقا باشلىدى. مۇسەللەس بىر قېتىم ئايلىنىپ توختىغاندا، رېھىم تاغار ئاق ھاراقنى ماڭغۇزغىلى تەگدى. تاغار تېز ماڭدۇرغان ئۈچ رومكا تەپمە ھارىقى بىلەن مۇسەللەسنىڭ كەيپى قوشۇلۇپ سورۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاڭغىچە خوتۇن تەييار قىلغان شورپىلارمۇ كىرىپ قالدى. سورۇن ئەۋجىگە چىقىپ، ئەركىن ھېسامغا ھاراق ئېغىر كېتىپ، گېپىنى تاپالمىغان چاغدا رېھىم تاغار ئېچىلىپ كەتتى. بىلمەي يۈرۈپتۇق ئەمەسمۇ؟ تاغارنىڭ چاقچاققا ئېپى بولمىغىنى بىلەن يۇمۇرغا تولاشقىكەن. ئۇ بىر - بىرىدىن يېڭى، قىزىقارلىق يۇمۇرلارنى ياغدۇرۇۋەتتى. كۈلمەي دېسەكمۇ ئامال يوق، يېتىپ يۇملاڭلىشىپ قالغانلارمۇ بولدى. ئۇ بۇرۇن بۇ ماھارىتىنى پەقەتلا ئاشكارىلىمىغان ئىدى. بىر چاغدا قارىسام ئەركىن ھېسامنىڭمۇ ئۈنى ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قاپتۇ. ھەتتا نەۋرە ئاكاممۇ كۈلۈپ تىلىقىپ قالدى ھەم ئۆزى ھاراق تەلەپ قىلىپ، تاغار بىلەن لىق بىر ئىستاكاندىن ئاق ھاراق ئىچىشتى. مەن ھاراقتىن سەل سەگەكلەندە بۈگۈنكى سورۇننىڭ گۈلىنىڭ رېھىم تاغار بولۇپ قالغانلىقىنى، مېھمانلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنى ھاراققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ سەل بىئارام بولدۇم.

— ماۋۇ ئاغىنەڭ ئىبىل نېمىدەك تۇرىدۇ. ئارىلىشىپ قويساق بولغۇدەك، — دېدى بىر چاغدا كەيپتىن كۆزلىرى قىزارغان نەۋرە ئاكام مۇرەمدىن تۇتۇپ.

— يامان ئەمەس نېمە.

— ئوبدانلا بولىدىكەن. ئەمما، سەن ئېچىلالمايلا كەتتىڭ، نېمە دەردىڭ بولسا ئېيت! مەن ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ، سەن يەردە قالىدىغان ئىش بولسىمۇ قولۇمنى سۇنىمەن، بۇ ئېسىڭدە بولسۇن!— نەۋرە ئاكام شۇنداق دەپ مۇرەمنى كۈچلۈك سىقىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ھېلىھەممۇ كۈچتىن

قالمىغانلىقىنى سەزدىم. «چاتاق يوق!» دېدىم ـ يۇ، ئويلىنىپ قالدىم. راست، نېمە دەردىم بولغىيتتى؟ ئۇنىڭغا «نامراتلىشىپ كېتىۋاتىمەن، سىز قوشۇپ قويغان خوتۇنغا كۈچۈم يەتمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، خوتۇنۇم هامان بىر كۈنى قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن دەيمەنمۇ؟ ياق، ئەزەلدىن بىرسىگە دادلايدىغان ئادىتىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ھەل قىلالايدىغان ۋاقىتلىق ئەھۋاللار. ئۆي، زېمىنىم بار، چىقىلىپلا قالسا قولۇمغا پۇل كىرىدۇ. خوتۇنۇمنىڭ چىرايلىقى، ئىشچىنى قوينۇمدا. سوغۇقۇمنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى ئەركىن پاپپاقنىڭ كەپتىرى بىلەن ھەل قىلىمەن. ئۆيدە يەتكۈچە گۆش بار. ھەرھالدا مەھەللىدىكىلەردىن ياخشىراق كۈندە مەن. شۇنداق تۇرۇپ قاپىقىمنىڭ ئېچىلمىغىنى راست، بۇنى نەۋرە ئاكام سېزىۋاپتۇ. بەلكىم رېھىم تاغارغا ھەسەت قىلىۋاتقاندىمەن. تۇۋا، دېمىسىمۇ مەن نېمە بولدۇم؟ تاغارمۇ مېنىڭ مېھمانلىرىمنى كۈتۈپ ئاۋارە بولۇۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر گەپ ـ سۆزلىرىدە مېنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ھۆرمىتىمنى قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ تازا بىر ئىچى تار ئادەم بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ شۇلارغا قارىغاندا تاشايىنىم ئەمەس، ئىچىممۇ زەيدەپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇلارنى ئويلاپ ئەسلىمگە كەلگەندەك بولدۇم ھەم ئېچىلىپ، يېيىلىپ ئولتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. رېھىم تاغارنىڭ شۇ تاپتا ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى، ئالدىدا ئىككى قەدەھ مەي بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىككى رومكا مەينى تەلەپ قىلدىم ھەم قولۇمغا ئېلىپ بىرسىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچ رومكىنى سوقۇشتۇرۇش تەسكە چۈشتى. رېھىم تاغار ئاتايىتەن ئورنىدىن قوپۇپ يېنىمغا كەلدى. ئىككىلىمىز ئارتۇق گەپ قىلىشمىدۇق. «دوستلۇقىمىز ئۈچۈن!» دەپ تەڭلا ئاغزىمىزغا قۇيۇشتۇق. شۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم رېھىم تاغار بىلەن دوست بولۇپ قالغاندەك بىر ئىللىق سېزىمدە بولدۇم.

خوتۇن بىلەن نەۋرە ئاكامنىڭ ئېيتقىنى توغرىدۇر. ئۇنىڭ قوشىغا كىرىۋالسامۇ، بەللە يۇرۇپ ئازىراق تىجارەتنىڭ يولىنى قىلىۋالارمەن ـ يا؟! نېمىلا دېگەنبىلەن جاھان كۆرگەن، سودا، تىجارەتنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان نېمىكەن... شۇ خىياللارنى قىلىۋېدىم، رېھىم تاغار كۆزۈمگە باشقىدىن ئىسسىق كۆرۈندى ھەم تۇرۇپلا ئېچىلىپ، يېيىلىپ ئولتۇرۇش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن يەنە قايتا ئۈچ رومكا مەي تەلەپ قىلدىم.

## 4

ئەتىسى چۈشكە يېقىن كۆزۈمنى ئاچتىم. ئەتراپقا قاراپ ئۆز ئۆيۈم ئىكەنلىكى جەزملەشكەندىن كېيىن كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشتى. بېشىممۇ بەك ئاغرىپ كەتمەپتۇ، قارىغاندا هاراق چىشلىۋالمىغان بولسا كېرەك؟ لېكىن قانداق چاغدا ئۆيگە چىقىۋالغاندىمەن؟ خېلى ئويلاپمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم. ھە نېمە بولسا ئۆيدە پاكىزچىلىق ئىچىدە يېتىپتىمەن... شۇلارنى ئويلاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆي ئىچىگە قاراپ، كۆڭلۈم ئازىراق سۆيۈنۈپ قالدى. نېرىسىدىكى ئۆيدە تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ، كىيىملىرىمنى چالا كىيىپ مېھمانخانىغا چىقتىم. خوتۇنۇم كىرىسلودا يانپاشلاپ ياتقىنىچە ھېلىقى تېخچە ئايىغى چىقمىغان پايتىمىدەك ئۇزۇن فىلىمنى كۆرۈۋېتىپتۇ. مېھمانخانىمۇ پاكىز تازىلانغان، خوتۇنۇمنىڭ كەيپىمۇ چاغدەك قىلاتتى. ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر چىنە شورپىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئاخشام شورپىدىن ئازىراق ئېلىپ قويغان، گۆشىدە ئىچىۋېلىڭ، پۇت ـ قولىڭىزغا جان كىرىپ قالار...

ئۇ شورپىنى ئالدىمغا قويۇپ، ئورنىغا يانپاشلىدى. مەن تېخى ئىسسىقىدىن كەتمىگەن شورپىنى بىر ئوتلاپ، خوتۇنغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ چاچلىرى ھۆل بولۇپ، گۆپۈلدەپ تۇرغان ئەتىر سۇپۇننىڭ پۇرىقىدىن يېڭىدىنلا يۇيۇنۇپ چىققانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «تۇنۇگۈنمۇ نەزىرگە، دەپ يۇيۇنغان ئىدى، بۈگۈن ئەمدى يەنە نېمىگە يۇيۇنغاندۇ؟» مەن شورپىدىكى بىر پارچە قوۋۇرغا گۆشنى سۈزۈۋېلىپ، ئېيتتىم.

— ئەجەب ئەتىگەندىلا يۇيۇنۇپ كېتىپسىزغۇ، بىرەر يەرگە بارامسىز؟

شۇ گەپنى دەۋېتىپ تۇيۇقسىز خوتۇنۇم مېنى تاشلاپ ناھايىتى يىراق بىر يەرگە كېتىدىغاندەك

ئەندىكىش ئىچىدە قالدىم. ئەگەر بۇ مېنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئەڭ ئاخىرقى شورپام بولۇپ قالسا... مەن يەنە تېلېۋىزوردىكى ھېلىقى لاۋزا فىلىمنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى ھەم ئۆيدە رىھىم تاغار ئەكىرگەن يېرىم قوينىڭ گۆشىنىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالغاندا، بايىقى ئەندىكىش قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېز كاللامدىن يوقتى.

— ھە، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدە يۇيۇنۇۋالدۇق. يۇيۇنغىدەك قىلىپ قويدىلا ئەمەسمۇ؟

— نېمە قىلدىم؟

— نېمە قىلغانلىقىڭىز راستلا ئېسىڭىزدە يوقمۇ، خۇپسەنلىك قىلىۋاتامسىز؟

«ئاپلا! مەستچىلىكتە چاتاق ئىش قىلىپ قويدۇممۇ، خوتۇنىنغۇ ئۇرۇپ سالمىغاندىمەن؟»

خوتۇننىڭ ھېچبىر يېرىدە ئۇرغاندەك كۆكەرگەن، قىزارغان يەر كۆرۈنمەيتتى ھەم ئۇنىڭ كەيپىياتىدىنمۇ بۇنداق بىر ناچار ئىش قىلىپ قويغانلىقىم بايقالمىدى. ئەگەر شۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا كېتىپ قېلىشقا باھانە تاپالمايۋاتقان خوتۇن بۇنداق بەخىرامان ئولتۇرماس ئىدى. ئەمما ئاخشامقى ئىشلار ھېچ ئېسىمدە يوق.

— راستلا ئېسىمدە يوق. بەك جىق ئىچىۋېتىپتۇق ئەمەسمۇ؟ بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويمىغاندىمەن؟

— قىلىدىغانىنى قىلىۋېلىپ مۇشۇكتەك كۆزنى يۇمىسىز ئەمەسمۇ؟ ئېسىڭىزدە بولمىسا مەن دەپ بېرەي، ئەسلەپ قويۇڭ، ئاخشام بەك مەست كىرىپسىز، ئىككى چىنە كەپتەر شورپىسى ئىچتىڭىز، ئاندىن ماڭا تولا سۆزلەپ يېپىشىپ قالدىڭىز. بولمىسا كەپتەر شورپىسى خېلى پايدا قىلىدىكەن-ھە، كېچىچە ئۇخلاتمىدىڭىز شۇ...

— چاقچاق قىلما! كېچە كىرىپلا جىم يېتىپ قالغان تۇرسام...

— مانچۇ، ئەمىسە ئۆزۈم چىشلىۋاپتىمەن-دە؟!

ئايالىم شۇنداق دەپ مايكىسىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ چىشنىڭ ئىزى چىقىپ قالغان بوينىنى كۆرسەتتى.

— مانا سىزنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىڭىز، ئەمدى قانداقمۇ سىرتقا چىقارمەن؟ قايسى پاسكىنىلاردىن يۇقتۇرۇپ كەلگەنسىز بۇ ئىت خۇيىنى...

— ھەي، ھەي، تۈزۈك گەپ قىل! مەندە ئەزەلدىن ئۇنداق خۇي يوق!

— ھۆيت...! ئۇنداق بولسا ئۆزۈمنى ئۆزۈم چىشلەپ يۈرۈپتىمەندە...؟ مېنىڭ چىشىم ئۇنداق ئۆزۈن ئەمەس پاتىڭمىغا يەتكۈدەك. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، مەستىنىغۇ يېقىن يولاتمايدىغان گەپتى. خەپ ئۆزۈمدىن كېتىپتۇ...

تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى؟... شۇنچە ئويلاپمۇ كېچە خوتۇن بىلەن ئارىمىزدا بىرەر ئىش بولغىنىنى ئويلاپ تاپالمىدىم. «خوتۇنىنىڭغۇ مانا شۇنداق قىلمىغان ئىشنى قىلدىڭىز، دېمىگەن گەپنى دېدىڭىز، دەپ تۇرۇۋالىدىغان خۇيى بارتى. ئەمما بويندىكى ئىزنى مەن قىلمىسام، كىم قىلدۇ؟ ئەمدى. ھېلىقى مۇسەللەس دېگەن نېمىنىڭ ئىشى بولسا كېرەك؟ بىلمەيدىغان ھاراقنى ئىچمەيدىغان گەپتى زادى. سورۇندا ئاخىردا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى تېخى. ھېلى باللار بىلەن كۆرۈشكەندە بىلەرمەن. مەن خوتۇنۇمغا يا يالۋۇرۇشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلمەي ئولتۇرغان شۇ پەيتتە دەرۋازا قېقىلىپ، باشتا ھويلىدا بىرسىنىڭ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئاندىن ئىسمىمنى چاقىرغان تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئاپلا! رىھىم تاغارمۇ نېمە، ئەتىگەندە نېمە بولغاندۇ بۇنىڭغا؟...

— ھۆيت ئەتىگەن ئەمەس، كۈن چۈشتىن كېيىن بولدى... سىز ئۇخلاپ ياتقان بىلەن خەق دېگەن نۇرغۇن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولدى.

مەن گەپ قىلماستىن ساپما كەشىنى كىيىپ، ئىشىكنى ئاچتىم. ھويلىدا راستىنلا رىھىم تاغار تۇراتتى. مەن بىر ئۇنىڭغا، بىر ئاسمانغا قارىدىم. دېمىسىمۇ كۈن بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قاپتۇ. سەت ئۇخلىۋېتىپتىمەندە، دېگەن خىيال بىلەن تەڭ قول سۇنۇپ كېلىۋاتقان رىھىم تاغارغا قول سۇندۇم.

— قانداق، بۇرادەر شېرىك، ئوبدان قوپۇپلىمۇ؟ ئوبدانراق ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ كۈن قايرىلغاندا كىرىشىم.

رىھىم تاغار بىزنىڭ ئۆيگە ناھايىتى كەمدىن-كەم كىرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئوپۇل-توپۇل كىرىشىدىن ھەيران بولۇپ، بىردەم مەڭدەپ قېلىپ ئۆيگە باشلىدىم. رىھىم تاغار ئادىتى بويىچە ئايالىمغىمۇ ناھايىتى

ئەدەپ ۋە ئىززەت ـ ئېكراملىق بىلەن سالام ـ سەھەت قىلدى. ئاندىن كۆرسەتكەن يەرگە ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. مەن ئاغزىمدىن هاراقنىڭ بۇسى كەتمەي تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگىنىمدىن سەل بىئارام بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. رېھىم تاغار مەن ئاڭلاپ باقمىغان ئۇزۇن بىر ئايەتنى خېلى ئوبدان ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئاھاڭى مۇڭلۇق بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ بۇ ئۆيگە بەرىكەت ئەمەس، شۇملۇق تىلەيدىغان بىر ئايەتنى ئوقۇۋاتقاندەك بىئارام بولدۇم ھەم ئىچىمدە ھېچقانداق ئايەتنى ئوقۇماي، قولۇمنى مەجبۇرى كۆتۈرۈپ تۇردۇم. دۇئادىن كېيىن ئۇ ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى.

— يا ئاللا! بۇرادەر شېرىك، ئۆزلىرى بەك تەلەيلىك جۇمۇ؟ مانا ئۆيلىرىدىن جەننەتنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرۇپتۇ... يەڭگىمىزنىڭ ئالدىدا جەننەت ھۆرلىرىمۇ بىر ياندا قالۇر...

تاغارنىڭ ماختاشلىرى ماڭا يېقىپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق كىرىشىدە چوقۇم بىر سەۋەب بار ئىدى. ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم خەيرلىكتۇر. يېقىندىن بۇيان بۇ تاغاردىن ئازراق ياخشىلىق كېلىۋاتىدۇ بولمىسا... مەن شۇلارنى ئويلاپ تاغار ئۈستەلنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان بىر كىچىك چىرايلىق قارا سومكىغا قاراپ قويدۇم. ئەمما تاغارنىڭ ماختىشى خوتۇنۇمغا بەك يېقىپ كەتتى.

— ۋىيەي، رېھىمجان بەك ماختىۋەتمەڭ، ئۇچۇپ كەتمەي يەنە... ئەمما ـ زە، بەزى ئادەملەرگە جەننەت تازا ياراشمايدىغان ئوخشايدۇ.

خوتۇنۇم ئاتايىتەن مېنى ئىما قىلىپ گەپتە چېقىۋالماقچى بولدى.

— يارىشىدۇ، يارىشىدۇ. ياراشقاچقا تاڭ ئاتقىچە ئىچىپمۇ، مانا ئانارنىڭ دانىسىدەك ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ مانا بىزدەك غېرىب ـ غۇرۋالارغا ئەتىگەندە شورپا ئەمەس، بىرەر يۇتۇم سوغۇق سۇمۇ يوق، قۇرۇق نان بىلەن ناشتا قىلىپ يۈرۈپ، يۈزلىرىمىز خالتىدەك پۈرلىشىپ كەتتى.

مەن رېھىم تاغارنىڭ قان تەپچىپ تۇرغان پارقىراق يۈزلىرىگە قارىدىم. بولمىسىغۇ تالىشىپ يۈرۈپ، هاراقنىڭ جىقىنى بۇ ئىچكەن، شۇ تاپتا نە هاراق ئىچكەندەك ئەمەس. بەلكىم ھېلىقى چۈمۈلىلەردە ناشتا قىلىپ چىققاندۇ؟ مەن شۇلارنى ئويلاپ تۇيۇقسىز ئاخشام سۇ ئىچكىلى رېھىم تاغارنىڭ ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ كۆرۈپ قالغان ھېلىقى ئەينەك شىشە ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن چۈمۈلىلەر يادىمغا يېتىش بىلەن، كۆڭلۈم ئايىنىغاندەك بولۇپ، قىزىق چايدىن ئاغزىمغا ئالدىم. چاينى بىر ئوتلاپ، سەل بېسىققاندىن كېيىن تۈزۈت ھېسابىغا تاغاردىن سوراپ قويدۇم.

— ئاخشام جىق ئىچىۋېتىپتۇق جۇمۇ. قانداق چاغدا كىرىپ ياتقىنىممۇ يادىمدا يوق. تاڭ ئېتىپ كەتتىمۇ نېمە؟ شۇ ئىچكەنچە...

— ۋاي، ئۇنى بىر دېمەڭ، ئاخشام مەن سىز بىلەن تىجارىتىمىز توغرۇلۇق سۆزلىشىپ بولۇپ، خوشلىشىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا ئىمىن ھاجىمغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم. «ھە! رېھىمجان مەسچىتكە ماڭدىڭلىما؟» دېمەسمۇ، قارىسام تاڭ سۇزۇلەي دەپ قاپتۇ، سەت بولمىسۇن دەپ: «ئارقىلىرىدىن چىقاي، تەرىتىم بۇزۇلۇپ قالدى» دەپ ئۆيگە تىكىۋەتتىم. ئۆيگە كىرىپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، ئەتىر دېگەننى راسا سەپتىم، ئاغزىمنى چايقاپ، سېغىزدىن نەچچىنى چايناپ، ئارقىدىن مەسچىتكە چىقتىم دەڭە... ھېلىمۇ ياخشى مەسچىتتە ئىمىن ھاجىمدىن باشقا ئادەم يوقكەن. بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپلا يېنىپ چىقتىم. قاچان ھاجىم يېنىمغا كېلىپ قالاركىن، قاچان قۇسۇپ سالارمەنكىن دەپ شۇنچە تەستە ئوقۇدۇم. ھېلىمۇ مەھەللىمىزدە مەسچىتكە چىقىدىغان ئادەم يوق ئىكەن، دەپ ئىچىمدە خۇرسەن بولدۇم دەڭە... بىرى بولمىسا بىرى بىلىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟

رېھىم تاغار شۇنداق دەپ پىيالىنى ئېلىپ ئاغزىغا ئاپاردى. مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭ مەست ھالدا مەسچىتكە كىرگەنلىكىنىڭ ساۋاب ياكى گۇناھ بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئەمما تازا ياخشى ئىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا قوشۇلۇش ياكى قارشى تۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوقتى. مۇشۇنداق بىمەنە ۋە قىزىقارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تاغارغا ئۇچرايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تاغارغىمۇ مۇشۇنداق ئىش ئۇچرىسا بولغۇدەك، چۈنكى ئۇنىڭدا ھەرقانداق بىر ئەپسىز ئىشنى بىر قولايلىققا، ئۆزىگە پايدىلىق ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرالايدىغان ھۈنەرنىڭ بارلىقىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالدىم. مانا ئاخشام ئۇنىڭ ئورنىدا

باشقا بىرىمىز ياكى مەن بولغان بولسام چوقۇم ھاجىمنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ، قارغىشىنى ئالغان بولاتتۇق. مانا رېھىم تاغار ھەتتا مەسچىتكىمۇ كىرىپ، ساۋاب تېپىپ، ھاجىمغىمۇ ياخشىچاق بولۇپ بوپتۇ. قارىماسىز يامانلىقنى؟ مانا ھازىر يەنە مەڭزىلىرى قىپقىزىل، خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى. ئەمما-زە، تىجارەتنىڭ گېپى نەدىن چىقتى ئەمدى. ئۇنداق بىر گەپ قىلغىنىمىز ھېچبىر ئېسىمدە يوقيا...؟ مەن ئاخشامقى سورۇننى بىر قۇر ئەسلەشكە تىرىشىپ باقتىم ھەم نەۋرە ئاكامنى ئۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، بىر قىسىم باللارنىڭ يەنە ئىچمىز، دەپ قېلىپ قالغىنىنى، مەن قايتماقچى بولغىنىمدا رېھىم تاغارنىڭ مېنى ئەپچىقىپ قويىمەن دەپ بىللە چىققىنىنى ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ قولنى تۇتۇپ سۆزلەشكىنىمىز غۇۋا يادىمغا يەتتى.

تىجارەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خوتۇنۇم باشقىدىن ئېچىلىپ كەتتى. «بۇ ئىش راستمۇ؟» دېگەندەك ماڭا قارىدى. راستنى ئېيتقاندا مەن بۇ ئىشنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلمەيتتىم ھەم رېھىم تاغار بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ھەتتا تىجارەت قىلىش خىيالىمۇ يوق ئادەم ئىدىم. ئەمما شۇ تاپتا بۇ ئىشقا ئايالىمنىڭ تولىمۇ خۇش بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم.

— ئاخشامقى گەپلەر تازا ئېسىمدە يوق جۇمۇ، شۇنداق گەپلەر بولۇنغانمىتى؟

ئايالىمنىڭ چىرايى پۇرۇشتى، رېھىم تاغارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— يائاللا، بۇرادەر ئەزىز. شۇ سىلىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دەپ ئاتايىتەن كىردىم ئەمەسمۇ مانا. ئاخشام نەۋرە ئاكىلىرىنى ئۇزىتىپ قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ، ئاكا-ئىنى بولۇشۇپ، سودا-تىجارەت ھەققىدە دېيىشكەنلىرىمىز ئەسلىرىدىن چىقىپ قاپتۇ-دە؟ شۇڭا «كاللا ساق ۋاقتىدا دېيىشەيلى!» دېسەم ئۇنىمىغانتىلە، مانا ئەمدى ئۇنتۇپ قاپتىلا. مۇنداق قىلايلى بۇرادەر، قارىسام سىلىنى ھاراق چىشلىۋاپتۇ، مېنىمۇ شۇ. ئەتىگەندە بىر رومكىدىن ئوتلاپ، چىشنى چېقىۋېتەيلى! ئاندىن كالللىرى شاپپىدە ئېچىلىدۇ-دە، جىرىڭ-جىرىڭ ئولتۇرۇپ سۆزلىشىمىز.

رېھىم تاغار شۇنداق دەپ ياندىكى قارا سومكىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ئەتىگەندىلا ئىچەمىزمۇ ئەمدى؟— مەن ھەيرانلىق بىلەن بوتۇلكىدىكى سۈيۈقلۇققا قارىدىم. ھاراقنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم ئېلىشتى.

— ئىچەيلى! بۇرادەر ئىچەيلى! سىلە بىلەن ئىچكەن ھاراق زەھەر بولسىمۇ سىڭىپ كېتىدۇ دەيمەن. جىق ئىچمەيمىز چىشنى چاقىغاچ سودا-تىجارىتىمىز ھەققىدە پاراڭلىشىمىز. قانداق دېدىم يەڭگە... رۇخسىتىڭىزسىزلا بۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدىم، ئەيىبكە بۇيرۇمايدىغانسىز؟

رېھىم تاغار ئايالىمغا قارىدى. مەنمۇ قانداق ئىپادىدە بولار دەپ ئۇنىڭغا قارىدىم. خوتۇن ناھايىتى خۇشتەك قىلاتتى.

— ۋاي ياقەي، باشقىلار بىلەن ئىچسە قارشى تۇرسامىمۇ سىز بىلەن ئىچسە خۇشال بولىمەن تېخى... بىزنىڭ بۇ ئادەم تىجارەتنىڭ ئېپىنى تازا بىلمەيدۇ. كەينىڭىزگە سېلىپ، ئوبدانىراق ئادەم قىلىۋالارسىز-ھە. بىردەم تەخىر قىلساڭلار، مەن ئىككى تەخسە قورۇما قىلىپ بېرەي!

— ياقەي، سىزنى ئاۋارە قىلمايلى، قورساق توق!

— قورۇسۇن، زاكۇسكىسى بولمىسا قانداق بولىدۇ. شاققىدە ئەمسە...

ئىككى رومكىنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قويدۇم. شۇ تاپتا ھاراققا رايىم بولمىسىمۇ كۆتۈرۈپ كىرسە، نېزىقاپ تۇرۇۋالسام نامەردلىك بولاتتى. قېنى بىر-ئىككى رومكا ئىچىپ گېپىنى ئاڭلاپ باقاي، قارىغاندا تاغار بىرەر پىلان بىلەن كىرگەندەك قىلىدۇ.

رېھىم تاغار رومكىنى ئېلىپ، ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، كورۇلدىتىپ كىچىك رومكىغا لىقلاپ قۇيۇپ، بىرنى ماڭا سۇنۇپ، بىرىنى ئۆزى ئالدى.

— قېنى بۇرادەر، ھەمكارلىقىمىز ئۇچۇن خوشە!

ئاچچىق، بەتتەم ھاراقنى تەستە يۇتتۇم. چىقىپ كەتمىسۇن دەپ قولۇم بىلەن ئاغزىمنى تۇتۇپ بىردەم تۇرۇۋالدىم.

— قېنى چاي ئىچسىلە بۇرادەر، قىزىق چاي باسىدۇ. ھازىر تەسكە توختىغان بىلەن بىردەمدىلا ئەينەكتەك سۈزۈلۈپ كېتىلا...

نەچچە ئون يىلنىڭ ياقىي ھاراق ئىچىپ كېلىۋاتىمەن، ئەمدى بۇ تاغارنىڭ ئۆگىتىشىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ قولۇمنى ئاغزىمدىن ئېلىپ، تىككىدە ئولتۇرۇپ ھاراقنى سىڭدۈرۈۋەتتىم.

— ئويۇن قىلىپ قويدۇم. ئىشەنسىڭىز مۇشۇ كەمگىچە مەن ئىچكەن ھاراقنى قۇسىدىغان بولسام توختاپ قالغان نەچچە تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ جۇمۇ؟ ئىسىل مەيكەن... قويۇڭە يەنە بىرنى لىقلاپ.

— پاھ، مانا ئوغۇل بالىنىڭ نوچىسى دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ! بىكار نامىڭىز چىقمىغان-دە؟

رىھىم تاغار يەنە بىرنى قويدى. مەن بۇ نۆۋەت ھاراقنى نوچىلىقمىغا ئېلىپ ئىچىۋەتتىم. ھايال ئۆتمەي كاللام لەپپىدە ئېچىلىپ، سۆزۈكلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئاڭغىچە ئاشخانا ئۆيدىكى گاز-گۈژلار بېسىقىپ، خوتۇن بىر تەخسە كۆكمۈچ گۆش قورۇمىسىنى ئېلىپ كىردى.

— تىجارەت قىلسىلا، دەيمەن بۇرادەر. ئۆزلىرى شۇنداق ئەقىللىك، ساغلام تۇرۇپ پۇل تاپماي تۇرۇۋالسىلا، سىلىنىڭ پۇللىرىنى خەق تېپىپ كېتىدۇ. ھازىر ئەھلى-جاھان ئويغىنىپ كەتتى. ئالىمدىن تارتىپ مالچىغىچە، زابويدىن تارتىپ قارىمغىچە ھەممە ئادەم پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئەگەر يەنە ئىككىلىنىپ تۇرسىلا، سىلى قېلىۋېرىپ خەق باي بولۇۋېرىدۇ. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىتىلە؟ راستىنى دېسەم بۇرادەر، پۇل دېگەننى بارغۇ، مانا سىلە، بىزدەك ۋىجدانى بار ئوغۇل باللار تاپقىنى ياخشى، سالپا-ساياق گۇيلار تاپقان بىلەن سورۇۋېتىدۇ. تاپقان پۇللىرىنى ساۋابلىق ئۆچۈن ئىشلەتسىلە ئاۋامۇ خۇش، ھۆكۈمەتمۇ خۇش ئەمەسمۇ؟

— نېمە ئىش قىلىمىز؟

— شىركەت قۇرىمىز.

— نېمە شىركەت؟

— ئۇرۇپ چاقىدىغان شىركەت...

رىھىم تاغار مېنىڭ دەماللىققا تازا ئاڭقىرالمىغانلىقىمنى بىلىپ قالغاندەك خىرىلداپ كۈلۈپ قوشۇپ قويدى.

— ئۆي چېقىش-كۆچۈرۈش شىركىتى...

— مۇنداق دەڭ، ئۆتكەندە ئىمىن ھاجىم بۇنداق شىركەتلەرنى ھارام دېگەندەك قىلغان. دېمىسىمۇ چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇۋەتسىمۇ گۇناھ بولىدىغان تۇرسا، بىر ئادەمنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋەتسە قانداق بولار؟

— ئىمىن ھاجىمنىڭ كۆڭلى ياخشى بولغان بىلەن بىلىمى تېيىز، ئەقلى كالتە ئادەم. گۇناھنى ئۆتكۈزۈپ، يەنە يۇيۇپ تۇرىمىز ئەمەسمۇ بۇرادەر؟ سىلىگە دېسەم گۇناھنى ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغىنىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يۇيىدىغىنىمۇ شۇ پۇل دېسىلە...

— شۇنداقتىمۇ شىركەت قۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەستۇ؟

— ئاسان دېسىلە بەك ئاسان، قىيىن دېسىلە بەك قىيىن. گەپ، يول ۋە پەيتتە. ئەڭ مۇھىمى سىلە شۇ نىيەتكە كەلدىلىمۇ-يوق؟ شۇنىسى بەك مۇھىم. شىركەتنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بۇنىڭدا مۇناسىۋەت، پەيت ۋە ئازىراق قارا قورساقلىقتا تايانماي بولمايدۇ. بىر-ئىككى يۈز مىڭ مەبلەغ جۇغلاپ شىركەتتىن بىرنى قۇرۇۋالىمىز. ئاندىن چېقىلماقچى بولغان يەرلەرنىڭ پىلانىنى ئالدىن بىلىۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئەرزان ئېلىۋالىمىز، ياكى شىركەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىمىز. ئەلۋەتتە، توختامنى بىز تۈزىمىز. مەسىلەن ئۈچ يۈرۈش ئۆي كېلىدىغان يەرنى ئىككى يۈرۈش ئۆيگە قايىل قىلىپ توختام تۈزۈۋالساق، قالغان بىر يۈرۈش ئۆي سىز بىلەن بىزگە قالىدۇ دەيمەن. بىر يىل ئىچىدە يەتتە-سەككىز ئۆيلۈك بولۇۋالساق، ئويلاپ باقسىلا ئۆي پۈتۈپ قولغا تەگكەندە سەككىز يۈرۈش ئۆينى ئىككى يۈز مىڭدىن سېتىپ، يېرىمىدىن ئۆلىشىدىغان بولساق، بىرسىمىز سەككىز يۈز مىڭ يۈەننى ئىككى يىلدا قومۇرىمىز.

رىھىم تاغار مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا ناھايىتى خاتىرجەم، خۇددى بۇ پۇللار ئەتىلا قولىغا تېگىدىغاندەك بىر ھالەتتە ئىدى. سەككىز يۈز مىڭ دېگەن ساندىكى پۇلنى خىيال قىلىۋېدىم، مېنى تۇيۇقسىز تىترەك باستى. سەككىز مىڭ تەڭگىنىغۇ ساناپ باققان، ئەمما سەكسەن مىڭ پۇلنىڭمۇ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ بۇنچە كۆپ پۇلغا ئىگە بولۇپ قېلىشى پەقەتلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىيال ئىدى. بۇ تاغار ھاراقنى تولا ئىچىپ

ئىلىشىپ قالدىمۇ، نېمە؟ دەپ ئويلىدىم.

— سىز دېگەندەك ئىشنى قىلساق دېھقانلارغا ئۇۋال بولارمۇ؟

— ھەي بۇرادەر، تېيىز ئويلايلىدە... ئۇنىماي ئامالى يوق، دېھقان دېگەن ساددا خەق، يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇچۇردىن خەۋەرسىز. ئەتە يۈز مىڭغا ئالىدىغان ئۆينى ساتقۇسى كەلسە بۈگۈن ئەللىك مىڭغىلا سېتىۋېتىدۇ. سىلىق-سىپايە سۆز بىلەن ئاۋۋال توختام تۈزۈۋالىمىز. گەپكە كىرمىگەننى قورقۇتىمىز. ئىشقىلىپ قۇرۇلۇش شىركىتى بىزدىن خۇش، دېھقانلار قولىغا پۇل كىرگەنگە خۇش، ئارىدا پايدا تاپىدىغىنى يەنىلا بىز. ھې... ھې... ھې...

— لېكىنزە پۇل تاپساقمۇ، دېھقاننى قاقشاتماي پۇل تاپساق بولاتتى. ھارام ئارىلىشىپ قالسا قانداق بولار...؟

— ئاق كۆڭۈللۈك قىلمىسلا! بۇ دۇنيادا يەنە بىرسىنىڭ رىزقىنى قىرقماي تۇرۇپ پۇت دەسسەپ تۇرغىلى، پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. باي بولغانلارمۇ باشقىلارنىڭ رىزقى، ئەمگىكى ۋە ئەقلىگە تايىنىپ باي بولىدۇ. ھارامنىڭ ئىشىغا كەلسەك بىزگە ئاللىقاچان ھارام ئارىلىشىپ بولدى. مانا ھارامنىڭ ئەڭ يامىنىنى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇققۇ بۇرادەر، بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە پەرقى؟ مۇشۇ تۇيۇقسىز باي بولۇپ كېتىۋاتقان قادىر ھاجىم، گايىت لوبەنلەرنى ئۆز قان-تەرى بىلەن باي بولۇپ كەتتى، دەپ ئويلامدا؟ شۇ دېھقاندىن بىر مودىن ئالغان نەشپۈتنى ئون مودىن سېتىپ، يەنە شۇ دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋېلىپ، زېمىن سودىسى قىلىپ بېيىپ كەتتى. ھارام دېسە ئاشۇلار ھاجىم تۇرۇپ ھارامغا يېقىن يولىمىسا بولاتتى. ئەمما بۇنىڭمۇ ئىشى ئاسان، باي بولۇپ بولغاندا بىرەر مەكتەپكە، بىرەر ئاجىز-ئورۇققا ياكى مەسچىتكە ئازراق ئىئانە قىلىپ ئورنىنى تولدۇرۇۋېتىلا، ھەر-ھەر ھاجىملار شۇنداق قىلىپ يۈرمەمدۇ مانا... ئۇلارمۇ خەقنىڭ ھەققىنى يېمىسە ئاسماندىن تېپىپتىمۇ؟ ئەخمەت ھاجىممۇ مىڭ مو يەر ئىگىلىۋالدى. مەيلى پۇلغا ئالسۇن، مەيلى ئۆزى ئاچسۇن دەيلى، ئۇ بۇ يەرلەرنى ئاسماندىن كۆتۈرۈپ چۈشۈپتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ يەرلەر ئاشۇ يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىدىغان يېرى ئىدى. ئەمما ھاجىم ئەقىللىك چىقىپ، ئىگىلىۋېلىپ پايدىلىنىپ كەتتى. مانا ئەمدى ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ تىرىشچان، سېخىي، مەرد ئاتالدى. يەرگە ئېرىشەلمىگەنلەر ھورۇن دەپ سانالدى. ئەگەر يەر ئۆز پېتى تۇرغان بولسا دېھقانلارمۇ بىر كۈنى ئويغىنىپ ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلىنار ئىدى. جاھان مۇشۇنداق بۇرادەر، بىرىنىڭ شىللىسىگە دەسسىمەي، يەنە بىرسىنىڭ ئۈستىگە چىقالمايلا... قېنى خوشە...!

رېھىم تاغار ھاراقنى گۇپپىدە ئاغزىغا ئاتتى. مەن ئۇنىڭ بىر چوكا قورۇمىنى ماچىلداپ يەۋاتقان ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ گەپلىرى بىر ئويلىسا ئورۇنلۇق، بىر ئويلىسا ئورۇنسىزدەك تۇرسىمۇ، ئەمما مەن پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان يېڭى گەپلەر ئىدى.

بىز ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە رومكىنى جىمجىت ئايلاندۇردۇق. ئايالىم رېھىم تاغارنىڭ گېپىنى قوللاپ، نەچچە ئېغىز گەپ قىلغان بولدى. بوتۇلكىنىڭ قوشىدا ئازىراق ھاراق قالغاندا، رېھىم تاغار ئۇنى ئىككى رومكىغا قۇيۇپ، ئالدىغا قويۇپ قويدى ھەم ياندىكى قارا سومكىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئالدىمغا قويۇپ قويدى. مەن ھەيران بولۇپ ئايالىمغا قارىدىم، ئايالىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئىش بۇرادەر! نېمە پۇل بۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىسى، دەسلەپكى شېرىك سودىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە تەگكەن پايدىسى...

— نېمە؟ قايسى سودا... نېمە پايدىكەن ئۇ؟ بىز تېخى تىجارەت قىلمىدۇققۇ؟

— ھەيران قالمىسلا بۇرادەر، قىلدۇق ھەم قىلىمىز. ئاخشام بىر-بىرىمىزگە قول بېرىشىپ قىلىشقان سودىمىزنى ئەسلىرىگە ئېلىپ باقسىلا؟

— قايسى سودىنى دەيسىز؟ ھېچ يادىمدا يوققۇ؟

— ۋاي بۇرادەر، ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە قول تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇپ، ھېكماخۇننىڭ ئۆيىنى ماڭا بېرىدىغان، مەن ھېكماخۇننىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىنى سېتىپ شۇ پۇل بىلەن ئىككىمىز بىرلىشىپ شىركەت قۇرىدىغان بولۇپ كېلىشكەنىغۇ؟ بۇنىڭغا بورانكاممۇ قوشۇلغان، تېخى بورانكامنى ئۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن قول تۇتۇشۇپ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرىمىز ئۈستىدە نۇرغۇن قەسەملەرنى قىلىشتۇق ئەمەسمۇ؟ بۇ بەش مىڭ سوم مانا شۇ

سودىمىزنىڭ سىلىگە دەسلەپكى ئايرىلغان ئۈلۈشى. ئۆينى ماڭا 25 مىڭغا بېرىدىغان بولدىلا... باشقىلارغا يىگىرمە مىڭغا ساتتۇق دەيدىغان بولدۇق. بەش مىڭ ئۆزلىرىدە قالىدىغان بولدى، ئەمەسمۇ؟

مەن شۇندىلا ئاخشام شۇنداق بىر گەپ-سۆزلەرنىڭ بولۇنغانلىقىنى خىرە-شىرە ئېسىمگە ئالدىم. ئەمما بۇ توغرۇلۇق رېھىم تاغارغا قوشۇلغانلىق ياكى ۋەدە بەرگەنلىكىم ئېسىدە يوق ئىدى. مەن تېخىچە «چۈمۈلە»نىڭ بۇ قورۇسنى سېتىۋېتىش ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغان ئىدىم.

— ئەگەر بۇ سودىمىز پۈتۈپ قالسا، پېقىر ئەتىلا «چۈمۈلە»نىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپ، ئۆزلىرى بىلەن يېقىن ئولتۇرىمەن. ئاندىن كېيىنكى پىلانلىرىمىز ئۈچۈن ھەرىكەتنى باشلاپ كېتىمىز. بىر ياقىدىن باش چىقىرىپلا قالساق خۇدا خالىسا ئىككى-ئۈچ يىلدا مىليونېر بولۇپ كېتىمىز بۇرادەر. ھە راست، ھويلىدىكى باغباراڭ، مېۋە-چېۋىلەردىن بۇرۇن قانداق پايدىلانغان بولسىلىرى كېيىنمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئۆگزىنىڭ تۆپىدىكى ئۈزۈملەر يەنىلا ئۆزلىرىگە تەئەللۇق. راست گەپنى ئېيتقاندا بۇرادەر ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپلا قالسا، بۇنداق پارچە-پۇرات ئىشلارغا ۋاقتىمىزمۇ يەتمەيدۇ دېسىلە!...

رېھىم تاغار مېنىڭ ئۈندىمەي تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ھاجىكام تەرەپتىن جىق ئويلاپ كەتمىسىلە، بۇ ئىشتىن ھاجىكامنىمۇ خەۋەر قىلىپ قويدۇم. ئۇمۇ قوشۇلدى. بىر نەچچە غوللۇق بۇرادەرلەرنى ئۆيگە چاقىرىپ قويدۇم. بىرەر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئۇلارمۇ كېلىپ قالىدۇ. دەرقەمتە تۇرۇپ بىر ئىش قىلايلى. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن بۇرادەر، «خوشە» دەسلەپكى سودىمىز ئۈچۈن!

رېھىم تاغار ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، مېنىڭ رومكىنى قولۇمغا ئېلىشىمنى كۈتمەيلا ئالدىمدىكى رومكىغا سوقۇشتۇرۇپلا ئىچىۋەتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى. مېڭىشتىن بۇرۇن يەلكەمگە شاپىلاقلاپ قويدى.

— كۆپ ئىككىلەنمىسىلە بۇرادەر، ئىككىلەنگەن ئىشتىن پۈتاق چىقىدۇ. قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن دىككىدە ئۆيگە چىقسىلا، قالغان ئىشلارنى شۇ يەردە بېجىرىمىز. خوش، ئەمىسە مەن چىقتىم.

خوتۇن مېنىڭ ئورنۇمدا رېھىم تاغارنى ئۇزىتىپ ماڭدى.

— ۋاي نېمانداق ئالدىرايسىز، بىردەم ئولتۇرۇپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟

— خوش يەڭگە، قازانغا بۇرادەرلەرگە ئاتاپ گۆش سېلىپ قويغان، سۇيى تۈگەپ كەتمىسۇن. سەمەتجانغا مەدەتكار بولارسىز...

رېھىم تاغارنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن خوتۇنۇم تېخىچە مېنىڭ جايىمدا ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئاچتى.

— يا ئاللا، شۇنچە ياخشىلىقلارنى قىلىۋاتسا، ئۇزىتىپمۇ چىقىپ قويمىدىڭىز-يا؟!

— نېمە ياخشىلىقكەن، قارىغۇغا بەرسىمۇ، 40 مىڭغا ئالىدۇ بۇ ئۆينى. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ساتقۇم يوقلا دەڭە، مۇشۇنداق لىڭتاسىملىق قىلىپ ئولتۇرسىڭىز بۇ ئۆيىنىڭمۇ ئىگىسى چىقىدۇ.

— نەدىن ئىگىسى چىقىدىكەن؟

— نەدىن چىقماقچىتى، يا قىزى ئانىسى بىلەن ئۆگەي دادىسىنى باشلاپ كېلەر، يا بولمىسا ھاجىكىڭىز بىرەر خېرىدارنى باشلاپ كېلىپ ئەل-جامائەتنىڭ ئالدىدا باھاغا سالار؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا نېمە قىلالايتتىڭىز، بۇ ئۆي سىزنىڭمىتى-يا؟ ناھايىتى «چۈمۈلە»نىڭ سىزگە سېتىشقا ھاۋالە قىلىپلا قويغان يېرى بارغۇ، شۇنداق بولۇپ قالسا ھېلىقۇ بەش مىڭ كويىكەن، بەش تىيىنمۇ يوق، قولىڭىزدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھامىنى...

ئايالىم مېنىڭ جىمىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، يېنىمغا كەلدى.

— شۇڭا دەيمەن. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئۆي قولىمىزدىكى چاغدا يانچۇققا كىرگەنگە ئىگە بولايلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا مىڭ ئارتۇق ساتقان بىلەنمۇ يوشۇرۇن ساتالمايسىز، سىزگە بىر تىيىنلىق پايدىسى يوق. رېھىمجان ئالسا ھېچ بولمىسا ياتقا كەتمەيدۇ. مېۋە-چېۋىلەردىنمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايمىز. ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ رېھىمجانغا يېقىنراق تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىش قىلىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ پايدا ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ يوقسىزلىقنىڭ

دەردنى تارتۇۋەرمەي، خەقنىڭ خوتۇنلىرىدەك قىسلماي يۈرۈپ باقاي، مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، بۇ ئۆيدە مېنى تۇرغۇسىز قىلىسىز جۇمۇ؟

ئايالىمنىڭ ئاخىرقى تەھدىت سۆزى مېنى چۆچۈتۈپ قويدى.

— باشقىلار «يەڭ ئىچىدە» ئىش قىلغىنىمىزنى بىلىپ قالسا نېمە دەر؟

— باشقىلار بىلەن نېمە كارىڭىز، سىز دېمىسىڭىز كىم بىلەتتى؟ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى دەپ ياشاپ بېقىڭە... چوڭ-چوڭ ئىش قىلىش خىيالىڭىز يەقەتلا يوقما؟... مۇشۇنداق يوقسۇلچىلىقتىلا ئۆتىمىزمۇ؟

ئايالىم مېنىڭ جىمىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ھىجاراپ قولىنى پۇلغا سوندى.

— ئەمىسە پۇلنى ئالدىم-ھە!

مەن يا ياق، يا ماقۇل دېيەلمەي قالدىم. ئايالىمۇ بۇنىڭغا يارىشا پۇلنى قولىغا ئېلىپ ساناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇل ساناۋاتقان چاغدىكى تۇرقى ئىنتايىن بەختىيارلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تولغان ئىدى. مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئايالىمنىڭ بۇنچىلىك خۇش بولۇپ باققىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇ بىر قېتىم ئېزىپ كېتىپ يەنە قايتىدىن ساناشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىغا قاراپ، تۇيۇقسىز ئۇنى بۇ ئۆيدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان بىردىنبىر نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. ھاراقنىڭ تەپتى بىلەن كاللام بارا-بارا سەگەكلىشىپ پۇل تېپىشقا ئىشەنچىم ئاشتى ھەم ئۆيلىگەنسىرى رىبھەم تاغارنىڭ ۋە ئايالىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەڭ مۇھىمى ھېچ بولمىسا ئايالىمنىڭ بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرۇشى ئۈچۈن بولسىمۇ پۇل تېپىشىمنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ يەتتىم. تۇرۇپلا تۇتام-تۇتام پۇللارنى ئايالىمنىڭ ئالدىغا ئاتقان ۋە ئايالىمنىڭ خۇشاللىقتا پۇل ساناپ يۈرگەن كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كەلدى. راست ئىككىلەنمەي، بۇ مەن ئۈچۈن بىر پۇرسەت ئوخشايدۇ، رىبھەم تاغار بىلەن شېرىك بولسامۇ، ھەتتا «قوشۇغا كىرسەممۇ كىرەي»، ئىشقىلىپ مەنمۇ پۇل تېپىپ مەيدەمنى كېرىپ بىر ياشاي.

شۇلارنى ئويلاپ بىر خىل چەكسىز ئىشەنچ ۋە ھاياجان بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ھەم بۇنداق ئىشەنچكە تولمىغلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇرۇنلاردا بىرەرسى بىلەن مۇشتلىشىدىغان ۋاقىتلاردا مانا شۇنداق ئىشەنچكە تولاتتىم. ئەمما مەن بۇ نۆۋەتتىكى ئىشەنچنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزدىم. «چوقۇم پۇل تاپاي!» دېدىم-دە، ئالدىمدىكى رومكىنى ئېلىپ ھاراقنى ئاغزىمغا ئاتتىم.

«بىرەر ئاش پىشىم ئۆتكەندۇ؟» دەپ ئويلىغاندا رىبھەم تاغارنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. راستىنى ئېيتقاندا بۇ ۋاقىت ماڭا ناھايىتى ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. رىبھەم تاغار ئادەمنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ چالا سۇغىرىپ قويۇپ كەلگەن ئۇلاغتەك قىلىپ قويغاندى. ئىچەي دېسەم ئۆيدە ھاراق يوق! ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىقى شۇكى، رىبھەمنى ئويلىغانسېرى: «رىبھەم تاغار گېپىدىن يېنىۋالارمۇ؟» دېگەن قورقۇنچ كۆڭلۈمگە كىرىۋالغان ئىدى. شۇڭا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ئۈچۈن، بەش مىڭ كوينى ئالدىغا قويۇۋېلىپ قانداق خەجلەش ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلىۋاتقان خوتۇنۇمنى ئۆيدە قويۇپ، رىبھەمنىڭكىگە ماڭدىم. ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا ئايالىمنىڭ شۇ ئوماق تۇرقى كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى.

رىبھەمنىڭكىگە كېتىۋېتىپ، «چومولە»نىڭ ھويلىسىغا كىردىم.

خوتۇنلار نەزىرىدىن كېيىن ھويلىنى شۇ پېتى تاشلاپ قويغان چېغى، ھەممە يەردە ئەخلەت ۋە كۈللەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھويلىدىن ئىلگىرىكى ئىللىقلىق ۋە پاكىزلىق سېزەلمىدىم. قۇرۇق قوتانلار ۋە ئەخلەت ئۇچۇپ تۇرغان ھويلىدا تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىز بۇ ھويلا قولۇمدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىچىم سىيرىلدى ھەم تۇيۇقسىز «چومولە»گە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا ئەسىر بولدۇم ھەم تۇرۇۋەرسەم بۇ خىل تۇيغۇنىڭ كۈچىيىپ، قارارىمدىن ياندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ھويلىسىدىن يېنىپ چىقتىم. «خەير، چومولە» مېنى كەچۈرگىن، كېيىن كۆپرەك پۇل تاپقاندا چوقۇم ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىمەن...

5

رىھىم تاغارنىڭ ئۆيىگە ھەممەيلەن مەندىن بالدۇر يىغىلىپ بولۇشقان ئىدى. تاغارمۇ مەھەللىدىكى غوللۇق، بولۇپمۇ ئىككىمىزنىڭ گېپىنى يىرمايدىغان تۆت ـ بەشىنىلا يىغىپتۇ. ئابدۇقادىر بىلەن ئەركىن پايپاق، مەمەت سېرىقلارنى چاقىرمىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار كۆرۈنمەيتتى.

بالىلار بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ رىھىم تاغار بىلەن كۆز قىسىشىۋالدۇق. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم باشقىلار بىلەن يوشۇرۇن ئىش قىلىشىم بولغاچقا باشقىچە بولۇپ قالدىم ھەم شېرىك دېگەننىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

گۆش قويۇلۇپ، ھاراق تارتىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇنۇگۈنكى سورۇن ھەققىدە پاراڭلار بولۇنۇپ تۇردى. گەپنىڭ ھەممىسى نەۋرە ئاكامنىڭ ئېسىللىقى، نوچىلىقى، ھاراقنى ئالامەت ئىچىپ قويغانلىقى ھەققىدە بولۇۋاتقاندا قېيۇم توڭگۇز پوسۇققىدە بىر گەپنى چىقىرىپ قويدى.

— ھەممە ئىشقا ھەيران قالىدىغان بالىلاركەنسىلەر، ئاخشام ھېيلىگەرلىك قىلماي جىك ھاراق ئىچكەندىن، مەن، سەمەتجان، رىھىم ئۈچىمىزلا بار جومۇ! ئاخىرغىچە بېسىپ ئولتۇرۇپ ئىچكىنىدىن...

— بورانكاممۇ ئاخىرغىچە ئولتۇردىغۇ؟

— سەن پايىنەكنىڭ كاللىسى چۈشۈپ، موگدەپ قالغاندا، ئەخەتكائىمۇ غىپپىدە چىقىپ، ئىككى قوتا ھاراق توگىگىچە ئارام ئېلىۋالدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئاخىرغىچە ئولتۇرغاندەك قىلغانتىغۇ؟

— كېيىن يەنە كىردى. سىلەر بالدۇر مەست بولۇپ كەتتىڭلار دەيمەن.

— ئاپلا، قارىغاندا ماشىنىدىلا يېتىپ چىقتىمۇ نېمە؟

— ماشىنىدا ئەمەس سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئارام ئېلىپ چىقتىغۇ دەيمەن.

— نېمە؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— ۋاي، ئۆزۈڭمۇ «ئۆيگە ئورۇن راسلاپ قويدۇق، مۇشۇ يەردە قونۇپ كېتىڭ!» دەپ باشتىلا تۇرۇۋالدىڭ. شۇ چاغدا رىھىم تاغار ھاراق كۆتۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىڭلار كىرىشىپلا قالدىڭلار، بورانكام بىردەم ساقلاپ، ئاندىن چىقتى. بىر بولۇشىدا قولۇڭلارنى تۇتۇشۇپ شۇنداق مۇڭدىشىپ كەتتىڭلار تاغار بىلەن نېمە دېيىشتىڭلاركىن تاڭ؟

نېمىشقىدۇر، يۈرىكىم ئېغىپ ئايالىمنىڭ پاتىڭدىكى چىش ئىزى يادىمغا يەتتى.

— ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەتتىمۇ؟

— بىلمىدىم. ھېلىقى بودەك بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەن.

— مۇنداق دېگىن...

— ۋاي نېمە ئەنسىرەپ كەتتىڭ؟ ئۆزۈڭنىڭ ئاكىسى ئۆيۈڭدە يېتىپ قالسا نېمە بوپتۇ؟

— ئەنسىرىمىدىم. بىرەرسىمىز بىللە ئەپچىقىپ قويماي، رەنجىپ قالدىمىكىن دەيمىنا...؟

— ئەمدى، مەست ئادەمدىن رەنجىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. ئىشقىلىپ تۇنۇگۈن بورانكامنىڭ كەيپى بەكلا چاغقۇ، سورۇنمۇ ئالامەت قىزىدى. 50 يىلدا بىر كەلمەيدىغان سورۇن بولدى دېسە...

شۇ ئارىلىقتا رىھىم تاغار كىرىپ قېلىپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى.

ئۇنىڭ قولىدا بىر لېگەن گۆش بار ئىدى. گۆشنى كۆرۈپ ھەممىزنىڭ ئاغزى بېسىقتى.

— يىلىكتەك پىشىپ كېتىپتۇ جومۇ بۇرادەرلەر، قېنى ئاۋۋال بىرەر پارچىدىن ئېلىڭلار، ئاندىن چىشنى چاقىمىز.

ھەممىمىز تۇزۇت قىلىشماي بىرەر پارچىدىن ئېلىشقاندىن كېيىن رىھىم تاغار رومكىلارغا ھاراق قۇيۇشقا باشلىدى. مەي شاۋقۇنسىز جىمجىت ئىچىلدى. كاللامدا تېخىچە پىشلمىگەن بىر تۈگۈن بار ئىدى. ئەمما ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن تۈگۈنمۇ پىشىلىپ كەتتى. «نەۋرە ئاكام ئىشەنچلىك ئادەم» دېگەن يەكۈنگە كېلىۋېدىم، يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىھىم تاغار رومكىنى قولىغا ئېلىپ نەق مەسلىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى.

— ئەمسە بۇرادەرلەر، نەچچە كۈندىن بۇيانقى سورۇنلىرىمىز ھېچ مەقسەتسىزلا كۆڭۈل ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بولدى. ئەمما بۈگۈن ئازراق بىر نىيەت بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ بېرەرمىكىن دەپ بۇرادەرلەرنىڭ ئىچىدىن غوللۇق، غەرەز ئۇقىدىغان بىر نەچچىڭلارنى چاقىرىپ سالدىم. ئەمما ـ زە، خاتىرجەم بولۇڭلاركى

يامان مەقسەت يوق! بەلكى بىر ئەزگۈ نىيەت ئۈچۈندۇر. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، ھېكماخۇن كەتتى، ئەمما بىز قالدۇق. شۇغىنىسى ھېكماخۇن قورۇ - جايىنى سەمەتجاننىڭ ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىپ، قىزىغا يەتكۈزۈش ھەققىدە يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇپتىكەن. ئەمدى شۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە سەمەتجان ۋە ھاجىكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قورۇ - جايىنى مەن ئېلىپ قالدىغان بولۇپ قالدىم ھەم مۇشۇ ئىشقا ھەرقايسىڭلارنىڭ رازىلىقى بارمۇ - يوق؟ شۇنى بىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىپ سالدىم. ھاجىكام ئىچمگەچكە كېلەلمىدى، ئەمما قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ئېيتىپ بەردى. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مېنىڭ ھەرھالدا كىچىك بولسىمۇ يالغۇز تېنىمنى سىغدۇرغۇدەك كەپەم بار. ھازىرچىغۇ، چوڭراق زېمىنغا ئېھتىياجىممۇ يوقتى. ئەمما يېقىندىن بۇيان تولا ئويلاپ مۇشۇ خىزىر مەھەللىسىدە يىلتىز تارتىپ قېلىشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ئەتە - ئۆگۈن ئۆي - ئوچاقلىق بولسام، بۇ كەپەم كىچىك كېلىپ قالار، شۇڭا ھېكماخۇننىڭ قورۇسىغا جايلىشىپ مەھكەم يىلتىز تارتىشنى ئويلاپ قالدىم. يەنە بىر جەھەتتىن بۇنداق بولغاندا ھېكماخۇننىڭ قورۇسىنى يات كىشىلەر ئىگىلەپ كەتمەس، چىرىغىنى ياندۇرۇپ، بۇرادەرلەر بىلەن تېخىمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ ئۆلتۈرارمەن دەپ خىيال قىلدىم.

رىبھەم تاغار سۆزىنى ئۈزۈپ ھەممەيلەنگە «قانداق؟» دېگەندەك قاراپ قويدى ھەم ھەممەيلەننىڭ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىللىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە ئېيتتى.

— ئەمما شۇغىنىسى ھازىرچە يېنىم سەل بوشاپ قالدى. شۇڭا ئۆينىڭ نەرخى بازار نەرقىدىن سەل تۆۋەن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇماتلاردىن قارىغاندا پات يېقىندا ئۆي باھاسى چۈشەرمىش. شۇڭا ئۆينى مەسلىھەت قىلىپ 20 مىڭ يۈەنگە توختىتىدىغان، قالغىنىنى ھېكماخۇننىڭ قىزى كەلگەندە رازى بولماي قالسا، بىرەر نەرسە دېيىشىدىغان بولۇشتۇق. ھازىرچە شۇنداق بولۇپ تۇرسا خۇدايىم بۇيرۇسا قالغان كىمىنى تولۇقلىۋالارمەن دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭغا سەمەتجانمۇ قوشۇلدى. قالغان بۇرادەرلەر قانداق قارايدىكىن، رازىلىقى بارمۇ - يوق؟ شۇنى بىر بىلەيلى دېدۇققۇ؟

قالغانلار ماڭا قارىدى. ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپ قوشۇپ قويمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ئەمدى شۇ «قويىنۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا» دەيدىغان گەپ باركەن بۇرادەرلەر، رىبھەمجان سورىسا بەرمىسەك «چۈمۈلە»نىڭمۇ روھى ئەمەس تاپماس. شۇڭا لايىق كۆردۇققۇ؟

ئارىدىكى جىمجىتلىقنى قېيۇم توڭگۇز بۇزدى.

— ئەرزان بولۇپ كېتىپتۇ جۇمۇ؟ بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ سەمەتجاننىڭ دېگىنى ھېساب، بىزگە نېمىتى؟ ئەمما تاغار سەنمۇ ئەرزان ئېلىۋالغاندىن كېيىن بىزگە بىر داستىخان سالمىساڭ بولمايدۇ.

— سالامدىغان، بۇرادەرلىرنى شەھەرگە ئەكىرىپ بىر ئوينىتىپ چىقاي دەيمەنغۇ؟...

شەھەرگە كىرىپ ئويناپ كېلىشنىڭ گېپى چىققۇدى، ھەممىسى قايتىدىن روھلىنىپ، جانلىنىپ كەتتى ھەم باشلىرىنى لىڭشىتىپ قوشۇلۇشتى. رىبھەم تاغار قارا سومكىدىن بىر دەستە پۇلنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى. ماۋۇسى 15 مىڭ كوي، بەش مىڭنىڭ غېمىنى ئەتە - ئۆگۈن قىلىپ بېرىمەن. بىرسىدىن ئالىدىغان پۇل بارتى، بۇگۈن ئەكېلىپ بېرەلمىدى، ئەتە چوقۇم پۈتىدۇ. شۇ چاغدا سەمەتجاننىڭ قولىغا تۇتقۇزىمەن. سەمەتجان بىر سانىۋالسا، ئاندىن بۇرادەرلەر بىر باشتىن ئىمزا قويۇۋەتسە، ھارىقىمىزنى ئىچىپ كەتسەك قانداق؟

رىبھەم تاغارنىڭ بەش مىڭنى نېسى قىلىپ كەينىگە قالدۇرىدىغانلىقىدىن خەۋرىم بولمىغاچقا، بۇ ئىش سەل غەلىتە تۇيۇلۇپ تاغارغا قارىدىم. ئۇ چاققانلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ ئىشارەت قىلىپ قويدى. ئەمدى پۇلنى ئالماقتىن باشقا ئامال يوقتى. پۇلنى ئېلىپ باللارغا ئۈلەشتۈرۈپ ساناپ، تولۇق چىققاندىن كېيىن بىر باشتىن ئىمزا قويدۇق. شۇنداق قىلىپ ھاياتىمدىكى تۇنجى سودىنى پۈتكۈزگەن بولدۇم. سودا پۈتكەندىن كېيىن باللارنىڭ كەيپى قايتىدىن كۆتۈرۈلدى ھەم مەيلىشىپ كەتتۇق.

## 6

بىر نەچچە كۈنگىچە رىبھەم تاغارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. كەم قالغان بەش مىڭ ۋە قىلىدىغان

سودىمىز، قۇربىدىغان شىركەتلىرىمىز ھەققىدە شېرىن خىياللار بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە نەچچە دوققۇرۇپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. «بەلكىم بۇ بىچارە نېسى قالغان بەش مىڭنى سۈيلەپ يۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ ئويلىسامىمۇ ساق بىر ھەپتىگىچە خەۋىرى بولمىغانلىقتىن كۆڭلۈمگە بىر ئەندىشە چۈشتى. بىرىم ئەندىشە، بىرىم شېرىن خىيال بىلەن چالا-بۇلا ئۇخلاپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە تىراكتور ۋە گۈلدۈرلەپ چۈشكەن بىر نەرسىنىڭ ئاۋازى، ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردۈم. كۆردۈمكى، بىر نەچچە كىشى بىر تىراكتور تاش چۈشۈرۈۋاتقان ئىكەن. نېرىسىدىراق يوغان قورساق، ئەپتىدىن پۇلدارلىقى چىقىپ تۇرىدىغان مۇز چىراي بىرسى ئېسىل قارا ماشىنىنىڭ يېنىدا قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پات-پات قولىنى شىلتىپ، تاش چۈشۈرۈۋاتقانلارغا بۇيرۇق بېرىپ تۇرغىنىدىن قارىغاندا بۇ ئىشنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. قورسىقىنىڭ يوغانلىقىغا قارىغاندا رېھىم تاغارنىڭ تونۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ تاشلىرىنى چۈشۈرۈپ بېرىۋاتامدۇ تېخى؟ دېگەن خىيال كاللامدىن كەچتى. رېھىم تاغار ئۆزى كۆرۈنمەيدۇ، نېمىلا بولمىسۇن سوراپ بېقىش نىيىتىدە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ماڭدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم؟

يوغان قورساق ماڭا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، جاۋابىمۇ قايتۇرماستىن قولىنىڭ ئۇچى بىلەنلا سۇس كۆرۈشۈپ قويۇپ، يەنە تاش چۈشۈرۈۋاتقانلارغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— ئۇستى-ئۇستىگە چۈشۈرۈۋەتمەڭلار، بېيىتىپراق چۈشۈرۈڭلار!

بۇ يوچۇن ئوغرىنىڭ كۆرەڭلىك بىلەن قىلغان مۇئامىلىسى غۇرۇرۇمنى ئاچچىقمىنى كەلتۈردى. بىر نەرسە دېگۈم كەلدى-يۇ، يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— كىمنىڭ تاشلىرى بۇ، رېھىمجاننىڭمۇ؟

— تاش مېنىڭ...

— ئەمىسە، رېھىمنىڭ ئىشىك ئالدىغا چۈشۈرۈپسىزغۇ؟

— بۇ يەر ئەمدى مېنىڭ بولدى.

— نېمە؟! بۇ قانداق گەپ؟

— قانداق گەپ بولماقچىتى، رېھىمدىن بۇ ئىككى قورۇنى سېتىۋالدىم.

— نېمە؟!

كاللامغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى.

— قاچان، قانچە پۇلغا سېتىۋالدىڭىز؟

— ئىككى كۈن ئاۋۋال 100 مىڭغا سېتىۋالدىم. ھە، ئۆزۈڭلا كىم ئەمدى، ئەجەب سوئال-سوراق قىلىپ كەتتىڭلىغۇ؟

— مەن سەمەت، رېھىم بىلەن ئازىراق مۇشۇ زېمىن ئۈستىدە ئېلىم-بېرىمىمىز بار ئىدى. ئەجەب ماڭا ئۇقتۇرماپتىيا ئۇ...؟

— سەمەت دە... توغرا... توغرا سېنى تىلغا ئالغاندەك قىلغان، بىر پارچە خەت بېرىۋېدى، بېرىپ قويارسىز دەپ...

ھېلىقى كىشى شۇنداق دەپ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بىر پارچە كىچىك كونۋېرتنى چىقاردى. مەن ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىچىدە كونۋېرتنى ئالدىم. بەلكىم رېھىم تاغار شىركىتىمىزنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ قالغان بولسا، پۇلنى كونۋېرتقا سېلىپلا ئەۋەتتىمۇ تېخى...

كونۋېرتنى ئاچتىم. ئىچىدە ئىش قەغىزىگە يېزىلغان بىر پارچە خەت بار ئىدى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بۇرادەر ئەزىز، بېقىندىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ قىلىپ سالام بېرەلمىدىم. يېڭى بىر تىجارەتكە تۇتۇش قىلىپ قالغانلىقتىن پۇلدىن قىسىلىپ، زېمىنلارنى سېتىۋەتتىم. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغايلا! ھە راست، شىركەت قۇربىدىغان ئىشقا كەلسەك. ئۆزلىرى بەك ئاق كۆڭۈل ئادەم، شۇڭا بۇ ئىشقا يارىمايدىلا. كېيىن باشقا ئىش چىقسا ھايت دەرمەن. يەنە بىر گەپ، زېمىنىنىڭ قالغان بەش مىڭ كويىنى ھازىرچە ھېكماخۇننىڭ نەزىرىگە ھەم ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدىكى چىقىملارغا تۇتۇپ قالدىم. تەپسىلىي چىقىملارنىمۇ يېزىپ قويدۇم. ئاللاھ خالىسا يەنە كۆرۈشەرمىز. خەير!»

خەتنى قايتا-قايتا ئوقۇدۇم. خەت تۇتقان قوللىرىم تىترەپ بېشىمدىن بىر تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

خەپ! رېھىم تاغار، ئەگەر قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ، ئاغزى-بۇرنۇڭنى...!!!

مۇھەررىرى: ئىمرھەسەن مەخمۇت



# دادامنىڭ شەجەرىسى

ۋاھىتجان ئوسمان

## تىنچلىقتىكى ئاۋاز

تىنچلىقنى زەن سېلىپ ئاڭلىسام،
سۆزلەيدۇ بىر تاتلىق ئاھاڭدا.
يەر ـ كۆككە سىنچىلاپ قارىسام،
ساداسىز نەرسە يوق جاھاندا.
يۇلتۇزنىڭ ئاۋازى كۆزىدە،
چېچەكنىڭ ئاۋازى بەرگىدە.
ئاسماننىڭ ئاۋازى يۈزىدە،
ئالەمنىڭ ئاۋازى رەڭگىدە.
سۆزلەيدۇ تاغلارنىڭ قامىتى،
يېشىل ئۈن تارايدۇ چىملىقتىن.
نەي چالار بۈركۈتنىڭ قانىتى،
يىلتىزلار قاچىدۇ جىملىقتىن،
قومۇشلار مۇڭ تۆكەر يىراقتا،
ئالتۇن چۈش كۈلىدۇ توغراقتا.
بېلىقلار سۆزلەيدۇ پىراقتا،
سۇ قىزىق ھېكايە قىرغاقتا.

تىنچلىقنى زەن سېلىپ ئاڭلىسام،
بىرىنىڭ ئاۋازى تىلىدا.
بىرىنىڭ ئاۋازى شەكلىدە،
بىرىنىڭ ئاۋازى دىلىدا.
بىرىنىڭ ئاۋازى قەلبىدە،
بىرىنىڭ ئاۋازى نەپرەتتە.
بىرىنىڭ ئاۋازى ھىجراندا،
بىرىنىڭ ئاۋازى غەپلەتتە،
بىرىنىڭ ئاۋازى ۋىجداندا.

## ئادەملەر

ئۇلار مېنى كۆزىدىلا تونۇيدۇ،
يۈرىكىدە يوقتۇر تىرىك رەسىمىم.
يۇلتۇزلار كۆزىدىن تىم ـ تىم ئاقىدۇ،
ئاينى تۇتۇپ تۇرۇپ قىلغان قەسىمىم.
ماڭا ئېچىرقىغان يولدا بىر ئۈزۈم،
ماڭىمەن ئەگەشتۈرۈپ كارۋىنىمنى.
ھەسەتنىڭ قارىچۇقىنى قاتتۇرىمەن،
ئېيتماستىن ئوتتىن نەپەس ئالغىنىمنى.
ئۇچرىسا مۇھەببەتنىڭ تاش قاتمىسى،
كۆكسۈمنى بىلەپ چېقىن چىقىرىمەن.
ئۇپۇقتا قىزىل جىيەك تۇتۇپ تۇرغان،
ھۆرلەرنى كۆرگۈلۈككە قىچقىرىمەن.
بولسىمۇ قارغىش ماڭا ئالقىشتىن كۆپ،
سادالار ئۆگىتىمەن كولدۇرمىغا.
ئۇيقۇمدىن ئۇنۇپ چىقسا غالجىر چۈشلەر،

شېئىرىيەت ئۇپۇقى

تاشلايمەن ئۇنتۇش ئۈچۈن تىندۇرمىغا.
تاڭدىكى چولپان بىلەن بىر رەت قىلىپ،
قارايمەن كۆزلىرىمنى كۆككە تىزىپ.
ئۆزۈمنى كىملەرگىدۇر ئىلغا ئۈچۈن
قويىمەن يېشىل رەڭدە يولغا سىزىپ.

## دادامنىڭ شەجەرىسى

دادا سېنى ئوتتىن سورىسام،
ئوت لالىدەك قىزىرىپ تۇرۇپ:
ماڭا ئوخشاش كۆيەتتى دېدى.

دادا سېنى سۇدىن سورىسام،
سۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:
ماڭا ئوخشاش كۆلەتتى دېدى.

دادا سېنى كۆكتىن سورىسام،
كۆك بەك ئېغىر خورسىنىپ تۇرۇپ:
يۇلتۇزلاردەك يورۇيتتى دېدى.

دادا سېنى تاغدىن سورىسام،
تاغ باشقىچە روھلىنىپ تۇرۇپ:
يامغۇر ئۇنى دورايتتى دېدى.

دادا سېنى قۇشتىن سورىسام،
قۇش ھەسرەتتە تولغىنىپ تۇرۇپ:
ئۇ دەرەختەك تۇراتتى دېدى.

دادا سېنى گۈلدىن سورىسام،
گۈل شەپەقتەك چوغلىنىپ تۇرۇپ:
مېھرى بىزدەك پۇرايتتى دېدى.

دادا سېنى يەردىن سورىسام،
يەر ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرۇپ:
بىزگە كۆكلەم چاچاتتى دېدى.

دادا سېنى خەقتىن سورىدىم،
خەق روھىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ:
ناھەققە ئوت ئاچاتتى دېدى.

## ئۈيقۇمنى

ئۈيقۇمنى
قانداق قىلىپ ئېلىپ كەتتىڭ كۆزۈمدىن؟
قاپتىمەن خاماندىكى مومدەك
ئۆزۈمنى سوراپ باقسام ئۆزۈمدىن.

ئۈيقۇمنى
سۇغا تاشلىۋەتتىڭمىكىن دېسەم،
سۇ يېشىمدەك ئېقىۋاتىدۇ.
تۈنگە چېچىۋەتتىڭمىكىن دېسەم،
يۇلتۇز كۆزۈمگە ئوت يېقىۋاتىدۇ.
دەرەخقە ئىلىپ قويدۇڭمىكىن دېسەم،
دەرەخ شىۋىرلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.
شامالغا بەردىڭمىكىن دېسەم،
شامال تاتلىق پۇراۋاتىدۇ.
ئۆيۈڭگە ئەكەتتىڭمىكىن دېسەم
دېرىزەڭ چوغدەك يورۇۋاتىدۇ.

ئۈيقۇمنى
كۆزۈمدىن جۇدا بولغان ئۈيقۇمنى،
مەيلى نېمە قىلساڭ قىلىۋال.
ئەمما مېنىڭ ئۈيقۇمغا قونۇپ
چۈشلىرىمگە قېنىپ ئۇخلىۋال.

# ئاياللىق تۇيغۇمنى قۇچاقلايمەن چىڭ

## رىسالەت مەردان

### لەگمەن پىشتى

لەگمەن خېمىرىنى يۇغۇرغان نەم بارماقلىرىم
كونۇپكا تاختىسىدا ئوينايدۇ ئۇسسۇل
بارمىقىمدا خېمىر يۇقى بار

### بار بىر ئائىلىنىڭ مەززىلىك ئېشى

مەن ئاش ئېتىۋېتىپ
تۇيۇقسىز شېئىر يېزىشنى ئويلاپ قالىمەن

ئويلاپ قالىمەن لەڭمەن قورۇمىسىدەك لەززەتلىك مىسرالارنى
لەڭمەن چۆپىدەك مېھرى ئىسسىق تۇيغۇنى
ئاندىن پەرتۇقۇمغا سۈرتۈپ قولۇمنى
مۇكچىيىپ ئولتۇرغان كومپيۇتېر ئالدىغا كېلىمەن
ئۇ جىمجىت قارشى ئالىدۇ مېنى
مېنىڭ مىسرالىرىمدا ئۇزۇن، يالتىرىغان كېچىلەرنىڭ كۈتۈشلىرى بار.
شامال ناخشا ئېيتىۋاتقان ئۈستەلىمنىڭ قېشىدىكى ئېگىز
بىر تۆپىلىك بار.
مەن خىيالىمنى قويۇۋېتىمەن
قويۇۋېتىمەن ئۆزۈمنى يىراق بىر يەرگە
ئۇچۇپ كېتىمەن گاھىدا پارىژ، ئىستانبۇلغا
بوغۇز ئارىسىدا پاراخوتلارنى ئەگىپ ئۆتكەن چايكىلاردەك
ياكى كۆپكۆك دېڭىز بويىدا بېلىق پىشۇرۇۋاتقانلارنىڭ
ئوتلىرىدا يالقۇنجاپ كۆيىمەن ئۆزۈمدەكلا...
كونۇپكىدا لەڭمەن يۇقى قالدى
بىر مىسرا شېئىردىن كېيىن
مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىسسىق تۇيغۇدىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى...
قازان قاينىدى
قازان قاينىدى
پەرتۇقۇمنى بېلىمگە چىگىپ
شېئىر بىلەن خوشلىشىپ
ئاشخانا مەملىكىتىگە چىقىپ كەتتىم.
چىقىپ كەتتىم مىسرالاردىن خوشلىشىپ،
مەززىلىك لەڭمەن ئەتمەككە

## چاي تۇتۇش

ئېرىم، سىزگە چاي تۇتاي چىن مېھرىم بىرلە
ئۇنى ئېلىڭ، بىر يۇتۇم كۆڭلۈم بىرلە
شۇنداق،
مەن سىزگە چاي تۇتمىغىلى ئۇزۇن بولدى
بۈگۈن چاي تۇتتۇم، ئىلھاملىنىپ
چاي ئىچىڭ، يۈرىكىمدە ئىسسىق تەشەككۈر بار
چاي ئىچىڭ، دەملىدىم، يۈرىكىمدىن چايلىق سېلىپ

بىز تۇتقان بۇ ئۆيلەردە
مىڭ يىللىق مېھرىنىڭ بىر پارچىسى بار
بىز كۈلگەن كۈلكىلەردە
شادلىقنىڭ بىر ئۇچى بار.

شېئىرىمدە لەيلەپ تۇرىدۇ
سىزنىڭ چىرايلىق قارا كۆزىڭىز
مەن ئۇنىڭغا تىكىلىمەن
ئېسىمدە،
ماڭا ئېيتقان سۆزىڭىز
چاي ئىچىڭ، چاي ئىچىڭ قانغۇچە ئىچىڭ
راھەت ماڭا بىر قېنىپ ئىچىپ، كۈلسىڭىز

## سېنى ساقلىدىم

سېنى ساقلاۋاتىمەن گۈللەر ئىچىدە
قولۇمدىكى بىر تال يوپۇرماق
كۆكلىمەكتە كۈتۈش شەكلىدە
كۈتۈش، كۈتۈش
ئاسماننىڭ ئاخىرىدىكى ھېس ـ تۇيغۇ
مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى چېكى
كۈتۈشنىڭ پەريادلىرى
دېرىزىدىن قاراپ يىراققا
كېچە باغرىنى كېسىپ ئۆتۈپ
چەكسىزلىككە ئۇزاپ
سېنى ساقلاۋاتىمەن
مېنى ئەسلىمەك بولساڭ
ئەسلەپ قويغىن مامكاپ گۈلنى
تىنىقىڭدا يېنىك ھىدلىساڭ
ئۇچۇپ كېتەر ھەربىر ئۇرۇقى
ئەگەر مېنى ئۇنتۇماق بولسا
ئەسلەپ قويغىن قىزىل ئانارنى
يېرىپ باقساڭ ئىچىدىن
ئەسلىمە، نەپرەت، پەرياد، باشقىلار
قان رەڭگىدە تۆكۈلەر
گەر قولۇڭنى ئۇزاتماق بولساڭ،
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
ئېرىپ كەتكىن قارغا ئايلىنىپ
مەن شۇندىلا يامغۇردىن
سېزەلەرمەن ھىدىڭنى

## يېرىم كېچە

كېچە ئۆز قاراڭغۇلۇقىنى چاچماقتا مېنىڭ ئىچىمگە
مەن جىمجىت قوللىرىمدا سىلايمەن كۆڭۈل جاراھەتلىرىمنى

كۆڭۈل تارتۇق قالغان كۆيۈك يارىسىدە
بىر يۈرەكنىڭ ئەلەم خاتىرىسىدەك
ياكى ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىر تال ياپرىقىدەك
ئېقىپ چۈشەر ئەسلىمىلەردىن
رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قېتىغا

مېنىڭ ياپراق بولۇپ باققۇم بار
تەسبىھ ئېيتقۇم بار ھەربىر كۈنۈمگە
مۇھەببەت بىر ئامانەت
ئۇنى قوبۇل قىلار ھەر يۈرەك
ئۆسۈمگە تۆلەپ ھاياتنى

چىغىرتماقگۈل
سۆسۈن رەڭلىك ھاياتلىق
ئۇنىڭدا قۇياش نۇرى يايرايدۇ تىنماي
مەن شۇ گۈلگە ئوخشىدىم
كېچە نۇرىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا
كۆڭۈللەرنىڭ بىر تال قېتىدا

### ئۆيگە قايتىش

مەن قايتىۋاتقاندا
توغراقلار كۈلۈشۈپ چېلىشتى چاۋاك
شاماللار بويىندا بىر دۆۋە ئىستەك
قايتىۋاتىمەن ئۇۋامدىن ئۇۋامغا
دۈپۈلدەيدۇ مەندىكى يۈرەك

ھارغىن تۇيغۇلار ئارا
بىخلاپ تۇرار سۇسقىنە ئۈمىد
ئۆيۈمنىڭ چىرىغى كۆرۈندى ئەنە
تارتىدۇ مۇھەببەتلىك ھىد

ئىشىك ئالدىدا
مۇھەببەتتىن بىر دەستە گۈل بار
ئىشىك ئىچىدە
سۈكۈت بىلەن
مېنى كۈتەر شۇ قەدىردان يار.

## مۇھەببەتنىڭ مىڭبىر جىلۋىسى

مۇتەللىپ خۇرسەندى

### ئەقلىنىڭ سىرتىدا

كۆزلىرىڭدە كىشنەۋاتقان ئاتلارنى
چېچىڭدىكى قارا ھاياجانلارنى
لېۋىڭدىكى گۈرۈلدىگەن ئوتلارنى
كىرپىكلىرىڭدىن ئۇچۇۋاتقان ئوقلارنى
كۆكرىكىڭدىكى ئىسسىق چوققىلارنى
ھۆسنۈڭدىكى پايانسىز تاڭلارنى
كاشكى كۆرمىگەن بولسام...

تېنىڭنىڭ دولقۇنلىرىدا
ئۆزگىنىمنى بىلمىسۇن كېچە
كۆيلەشمىدى بىر ئاخشىمىڭنى
ياشىغىنىم مۇشۇ چاققىچە
ئۇخلاپ كەتسۇن بارچە ئەسلىمە

### كۆڭلۈڭدىكى يولدىن قايتقىچە

تاغنى ئېغىر دەيدۇ
ئېغىر بولماس ئايرىلىشتەك
چوڭقۇر دەيدۇ دېڭىزنى
تېرەن بولماس مۇھەببەتتەك
گۈزەل دەيدۇ گۈللەرنى
پورەكلىمەس ھېچبىرى سەندەك

ئەمدى ئۇۋا تىزماس قارلىغاچ
ئىككىمىزنىڭ ئايۋانلىرىغا
ئەمدى بالقىپ چىقماس تولۇن ئاي
ئىككىمىزنىڭ ئاسمانلىرىغا
ئەمدى ھايات قىلار كەيىننى
ئىككىمىزنىڭ ئارمانلىرىغا

ئەمدى ئۇيۇق كۆلۈمسىرىمەس
ئىككىمىزنىڭ زامانلىرىغا

سېنىڭ نۇرغۇن خىياللىرىڭ بار
مېنىڭ بىلەن باغلىنىپ كەتكەن
مېنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرىم بار
جاۋاب بەرمىسەڭ بوپتىكەن

ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ ئورمانلار
بەلكىم يىغلىغانسەن
مۈگدەپ كېتىپتۇ يوللار
بەلكىم چارچىغانسەن
توزۇۋېتىپتۇ گۈللەر
بەلكىم ياشاپ بولغانسەن

مېنىڭ ئىسمىمدىكى ھەرپلەر
چاقنار سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭدا
سېنىڭ يورۇق ھەسرەتلىرىڭ
نەپەس ئالار ناخشىلىرىمدا

### ئاستا...

ئاستا تۇر، ئاستا
ئاستا كەل، ئاستا
ئاستا سۆي، ئاستا
ئۇقماي قالسۇن ھېچنېمىنى
بارچە غەيۋەتلەر

ئاستا تۇر، ئاستا
ئاستا چىق، ئاستا
ئاستا كەت، ئاستا
ئۇقماي قالسۇن ھېچنىمىنى
بارچە ئىبرەتلەر

ئاستا، بەك ئاستا
يەنىمۇ ئاستا
«پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا
ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا»
كۆڭۈل يۈگۈرۈكى كۆز ياشقا...!

### قەبرە تېشىمغا

بۇ قەبرىدە ياتقان ئادەمنىڭ
ئارمانلىرى تېخى ياش ئىدى.
ئاقارسىمۇ چېچى تاڭلاردەك،
مۇھەببىتى ئاتەك شاش ئىدى.

كۆۋرۈك سالدى شېئىرلىرىدا،
روھى گويا مەزمۇت تاش ئىدى.
يۈرگەن بىلەن داۋراڭ قىلماي،
ياخشىلىققا جىمجىت باش ئىدى.

## ھال رەڭ خىياللار

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

### ئەر بولۇشنى ئىزدەيمەن

ئەر بولۇشنى ئىزدەيمەن
دادام دادا بولۇپ ئۆتكەن ئىزىنىزدىن.
سۇ بولۇشنى ئىزدەيمەن
چاڭقىغان ئۆنلەرگە ئاققان ئىگىزدىن.

ئاش بولۇشنى ئىزدەيمەن
ئانام ئانا بولۇپ پىشقان ئوچاقتىن.
تىغ بولۇشنى ئىزدەيمەن
تاشلارغا چاقلىنىپ چىققان غىلاپتىن.

تاغ بولۇشنى ئىزدەيمەن
بۈركۈتلەر ئۇچۇرما بولغان قىيادىن.
باغ بولۇشنى ئىزدەيمەن
سىزىلغان قاقاسقا يېشىل سىياھتىن.
ئەر دېگەن دەرەخ،
دەرەخ دېگەن ئەر!

تۇرمىسا قىشمۇ ياز ياپرىقى يېشىل
قانداقمۇ كۆتۈرۈپ تۇرار ئۇنى يەر؟
بولسىمۇ دۇنيانىڭ ئېغىرى
بولسىمۇ كۆڭۈلنىڭ يېغىرى
تۈزۈپ تۇرار، ئەملىنىپ تۇرار
تۆكۈلۈپ تۇرسىلا تامچە ـ تامچە تەر.

ئەر دەرەخنىڭ يىلتىزى
دەرەخ ئەرنىڭ ياپرىقى
شۇ ياپراقنىڭ جۇلاسىنى ئىزدەيمەن
ئەرلىكىمدىن پىشقىچە ئانار...
يەتكۈچە قوللارغا بىر دەستە باھار!...

## يەنە ئارماندا

چۈشلىرىمدە يەنە شۇ ئايال،
يۈرەر ناخشامدىكى قويۇق ئورماندا.
شۇرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا ئاقار،
قويۇپ مېنى رەڭسىز تۇماندا.

يەر تېرىغان كۆڭلىرىم ئىدى،
ئىككىمىز كۆيۈشمەي سۆيۈشكەن چاغلار.
يا مۇھەببەت، يا غالجىر ئازاب
يۈرەكتە ھازىرقى كۆكلىگەن داغلار.

قاچانلاردىن باشلانغان چۈش بۇ،
كىرپىكىمدە شۇ كەپسىز ئايال
ئايالغىلا ئايلانغان شامال.
قاچانغىچە يۈرەرمەن سەرسان
ئېچىلالماي توزۇغان گۈلدەك
ئىچىمدە كەچ كۈز، بىر دۆۋە خىيال.

چۈشۈمدە، چاڭقىسام قاچان شۇ ئايال
يۈرەتتى تېنىمگە پاتماي قىياندا.
بارمىقىم بارمىقىغا تېگەي دېگەندە،
ئويغىنىپ كېتىمەن يەنە ئارماندا...

## مەن بىرتال ئۇرۇق

مەن بىرتال ئۇرۇقمەن گۈلخاندىن ئۇنگەن،
يىلتىزىم بار كەلگەن رىۋايەتلەردىن.
سۇلارنىڭ چاڭقىشى قانار لېۋىمدە،
يۇلغۇنلار قىزارغان ھېكايەتلەردىن.

ياشاردىم ئات باغرى قۇملار تەكتىدىن،
ئەجەمنىڭ تارىدىن روھىمنى چوغلاپ.
ئالتۇن قوڭغۇراقلار ئاسقان توغراقتىن،
كۆكلەرگە پەر قاقتىم تارىخنى بويلاپ.

باراقسان بىخلىدىم يادلاپ تارىمنى،
پايانىم تىزگىنسىز كىشنىگەن ئاتلار.
بارخان چاچلىرىنى تارايدۇ ئۈنسىز،
سۆيگۈمدە ئۆزىنى سۆيگەن شاماللار.

ياشىدىم خىيالدىن خىيالغا يۈرمەي،
قۇملارنىڭ مېھرىلىك ھىدىنى يۇراپ.
بوۋامنىڭ چۆچكى باشلانغان يولدىن،
ناخشامنى باشلىدىم ئۇپۇققا قاراپ...

## مەن شۇنداق نوچى

ئاچتىم ئىشكىمنى ئەسىردىن ئەسىر،
چاڭقىغان لېۋىمدە تاتارغان چۆللەر.
كىمنىڭ چېكىشىنى بىلمەيمەن ئىشىك،
تۈيغۇمدا پۈرەكلەپ سولماقتا گۈللەر.

دۇئېلغا چۈشۈشنى قىلمىدىم خىيال،
ئالمىسى دەريادا ئاققان قىز بىلەن.
مۇھەببەت بولمىغان ئوتقا كىرمەيمەن،
يۈرەككە سانجىلىپ تۇرسىمۇ تىكەن.

پاك سۆيگۈم تاغلىرىدا ئوتلايدۇ كېيىك،
مەن ئۇنىڭ چۈشلىرىگە كىرمىگەن ئوۋچى.
كىرىچ مەن بەتلەنگەن يۇلتۇزغا، ئايغا،
خىيالىم كۆكلەردە مەن شۇنداق نوچى...

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

شېئىر ۋە باھا




# «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى رەڭدار ئاۋازلار

موسا ئەھەد تىركەش

بىز كۆپىنچە هاللاردا بىرەر شېئىر توغرىسىدا سۆزلەشكەن ياكى قەلەم تەۋرەتمەكچى بولغاندا، شېئىردىكى مەزمۇننى شەرھلەشكە كۆچەپ، شېئىر ئاتا قىلغان تۇيغۇ ۋە بۇ تۇيغۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن مەنىۋى قاتلامنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز. شائىر ھەققىدىكى ھەمدۇ-سانالار، ئەسەر ئۈستىدىكى ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان شەرھلەر بىلەن پۈت-قولىمىزنى چۈشەپ قويىمىز. ئەمما قەلبىمىزدىكى رەڭدار سادالارغا، تۇيغۇلىرىمىزنىڭ مەيىن شىۋىرلاشلىرىغا قۇلاق سالمايمىز.

ۋاھىتجان ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ بىر قانىتى ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدا بولسا، يەنە بىر قانىتى ئۆزى ياشىغان زامان، ماكان، تارىخ، ئەنئەنە، جۇدالىق، ھىجران ئاسمىنىنىڭ سۇزۇك كۆكلىرىدە پەرۋاز قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىشلىق، ئويناق مىسرالىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا دېھقانلارنىڭ لاي-لاي ناخشىسىنى، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەن ئايدىڭ كېچىلىرى ئۆز مەشۇقىنى ياد ئېتىپ، ھىجران ناخشىلىرى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان دېھقان يىگىتلەرنىڭ كۈيلىرىگە مەستخۇش بولغان كۆجۈم مەھەللىلەرنى ئەسلەپ قالاتتىم. شېئىردىكى مەنىلەرگە جان بەرگۈچى يېڭى سۆز-ئىبارىلەرنى غەلۋىرلەردە تاسقالغان دانە-دانە ئۇگۇتلەرگە ئوخشاتقۇم كېلەتتى.

ۋاھىتجان ئوسمانىنىڭ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن شېئىرلىرىدىن ئۇيغۇر خەلق فولكلورلىرى بىلەن شائىرنىڭ يېتەرلىك ئوزۇقلانغانلىقى ۋە ئۇنى تەپەككۇر ئەلگەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ھاسلاتلىرىدا يەنە بىر بالداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە شېئىر دۇنياسىنى يارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

يىغلا، يۈرىكىم يىغلا،
ئەلەم ساڭا ئولاشتى.
بەختىڭ ئۇچۇن ئېچىلغان،
چېچەكلىرىڭ سولاشتى.

تاغ ئالدىدا سەن يىغلاپ،
تاغ كەينىدە مەن، ئۇ يىغلار.
يىغلا يۈرىكىم، يىغلا،
تاغمۇ بىر كۈن يېرىلار.

«يىغلا يۈرىكىم»دىن

ئۆتۈپ كەتتى ئالدىمدىن،
بىر كۆزۈڭ مەندە.
باش كۆتۈرمەي ئولتۇردۇم،
بىر كۆزۈم سەندە.

توشۇپ كەتتى چۈش خانەم،

سىنىڭ ئوتلۇق كۆزۈڭدە.
بولدى ئىشق غوۋغايىم،
ئاشىقلارغا ئۆزۈڭدە.

چىلىكىڭگە سۇ لىقلاپ،
قايتتىڭ ئۆيۈڭگە.
شەبنەم بولۇپ تامچىغۇم،
كەلدى سۆيۈڭگە.

«بىر كۆزۈڭ مەندە»

توپلامدىكى مسالغا ئېلىنغان پارچىلاردىن بالقىپ تۇرغان تىلدىكى پاساھەت ۋە سېھرىي كۈچ، شائىر ھېسسىياتى بىلەن يېتەرلىك تويۇنغان لەۋھە، لىرىك تۇسى قويۇق سۆز- ئىبارىلەر، ئوقۇرمەننى تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر ئىچىگە باشلاپ كىرىدىغان شېئىرىي مەنزىرە، شېئىر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام، پىكىرنىڭ چوڭقۇر، تەسەۋۋۇرنىڭ ئويناق ھەم جىلۋىگەرلىكى «ئاۋازلىق ئوقيا»نىڭ تۇنجى مەنزىلدە ئېرىشكەن تەسىراتىمنىڭ تۇغۇندىسى بولسا كېرەك.

1. ئەسەر ماۋزۇسىدىكى مەۋھۇملۇق ۋە ئۆزگىچىلىك

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن تارتىپ تا 80- يىللارغىچە نەشر قىلىنغان شېئىر توپلاملاردا شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان شائىرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلەردىكى بىر ماۋزۇسىنىڭ تەكرار داۋاملىشىشى بولۇپ، مەزمۇن ۋە تېما جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ھەممە شائىر بىر تېمىدا شېئىر يېزىۋاتقاندەك، ئوخشاش تەپەككۇر قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمما ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغىنى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۇستاز شائىرلاردىن ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان بارات، بۇغدا ئابدۇللا، ئارسلان قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇلار تاللىغان ماۋزۇنىڭ يېڭىلىقى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىزنى باشقا بىر رەڭدار دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. مەسىلەن: قۇربان باراتنىڭ «يېشىل ھايات»، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «دىۋان ھەيكىلى» ئارسلاننىڭ «يۇلتۇز يۇرتى»، «ئون سەككىز يېشىمدا چىللىدى جەڭگاھ»، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» قاتارلىق شېئىرلىرىنى كۆرستىش مۇمكىن.

ئەسەر ماۋزۇسى ئەسەرنىڭ بېشىدىكى تاج بولۇش سۈپىتى بىلەن شائىردىن خېلى يۇقىرى بەدىئىي دىت، ئۇنۇۋېرسال ساپا تەلەپ قىلىدۇ. ۋاھىتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى ماۋزۇلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەكرار- تەكرار قويۇلغان، دىداكتىك تۇسى قويۇق، يالىڭاچ، شوئار خاھىشى كۈچلۈك ماۋزۇلاردىن پەرقلەنگەن ھالدا بىزنىڭ ئۆلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدا، شېئىرنىڭ 1- مىسراسى ئەسەر ماۋزۇسى قىلىنسا، بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرقى مىسراسى ياكى شېئىردىكى ئەڭ نادىر جەۋھەر مىسرالار ماۋزۇ قىلىنىدۇ. خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن شېئىرلىرىدىكى ماۋزۇلارنىڭ مەۋھۇم تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئوقۇرمەنلەر مۇنداق شېئىرلارنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرگەندە دەسلەپ غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. شېئىر ماۋزۇلىرىنىڭ قەيەردۇر بىر يەرلىرى مەنتىققە چۈشمەيۋاتقاندەك ياكى خاتا قويۇلۇپ قويغاندەك گاڭگىرايدۇ. ئەسەرنى ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى قوزغىلىدۇ. بۇ خىل ئىجادىي ماۋزۇلار ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان بولماستىن بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلما، مەزمۇن، تېمىلىرى بىلەن ئورگانىك باغلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنى شېئىر ئىچىگە باشلاپ كىرىش، تەسەۋۋۇرنى غىدىقلاش جەھەتتە غايەت زور سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن: «بىر دەرەخنىڭ تۇغۇلغان كۈنى»، «ئەللەي چوغ»، «قۇرۇق دەريا»، «ئەسسالام يالپۇز»، «قۇشنىڭ چۈشى»، «قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۈزىدە»، «يېشىل بوۋاي»، «بىر ئاسماننى ئاتتىم ئاسمانغا»، «قىرىق بىر يۈرەك»، «شامال بالا» قاتارلىقلار.

2. تەپەككۇردىكى ئۆزگىچىلىك، ئىپادىلەش ماھارىتىدىكى ئىجادىيلىق

تەپەككۇردىكى ئۆزگىچىلىك، ئىپادىلەش ماھارىتىدىكى ئىجادىيلىق «ئاۋازلىق ئوقيا» ناملىق توپلامدىكى ئەڭ يارقىن نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ، نۆۋىتىدە شائىرنى ئۆزۈكسىز ئۆزىدىن ھالقىتىپ، ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئۆز خاسلىقى، ئۆز ئۇسلۇبىنى مەنىۋى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان خورىماس بۇلاقتۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شائىر تەپەككۇرىنىڭ يېڭىلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىي ۋە رەڭدارلىقى شائىرنىڭ يېتىلىش، تاكامۇللىشىش مۇساپىسىدىكى دادىل ماۋزۇسىدىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماي، پۈتۈن- سۇرۇك شېئىر ۋە داستانلىرىدىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە مسالغا ئېلىنغان شېئىرلاردىن بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ۋەتەن ۋە ئاتا ئوبرازى مېھىر- مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەتنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ھايات ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەربىر قەدىمىدە بىز بىلەن تەڭ ياندىشىپ روھ ۋە تېنىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ

كەتكەن. مانا بۇ مۇقەددەس ئۇقۇملار بىر قىسىم شائىرلار تەرىپىدىن ھەرخىل چۈمبەللەرگە چۈمكىلىپ سىرلىق ئىلاھىي قەسىرلەرگە بەند قىلىنسا، بىر قارىسا چۆچەكلەردىكى جاھانكەزدىلەرگە ئايلىنىپ ھاياتىمىزدىن ئايرىلغان يېگانە ئارالغا ئوخشاپ قالدى. لېكىن ۋاھىتجان ئوسمان بۇ ئوبرازلارنى رېئال دۇنيا بىلەن نەپەسلەندۈرۈپ، ئۇلارغا يېڭى روھ ۋە قان ئاتا قىلدى.

ۋەتەن
يەلكىسىدە بىزنى كۆتۈرۈپ،
بوشلۇقلارغا ئورۇنلاشتۇرغان.
تىنىقىدا ماكان، زاماننى،
بىر - بىرىگە چىڭ تۇتاشتۇرغان.
يۈكسەكلىكنىڭ بۈيۈك شوتىسى.
ۋەتەن،
يۈرىكى تاغ، باغرى سىرلىق باغ،
تومۇرى دەريا، كۆزلىرى جەننەت.
قەھرى جەھەننەم، خۇيى كۆك ئاسمان،
قوللىرى لوقمان، سۇلىرى ھىممەت،
بارلىقلار ئىچىدىكى مۇقەددەس بارلىق.

شائىرنىڭ «ۋەتەن» ناملىق بۇ شېئىرىغا يوشۇرۇنغان ئاجايىپ كەڭ، ئاجايىپ تېرەن پىكىر قاتلىمى شائىرنىڭ ئۆزگىچە ئۇلانما تەسەۋۋۇرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ۋەتەن ئوبرازى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. شائىر قەلىمى ئاستىدىكى ۋەتەن كۆرگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئىلاھ بولماستىن رېئال ئادەم سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شېئىردا ۋەتەن ھەققىدىكى پۇچەك ھېسسىي تەسۋىرلەرمۇ، دەبدەبىلىك مىسرالارمۇ يوق. ھەرخىل مەجازى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ھېسسىيات ئوچىقىدا تاۋلانغان مىسرالاردا ئۆزگىچە رەڭ جۇلالاپ تۇرىدۇ.

قۇياش ئەسلىي ئىلاھىي يۈرەك،
تىلسىملاشقان چەمبەر ئىچىگە.
بىر ھىجراننىڭ ئازاب دەردىدە،
كۆيۈپ - كۆيۈپ چاقناپ تۇرىدۇ.
ئوت يىلتىزى بىخلاپ كەتكەن يۈرىكىگە،
مېنىڭ قەلبىمدەك،
قاراپ تۇرساڭ بەزىدە،
ئورمانلىقتا مۇڭلىنىپ ياتار.
بەزىدە تاغ كەينىگە ۋۇجۇدى پاتار،
بەزىدە دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتار،
خۇددى مېنىڭدەك.

ئورمانغا كىرسە
دەرەخ، قۇشلارغا بۇچى ئاقلىنار.
تاغ كەينىگە مۆكۈنسە،
سۆيگۈنىڭ داستانى يادلىنار.
دېڭىز باغرىغا چۆمۈلسە،
ئەقىدىنىڭ نۇرى پاكلىنار،
لېكىن ئوتى ئۆچمەس،
مېنىڭ باغرىمدەك،
ھىجران،
پاكلاپ تۇرار ھەممە نەرسىنى،
ساقلاپ تۇرار ھەممە نەرسىنى.

«ھىجران» ناملىق شېئىردا ئەزەلدىن سېخىيلىق، يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان قۇياش، شائىرنىڭ قەلىمىدە گۈزەل بىر ئازابنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچە قىياپىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. ھىجران بولسا بىمەھەل توزۇۋاتقان ياكى ھەممە يەردىن يىغا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مىسكىن قەلبنىڭ غېرىب سىيماسى ئەمەس، ئادەملەرگە ئەزگۈلۈك ئاتا قىلىش يولىدا ئۆرتەنگەن ئىلاھىي تۈستىكى يۈرەككە، ھاياتتىكى ھەممە قىسمەتلەرنى يېڭىلاپ ۋە ساقلاپ تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئايلىنىدۇ. بىز «ھىجران» ناملىق شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمىزدە، ھىجران بىلەن تېخىمۇ نۇرانە، تېخىمۇ جەلپكار تۈسكە كىرگەن گۈزەل بىر دۇنيا بىزگە تەبەسسۇم قىلىدۇ. بىز ھىجراننىڭ ئارامبەخش قۇچىقىدا ھاياتتىكى كاتتا پەلسەپىۋى ھېكمەتكە ئېرىشىمىز. ئۇ بولسىمۇ:

ھىجران
پاكلاپ تۇرار ھەممە نەرسىنى،
ساقلاپ تۇرار ھەممە نەرسىنى.

بۇ شېئىردا يەنە بىر يارقىن نۇقتا، شائىرنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىك ئىچىدىكى بەدىئىي ماھارىتى بولۇپ، قۇياشنى مەركەز قىلغان ئورمان، دېڭىز، قۇش قاتارلىق ھېسسىي ئوبرازلار شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئوقۇرمەنلەرگە سەل مەۋھۇمدەك تۇيغۇ بەرسە ئىككىنچى، ئۈچىنچى بۆلەكلىرىدە بىر - بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنىدۇ.

قىرىدا يالپۇز پۇراق چاچقاندا،
كاككۇك ئۈنى تولۇپ تاشقاندا.
مەھەللىلەرنى قۇشقاچ باسقاندا،

مېنى ئۇنۇتماي ئېسىڭگە ئېلىپ
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

دوستلىرىڭنىڭ توينى ئويناپ،
قايتقان چاغدا ئۆستەڭ بويلاپ.
ئاداشقاندا قىزلارنى ئويلاپ،
خىجىل بولماي ھوشۇڭنى يىغىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

ئۇچراپ قالسا يولۇڭدا ئاتام،
سالام بەرسە مېھرىبان ئانام.
قىلىپ تولۇق سالامنى تامام،
مېنىڭ ئورنۇمدا مېھرىڭنى بېرىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.
«ئۇلۇغ بىر تىنىپ»

ئۇلۇغ تىنىق— بىر لەھزە ئازابلىق نەپەس، ئىنسان قەلبىدىكى يوشۇرۇن، پىنھان، مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئۈنسىز، يېزىقسىز غەليانى. ئىنسان ئازابىنىڭ چەكسىزلىكى، ئازاب ئالدىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئامالسىزلىقى، سېغىنىش ئىچىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلار ئادەمنى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ تىنىقلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ھەربىر كۇپلېتىدىكى شېئىرىي مەنزىرە بىلەن شائىر كەيپىياتى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بەجايىكى بىر خىل سۈرەت. بۇ خىل ھەرىكەتچان ھالەتتىكى مۇڭلۇق سۈرەتتە «مەن»نىڭ ئۆزى سۆيگەن قىزغا بولغان مۇھەببەت، سېغىنىش، ئىلتىجا، خىتابلىرى شېئىرىي مەنزىرىگە كۆچۈرۈلگەن ھالدا ئۇنىڭ ئۇلۇغ تىنىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ ھەربىر قۇرىدىن ئازابلىق قەلبتىكى سېغىنىش ئىچىدىكى قىيالماسلىق، قىيالماسلىق ئىچىدىكى ئۇلۇغ تىنىقلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مىسرالاردىكى نازۇك ھېسسىيات قويۇق شېئىرىي مۇھىت بىلەن مۇڭلۇق مۇزىكىدەك گاھ يۇقىرىلاپ، گاھىدا سۇسلاپ بېرىۋاتقان كەيپىيات ئىچىدە ئوقۇرمەنلەرگە سوغۇقان، تەمكىن تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئىچىدە «مەن»نىڭ ئوتتەك تەلپۈنۈشى، قىزنىڭ روھىي ھالىتى غۇۋا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

مېنى ئۇنۇتماي ئېسىڭگە ئېلىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

خىجىل بولماي ھوشۇڭنى تېپىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

مېنىڭ ئورنۇمدا مېھرىڭنى بېرىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

ھەربىر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ شېئىردا شائىر ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسىدا ئوخشاش بولمىغان شېئىرىي مەنزىرە يارىتىپ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىغا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى سىڭدۇرۇش بىلەن شېئىرنىڭ لىرىك تۈسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئوخشىمىغان كەيپىيات ۋە مەنىلەر بىلەن شېئىرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە، تېخىمۇ مەنىۋى كەڭلىككە ئىگە قىلغان.

بۇ كوچىنى باشقىلارغا بەرمىگىن،
دېرىزەڭنى باشقىلارغا چەكتۈرمە.
مەن كوچىغا يوشۇرۇنغان ئوق،
مەن ئۆيۈمگە سىغمىغان يورۇق،
بول كوچا دېڭىزىدا لەيلىگەن كېمە.

بۇ كوچىنى باشقىلارغا بەرمىگىن،
دېرىزەڭنى باشقىلارغا چەكتۈرمە.
سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ئۆيۈمدە،
كۆڭلىكىڭدىن قېچىپ كەلگەن بىر تۈگمە.
«بىر تۈگمە» ناملىق شېئىردىن

كوچىغا يوشۇرۇنغان ئوق، ئۆيۈمگە سىغمىغان يورۇق، كۆڭلىكىڭدىن قېچىپ كەلگەن بىر تۈگمە... مانا مۇشۇنداق ئاددىي، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان شەيئىلەر شائىرنىڭ ئۆزگىچە كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇرى بىلەن بىر پارچە گۈزەل شېئىرغا ئايلىنىدۇ. شائىر شېئىردىكى لىرىك قەھرىمان «مەن»نىڭ ئۆزى سۆيگەن، ئەمما ۋىسالىغا ئېرىشەلمىگەن چاغدىكى روھىي ھالىتىنى، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىگەنكى، شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسرادىكى شېئىرىي پەللە:

سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ئۆيۈمدە،
كۆڭلىكىڭدىن قېچىپ كەلگەن بىر تۈگمە.

دېگەن ئىككى مىسرا ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىمۇ ئويلىمىغان تەسەۋۋۇر ئالەمگە باشلايدۇ. شېئىردىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا ئوق بىلەن يورۇقنى ئىبارەت بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ،

شائىر بۇ ئىككى ئۇقۇمنى شېئىردىكى ئوق يىلتىز قىلىپ «مەن»نىڭ ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان چەكسىز مەنىۋىيىتىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولغان.

قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇزىدە،
ئوت كەتكەن يەر بار.
ئوتنىڭ ئىچىدە يالغۇز بىر ئۆي بار،
ئوت كۆيۈپ قالىنار مېنىڭ تەپتىمگە،
ئۆينىڭ ئالدىدا چەكسىز دېڭىز بار.
دېڭىز ئۈستىدە قولۋاقلىق قىز بار،
مەن قاقلىنىمەن قىزنىڭ دەردىگە.
قىز سۆزلەيدۇ تىنىماي ھېكايە،
شەھرىزاتنى بوغۇپ قەررزگە.
قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇزىدە،
قۇش ئارىلى بار،
ئۇ يەردە قۇش جەمەتى بىللە ياشايدۇ.
ئۇلارنىڭ تىنىقىدىن باھار پۇرايدۇ.
يالغان سايراپ، يالغان ئۇچمايدۇ.
تالاشمايدۇ توۋۋا ھېچقاچان،
تەڭ تالاشتا تەرگەن ـ تاپقىنى.
ئۇلاردا يوق تۆۋەن ـ يۇكسەكلىك.
ئۇلاردا بار ساپ غۇرۇر ـ ۋىجدان.
ئۇلار بىلمەس ئۇركۇپ قېچىشنى.
ئۇلار بىلمەس رىزىق قىيىشنى.
ئۇلار بىلەن قەلب دېرىزىسىنى ئېچىشنى...
قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇزىدە،
سەن بىلمەيدىغان تالاي جايلار بار.
«قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇزىدە»ناملىق شېئىردىن

شائىر دۇنياسى ئاجايىپ دۇنيا، ئالەمدىكى جىمى ئەزگۈلۈك، گۈزەللىك، ۋاپادارلىق ئۇنىڭ ساپ، بىغۇبار دۇنيا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئادەم بالىسى تېخى ئاياغ باسمىغان، خىيال قىلىپمۇ چېكىگە يېتەلمەيۋاتقان، تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان يەنە بىر دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. خۇددى كىنو ئېكرانىدىكى مونتاژلاردەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مۇنۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراڭ:

قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇزىدىكى ئوت كەتكەن يەر، ئوتنىڭ ئىچىدىكى يالغۇز ئۆي، ئۆي ئىچىدىكى مەن، مەننىڭ تەپتىگە قاقلىنىۋاتقان ئوت. ئۆي ئالدىدىكى دېڭىز، دېڭىزدىكى قولۋاقلىق قىز، خۇددى ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە شاخلاپ تۇرىدىغان «مىڭبىر كېچە»دىكىدەك بۇ كۆرۈنۈشلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرەتتەك نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئوت كەتكەن يەر، ئوت ئىچىدىكى يالغۇز ئۆي، ئۆينىڭ ئىچىدىكى مەن، مەننىڭ تەپتىگە قاقلىنىۋاتقان ئوت، قىزنىڭ دەردىگە قاقلىنىۋاتقان مەن... ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان سېھرىي كۈچ ۋە ئوقۇرمەنلەر تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرىدىغان نازۇك نۇقتا. مۇئەللىپنىڭ نەزىرىدە ئوت كەتكەن يەر، ئوت ئىچىدىكى ئۆي، ئۆي ئىچىدىكى مەن، قولۋاقلىق قىز، مەننىڭ تەپتىگە قاقلىنىۋاتقان ئوت، قىزنىڭ دەردىگە قاقلىنىۋاتقان مەن... شائىرنىڭ قەلبى ئاستىدىكى ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى مەۋھۇم شەكلى. ئەسەردە چۆلدىكى ئالۋۇنلاردەك ئۆزگىرىشچان ھالەت ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىل قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇ خىل قاتلاملار ئەسەر قۇرۇلمىسى بىلەن مەنىلەر ئارىسىغا بىر قەۋەت پەردە تارتقان.

ئوت كۆيۈپ قاقلىنار مېنىڭ تەپتىمگە،
مەن قاقلىنىمەن قىزنىڭ دەردىگە.

بۇ ئىككى مىسرا ئوقۇرمەنلەرنى مەنىلەر تىلسىمىدىن ئۇچۇشلۇق چىقىشقا ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدىن «قۇش ئارىلى»دا بىللە ياشاۋاتقان قۇش جەمەتى، تاپقان ـ تەرگىنىنى بىللە يەپ، ئۈستۈنلۈك، ئۇۋا تالاشماي، بىر ـ بىرىنىڭ رىزقىغا تويپا چاچماي، ئىناق ـ ئۇم ياشاۋاتقان بەختىيار قۇشلار، مانا بۇ شائىر تەلپۈنگەن غايىۋى دۇنيا، شېئىرنىڭ 1 ـ بۆلىكىدىكى مۇھەببەت بىلەن شائىرنىڭ غايىۋى دۇنياسى گىرەلەشكەن سىماسى. ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان ئەڭ يارقىن كۆزنەك شائىرنىڭ بىر قاتار ئالىگورىيەلەشتۇرۇش (ئادەملەشتۇرۇش)تىن ئىبارەت مەجەزى ۋاستىلەر ئارقىلىق بارا ـ بارا يىراقلاپ، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، نام ـ ئاتاق تالىشىۋاتقان، ئەخلاق قارىشى سۇسلىشىۋاتقان، بىر ـ بىرىدىن ئۈركۈگەن، ئادەملەرنىڭ پۇچەكلەشكەن روھىي دۇنياسى قۇش ئارىلى ۋە بەختىيار قۇشلار ئارقىلىق سېلىشتۇرما ھالەتتىكى ئاچچىق كىنايە.

ئەمدى بىز ئۇنىڭ تۇيغۇ خاتىرىلەنگەن مۇنۇ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

ۋاھتجان ئوسماندەك ئۆز تۇيغۇلىرىغا سادىق بىر شائىر ئۇچۇن ئېيتقاندا، قەلبىدە ۋاللىدە چاقنىغان تۇيغۇلىرىنى ئۆز ئىدىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس، ئۆز قەلبىنىڭ ئەركىگە قويۇپ بېرىشتەك تەبئىيلىك ئۇنىڭ تۇيغۇ خاتىرىلەنگەن شېئىرلىرىنى كۆرگەن كىشىدە شامالنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ كېتىۋاتقان قېيىقنى،

قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشنىڭ كۆكتىكى ئەركىن پەرۋازىنى ئەسلىتىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز تۇيغۇلىرىغا بولغان سەممىيلىك تۇيغۇ تەرتىپىنىڭ گاھ تىمتاس، گاھ تۈز سىزىق، گاھ سەكرەتمە ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، رەڭدار، ئەركىن، شوخ، ۋەزمىن تۇيغۇلار ئەۋج بەجايىكى پايانى يوق بىر يول، ئوقۇرمەن بۇ يولدا شائىر بىلەن ئاشۇ سەرخۇش تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا سەپەرداش بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن:

قىرىق بىر كېچە قىرىق كۈندۈز،
كۆڭۈلگە پۈتۈلگەن قىرىق بىر ئارمان.
سېنى باغرىغا چىللاپ تۇرغىنى،
قىرىق بىر دەريا، قىرىق بىر ئورمان.
كۆرگەنلىرىڭ شۇ چۈشلەر پەسلىدە،
قىرىق بىر قەرنىدىن ئاۋۋالقى زامان.

قىرىق بىر سىرلىق ساندۇق ئىچىدە،
قىرىق بىر قىزنىڭ ھۆسنى گۈل ـ پورەك.
كۆز چانىقىدا قاتقان قانلاردا،
چولپان يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ تىلەك.
ئالتۇن ئوقيانى سانجىپ بېغىشىغا،
كۆلۈپ ياتىدۇ قىرىق بىر يۈرەك.

«قىرىق بىر يۈرەك» ناملىق شېئىردىن

شائىر تۇيغۇسىنى خاتىرىلەش جەريانى ھەربىر شېئىردا تەبىئىي ھالدا شائىر قەلبىنىڭ خاھىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل، ئوخشاش بولمىغان شەكىل بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلىنىدۇ. بېشىدىكى شېئىردا پايانى يوق يولنىڭ داۋامىدەك بىر خىل تەرتىپتە داۋاملاشسا «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» ناملىق شېئىردا چۆچەكسىمان داۋام ئېتىدۇ. شائىر تۇيغۇلىرىدىكى تاغ ھاۋاسىدەك ئۆزگىرىشچان ھالەت، ئۇنى ئەينەن سۈرەتلەش ۋاھتىجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

قۇشنىڭ ئۇۋىسى قۇياشتا ئىكەن،
يۇلتۇز ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئىكەن،
سامانيولى ئاينىڭ خىيالى،
شامال بۇلۇتنىڭ تىلىكى ئىكەن،
بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا.

يامغۇر ئاسماننىڭ شادلىقى ئىكەن،
ئاپپاق قار باھارنىڭ كۆڭلىكى ئىكەن،
دەرەخ ئۆسەركەن بالا كۆڭلىدەك،
تاغ بولسا غۇرۇرنىڭ ئۆرنىكى ئىكەن،
بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا.

«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا»دىن

شائىرنىڭ چاقناق پاراستى پارلاپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر بىر ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شائىرنىڭ ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى، تەپەككۇر جەھەتتىكى دانالىقى بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئوقۇرمەن مۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چېغىدا ئەسەردىكى رەڭدار شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قالىدۇ.

نالە قىلىپ بىزنىڭ ھويلىغا،
ئۇچۇپ كەلدى بىر پارچە بۇلۇت.
يېڭى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى،
قېرى ئۈجمە سوغۇق تەرلىدى،
ھاساڭ يەرگە يىغلاپ يىقىلدى.
يەرگە توزۇدى يۇلتۇزنىڭ غېمى،
ئۆك جۇۋاڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ.
دادام ھىدلاپ سېنى پۇرىدى.
تۇمىقىڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ.
مومام ئاپپاق چېچەك يىغلىدى.
غېرىبسىنىپ تىنىدى تۇگەتلەر،
يېتىم قالدى ئېرىق ـ ئېتىزىڭ.
يېرىم كېچىدە ساڭا زارىقتى،
ئۆگزىدىكى ساناقسىز ئىزىڭ.
دەريا كۆكۈل دېدى ئارغامچاڭ،
قولى بەرىكەت دېدى ئېچىقىڭ،
شۇلار باھاسىدا ئەسلىي قىممىتىڭ.

«يېشىل بوۋاي» ناملىق شېئىردىن

ئەسەر ماۋزۇسىدىلا يېڭى بىر ھاياتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى بولغان يېشىل رەڭنىڭ بوۋايغا سۈپەتلىنىشى، ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلغان. قاراڭ، ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان، گاھ ئادەملەشكەن، گاھ تەبىئىيلەشكەن ھەرىكەتلىك ھالەتتىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرگە: نالە بىلەن ھويلىغا ئۇچۇپ كەلگەن بىر پارچە بۇلۇت، سوغۇق تەرلىگەن قېرى ئۈجمە، يىغلاۋاتقان ھاسا، توزۇۋاتقان يۇلتۇزنىڭ غېمى، بوۋاينىڭ جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ يىغلاۋاتقان دادا، تۇماقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆكسۈۋاتقان موماي، مانا بۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋدىسىدىن شائىرنىڭ قالتىس تەسەۋۋۇرى بىلەن جانلانغان شېئىرلاشقان

سۈرەتنىڭ مۇڭلۇق ماتەم لىباسى بولسا، كۆڭلى دەريا، قولى ئوچۇق، روھى سۇدەك پاكىز دېھقان بوۋاينىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان ئارغامچا، سېۋەت، ئېچىق قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئۇقۇملار شائىر قەلبىدىكى ئۇلۇغلانغان بوۋىسىنىڭ ئوبرازى.

ئوڭ جۇۋاڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
دادام ھىدلاپ سېنى پۇرىدى.
تۇمىقىڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
مومام ئاپپاق چېچەك يىغلىدى.

قاراڭ، مۇنۇ مىسرالاردىكى مۇبالىغىدىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاستىنىڭ شائىر تەسەۋۋۇرىدىكى كارامەت كۆرۈنۈشلىرىگە. ئوقۇرمەن مۇنداق مىسرالارنى ئوقۇغان چېغىدا شائىر ھېسسىياتى بىلەن ئورتاقلاشماي ئۇنىڭ بەدىئىي كامالىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالامدۇ؟

(3) قويۇق ئەقلىي ھېكمەت ۋە بەدىئىي رەڭدارلىق

بىز ۋاھىتجان ئوسماننىڭ «ئاۋازلىق ئوقيا» ناملىق توپلىمىدىكى شائىرنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىككە دىققەت-نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا توپلامدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا بىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە پۇراق بىلەن ئەدەبىياتقا يۈزلەنگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئورتاق بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇلارنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرىدا ئادەمنى لال قىلىدىغان جەۋھەر كۇپلېتلار، جەۋھەر مىسرالار چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مىسرا ۋە كۇپلېتلار ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي كەچۈرمىشلىرىدىن شەكىللىنىپ، ھايات تەلقىنلىرىدىن ئۆتۈپ، يۈكسەك پەلسەپىۋى ھېكمەت ئورنىدا ئەسەردىكى شائىر ئىدىيەسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە ئېستېتىك گۈزەللىك ۋە مەنىۋى كەڭلىك ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەر شېئىردىكى بۇ خىل ئەقلىي ھېكمەتلەرنى ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئۆمۈرلۈك ئەڭگۈشتەر، مىزان، ئىبرەتنامە قىلىپ قەلبىنىڭ ئۆچمەس بەتلىرىگە نەقىشلەپ قويىدۇ. مەسىلەن:

يىلتىزى بار ئوتتا قۇياشنىڭ،
يىلتىزى بار ئاستىدا تاغنىڭ.
يىلتىزى بار تۆكۈلگەن ياشنىڭ،
يىلتىزى بار يۈرەكتە داغنىڭ.

كېچە-ئەتە ئۇنتۇلغان زامان،
بىز قاياقلارغىدۇر يول ئالغان كارۋان.
«كېچە» ناملىق شېئىرىدىن

مەۋجۇداتنىڭ تىلسىمى قات-قات،
تاغ كەينىدە ياقۇتنىڭ شاھى.
تىلدا ئەمەس يۈرەك قېتىدا،
چېچەك ئاچار ئاشىقنىڭ ئاھى.
«بىر ئاسماننى ئاتتىم ئاسمانغا» شېئىرىدىن

قان تەرلەيدىغان ئاتنى مىنگەنلەر،
بۇ يەردە بولغان ئاتلارغا قانات.
ساۋۇت ئورنىدا غۇرۇر كىيگەنلەر،
دېيىشكەن ئۆلۈمدىن ياماندۇر ئۇيات.

خوي-پەيلى بوراننى ئىزدەيدۇ بوران،
كەڭلىككە سىرداشتۇر كۆكسى-قارنى كەڭ.
قارىغايلار توغراقتا يىقىلىپ-قوپۇپ،
ياشاپ كەلمەكتە دۇنيا بىلەن تەڭ.
«باياۋان خىيال» ناملىق شېئىرىدىن

سىرلىق ئالەم، كۆللى مەۋجۇدات.
تۇيغۇ بىلەن ياشىرار، كۆكلەر.
ئۆزىمىزدىن ھالقىپ ئويلىساق،
بىزدىن باشقا كۆپتۇر بۈيۈكلەر.
«بىر دەرەخنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» ناملىق شېئىرىدىن

بىرنى كۈلسەڭ، بىرنى يىغلايسەن،
پەسلىڭدە بار قار بىلەن يامغۇر.
تارلىرى ۋىسال تېپىشسا،
ئايلانامدۇ كۆسەيگە تەمبۇر؟
«كۆيۈپ يۈرەر غېرىب بىر يۈرەك» ناملىق شېئىردىن

بىر يولدۇر جاھاندارچىلىق،
يەنە بىرى خۇمار ۋە زەھەر.
ئەزىزلىكنىڭ يىلتىزى باردۇر،
ئەقىدىدە لاي بولۇر گۆھەر.
«كۇلالچى» ناملىق شېئىردىن

«شېئىر جىمى مەۋجۇداتنى سۆيۈملۈك بىر ھالەتكە ئۆزگەرىشكە مۇناسىپ قىلىدۇ. ئۇ گۈزەل نەرسىلەرنى كىمخابقا گۈل چەككەندەك تېخىمۇ رەڭدار قىلسا، غەلىتە نەرسىلەرنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. چەكسىز

خۇشاللىق ۋە قايغۇنى، ئەبەدىيلىك ئۆزگىرىشلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ ئىنكاھلاپ قويىدۇ. شۇڭا بىلەن بىر-بىرى بىلەن زىنھار چىقىشالمايدىغان شەيئىلەر ئۆزئارا بىرىكىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ پارلاق نۇرىدا ھەرخىل ھالەت مۆجىزىسىمان ئورتاق تۇيغۇ-ھېسسىياتقا كېلىدۇ-دە، ئۇ ئالغان خاسىيەتلىك نەپەسىنىڭ ئەسلى بولۇپ قالىدۇ» دەيدۇ شائىر بارون.

شېئىر ئىجادىيىتى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا يۈكسەك دەرىجىدىكى ئوبرازلىق تىل سەنئىتى. مۇبادا شېئىرنىڭ تىلى ئۆلۈك، ئىجادىي بولمىسا، ھېسسىيات تىلغا جان بەرمىسە ئۇنداق شېئىرلار ئوقۇرمەننىڭ قەلب تارىنى چېكەلمەيدۇ. «ئاۋازلىق ئوقيا» ناملىق توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى تىلدىكى ئىجادىيلىق، بەدىئىي جەھەتتىكى رەڭدارلىقتا كۆرۈنىدۇ. خۇددى بارون ئېيتقاندەك ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جىمى مەۋجۇداتنى سۆيۈملۈك ھالەتتە ئۆزگەرتىشكە، بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان شەيئىلەر ئۆزئارا بىرىكىپ، شېئىردىكى مەنىلەر قاتلىمى تېخىمۇ ئېرەنلىككە، ئەسەر قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىنسا يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردىكى ئوبرازلىق ئىجادىي سۆز-ئىبارىلەر شېئىرگە يېڭى كەيپىيات، ئۆزگىچە جۇلا، يارقىن شېئىرىي كارتىنا ئاتا قىلىدۇ. يەنە بەزى شېئىرلاردا شېئىرىي مەنىلەر گۈزەل شېئىرىي مەنزىرە ۋە مەجازى ۋاستىلەر بىلەن تېخىمۇ جازىبىدار، كۆركەم ھالەتتە ئوقۇرمەنلەرگە قۇچاق ئاچىدۇ.

تۆۋەندە مىسالغا ئېلىنغان كۇپلېتلاردىكى ئاستىغا سىزىلغان مىسرالاردىن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چۈشىنەلەيمىز.

قاراپ-قاراپ كۆزۈم تالمىدى،
دەردلىرىڭگە ئىچىم قاتمىدى.

ئېتىزدىكى قىزلار،
سەھەر سالقىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ.
كۆرگەن چۈشلىرىڭگە تەبىر بېرىشىپ،
ئېتىزدىكى ئوت ئالىدۇ.
قەلب روجىكىدىن سىرلىق مارىشىپ،
بىر-بىرىنى ئوتقا سالىدۇ.

«ئېتىزدىكى قىزلار» ناملىق شېئىردىن

نەيرەڭلەرگە قىلمىدىم پەرۋا،
بىر ئۆزۈملا بىلدىم دەردىمنى.
تال يېشىنگەن ئاشۇ ئاخشىمى،
بىر ئاسماننى ئاتتىم ئاسمانغا.

مارجان سۇئال تۆكتۈم دەرياغا،
جاۋاب بەرسۇن بېلىقلار تېرىپ.
بەلكىم ماڭغان ئىزىمدىن بالقار،
يۇلتۇزلاردىن پەقەت بىر تىزىق.

«ئىرادە» ناملىق شېئىردىن

روھ تەرمەكتىمەن كونا يوللاردىن،
ئاقارغان سۆڭەكلەر ئۆزۈمگە باقار.
يالىڭاچلىنىپ قالغان يىلتىزدا،
تۇلپار تىنۇشىدەك يۈرەكلەر سوقار.

«تۇرپان» ناملىق شېئىردىن

ياتىدۇ تىمتاس سۇ قېتىدا سۇ،
يۈيۈنىدۇ ئۇندا كۆكنىڭ خىيالى.
ئاي تۇندىكى يىغلىغان خىيال،
ئايدىڭ ئۇنىڭ نۇر كۆلەڭگىسى.

قومۇش نەيگە ئايلىنىپ قالدىم،
چېلىپ يۈردۇم ئۆزۈمنى ئۆزۈم.
بىر كۈيۈمدە بىر پارچە ئوت بار،
تىلەك تىزىپ توختىماس سۆزۈم.

«سىم-سىم يامغۇر» ناملىق شېئىردىن

قۇرۇپ كەتسۇن تېگى-تېگىدىن،
يىلتىزىمدا كۆكلىگەن يارا.

«قۇشلار» ناملىق شېئىردىن

يۈرەك قەپىسىدىن قاڭقىپ چىقىدۇ،
ئۇچۇرما قۇشلارغا ئۆگىتىپ پەرۋاز.
ئاي ھۇجرىسىدىن سىلىپ لەرزىگە،
يۇلتۇزلار ئارىسىدىن يىغىدۇ ئاۋاز.

«تەنھالىقII» ناملىق شېئىردىن

### 5) «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى زامان ۋە ماكان

ئۆز خاسلىقىنى ياراتقان بىر شائىرغا نىسبەتەن، ئۇ ياشاۋاتقان ماكان، ئۇ يازغان شېئىرنىڭ لىباسى بولسا، مەدەنىيەت ئۇنىڭ مەنىۋى روھىدۇر. مۇبادا سەن بۇ خىل خاسلىقتىن قانچىكى يىراقلىشىدىكەنسەن، ھەرقانچە ئېسىل نەزمەڭمۇ خەلقنىڭ نەزىرىدە ئەبجەش شارابقا ئوخشاش ئۆز تەمىنى يوقاتقان بولىدۇ. مېنىڭچە بىر مىللەتتىكى زامان، ماكان ۋە مەدەنىيەت شۇ مىللەت تېۋىنغان توتېم، ئۆرپ-ئادەت، ئېتىقاد، تۇپراق، تەبىئەت، تىل-يېزىق شۇ مىللەت تارىختىن بۇيان ياراتقان بەدىئىي ھاسىلاتلار ئاساسىدا روھىي تىندۇرمىلار بىلەن

گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىز «ئاۋازلىق ئوقيا»دا ۋاھتجان ئوسماننىڭ يىلتىز ئىزدەش سەپىرىدىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىدىن روياپقا چىققان داستانى «ئالتۇن شاخلار» ناملىق داستانى بولسۇن ۋە ياكى «باياۋان يىلتىزى»، «سۇپرا ۋە ئاي»، «ئەتلەس»، «خىنە ھەققىدە رىۋايەت»، «تۇرپان»، «ئەجەم»، «مىراجخان»، «چىن تۇمۇر باتۇر»، «تەكلىماكان»، «قورمىش ئاتا» ناملىق شېئىرلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن تارتىپ كۇپلېت-مىسرالارغىچە زامان-ماكان ۋە مەدەنىيەت تامغىسىنىڭ روشەن بېسىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىرىمى ماكان خاسلىقىدىن كېلىدۇ، دەيدۇ ئامېرىكىلىق شائىر روبېت فىروست. شۇنداق ئىنسان تەبىئىتى ئۇ ئۆزى ياشىغان ماكان ۋە زامان ئىچىدە بىخلىنىپ، شاخلاپ باراقسانلىشىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ سۆزى، ھەرىكىتى، ئىدىيەسى، تەپەككۇرى زامان ۋە ماكاننىڭ ئۈنسىز تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتىگە، ئۆزگىرىشىگە زامان ۋە ماكاننىڭ كۆلەڭگىسى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئوقۇرمەن ۋاھتجان ئوسماننىڭ «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى زامان ۋە ماكاننى غول لىنىيە قىلغان شېئىر ۋە داستانلىرىنى ئوقۇغان چېغىدا مەدەنىيەت، تارىخ، مىللىي كىملىك، بۈگۈن، ئۆتمۈش، ئەتىدىن ئىبارەت سىرلىق چەمبەر ئىچىدە گاھ ئىپتىخارلانسا، گاھ ئاچچىق ئەلەملەر قوچىقىدا ياش تۆكىدۇ، گاھ تەگسىز خىياللار دەرياسىغا شۇڭغۇيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرىدا شائىرنىڭ ئوتتەك يۈرىكى بېلىنجاپ تۇرىدۇ.

6) «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى بوشلۇق ۋە سەكرەتمە

«ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى شېئىرلارنىڭ يەنە بىر بەدىئىي مۇۋاپىقلىقى شائىر ئەسەردىكى شېئىرىي پىكرىنى ئوقۇرمەنلەر ئالدىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق تاشلاپ بەرمەيدۇ. ئەسەردىكى شېئىرىي پىكىر ۋە مەنىلەر ئەسەر ماۋزۇسىدىن تارتىپ، ئەسەر قۇرۇلمىسىغىچە سىڭىشكەن بولۇپ ئەسەرنىڭ مەلۇم بۆلەك، مەلۇم كۇپلېت، مەلۇم مىسرالىرىدا ئالتۇندەك جۇلالاپ تۇرىدۇ. ئەسەردىكى شېئىرىي پىكرىنى ئوقۇرمەنلەرگە چايناپ يېگۈزۈپ قويىدىغان ياكى ئوقۇرمەن ئەسەرنى چالا-بۇلا ئوقۇپلا ئاپتور مۇددىئاسىنى بىلىۋالىدىغان شېئىرلارنى ئوقۇشقا كۆنۈككەن ئوقۇرمەنلەر ۋاھتجان ئوسمان شېئىرلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ قالىدۇ. «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى بىر قىسىم شېئىرلاردىن ھۆزۈر ئېلىش مەنىلەر قاتلىمىدىن جەۋھەر ئىلغاش ئۈچۈن ئوقۇرمەنمۇ شائىرغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشى، شائىرنىڭ ھېسسىيات دەرياسىغا قولۋاق سېلىشى كېرەك. مۇبادا ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈشنى ئىستىگەن ياكى تاماششىبىن ئورنىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەلگىلىك شېئىرىيەت دىتى بولۇشى كېرەك.

«ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى بەزى شېئىرلاردا شائىر شېئىرىي پىكرىنى مەلۇم رىۋايەت، قىسسە، چۆچەك ئاساسىدا شاخلاتقان بولسا يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا، ئەسەر قۇرۇلمىسىدا ياكى ئەسەر مەزمۇنىدا مەلۇم سەكرەتمە ھالەت شەكىللەندۈرۈپ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرىدۇ.

ئوت چېچەكلەيدىغان دەرەخمىدىك،
بىر يىلنىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش كۈنىدە.
دىلىم ئەسىر بولدى، نىگاھىم غەرق،
كۆكسۈم چاراسلار،
گۈر-گۈر كۆيگەن گۈلخان ئۈنىدە.

ئۆتتۈپ كەتتى يېنىمدىن بىر قىز،
شامال ئۇرغان ئوتنىڭ شەكلىدە.
كىردى زامانلار رەستىگە،
قىسسە ئوقۇپ ئەتلەس ھەققىدە:

بىر چوپان بۇنىڭدىن تولىمۇ بۇرۇن،
كېچە باغرىغا سىزىپ سەھەرنى،
بىر قىزغا كۆڭلىنى قىلىپتۇ ئىزھار.
قىز ئۈستىگە ئارتىپتۇ ئۈنى،
شۇنىڭدىن باشلاپ ياشناپتۇ باھار...

ئۇدۇنىدا ئۇدۇم كۆپ
دەۋر داۋانلىرىدا ھالقىپ كەتكەن.
ئەقىدىدىن تۈگۈلگەن تۈگۈچ،
خىسلىتىنى قىلار نامايان،
كېلەچەكنىڭ كۆكىدە بالقىپ.

«ئەتلەس»

يۇقىرىقى شېئىردا مەدەنىيىتىمىزنىڭ يورۇق بەلگىسى بولغان ئەتلەسكە بىر يىلنىڭ 360 كۈنىدە چېچەكلەيدىغان دەرەخكە تەمسىل قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئاندىن ئۆزىنى ئەسىر ئەتكەن، كۆكسىنى ئوتتەك كۆيدۈرگەن ئېچكى ھېسسىياتىنى گۈر-گۈر كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشىتىپ:

ئۆتتۈپ كەتتى ئالدىمدىن بىر قىز،

دېگەن مىسرا ئارقىلىق بىر خىل سەكرەتمە شەكىللەندۈرۈپ زامانلارنىڭ رەستىگە كىرگەنلىكىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ:

«قىسسە ئوقۇپ ئەتلەس ھەققىدە» دېگەن مىسرا

بىلەن ئىككىنچى خىل سەكرەتمە ھاسىل قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى زامان ـ ماكاندىن يۆتكەپ ئۈگۈشلۈق ھالدا ئەتلەس ھەققىدىكى قىسسەلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ.

شائىر ئاخىرقى:

ئۇدۇندا ئۇدۇم كۆپ
دەۋر داۋانلىرىدا ھالقىپ كەتكەن.
ئەقىدىدىن تۇغۇلغەن تۇگۈچ،
خىسلىتىنى قىلار نامايان،
كېلەچەكنىڭ كۆكىدە بالقىپ.

دېگەن مىسرالاردا گۈزەل شېئىرىي پىكرىنى رەستە، قىز، سەھەر، باھار، گۈلخان قاتارلىق ئەنئەنىۋى ھېسسىي ئوبرازلار گارمونىيەسىدىن شېئىرنىڭ مەنىلەر قاتلىمىنى كېڭەيتىپ، ئەقىدە ۋە مۇھەببەتتىن يارالغان ئەجداد ئۇدۇملىرىنىڭ دەۋردىن ـ دەۋرگە ھالقىپ بۈگۈنلا ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتىمۇ ئۆزىنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتەرلىك خىسلىتىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى پىكرىنى شەرھلەيدۇ. دېمەك شائىر، 19 مىسرالىق بۇ قىسقا شېئىردا ئىككى خىل سەكرەتمە، بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ھەربىر كۇپلېت، ھەربىر مىسرادا ئوقۇرمەنلەردە تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرىدۇ. بۇ مىسراغا يۈكلىگەن مەنىنى قېزىش ئۈچۈن بەلكىم نەچچە كىتاب يازساقمۇ ئازلىق قىلار، چۈنكى بۇ مىسراغا ئۇدۇننىڭ بىر پۈتۈن تارىخى، مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

7) «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى ئېكولوگىيە

«ئاۋازلىق ئوقيا» شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن يەر شارىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئېكولوگىيەدىن ئىبارەت تەخىرسىز تېمىمۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ سالماق نۇقتىسى بولۇپ قالغان. مەسىلەن: «قۇرۇق دەريا» ناملىق شېئىرى شائىر سوغۇققان، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن يېزىلغان تەبىئەت ئېكولوگىيەسى بىلەن ئىنسان ئېكولوگىيەسى ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن شېئىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شېئىردا ئادەملەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن يېشى قۇرۇغان دەريانىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن بولسا، مۇنۇ مىسرالاردا:

بۇ شۇنداق دەريا،
تىرىكلەرنىڭ ئېسىگە كەلمەس،
كېلەچەكنىڭ چۈشىگە كىرمەس.

ھاياتلىق مەنبەسى بولغان دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ بۇ خىل ھالىتىگە ئادەملەرنىڭ بىپەرۋا غەپلەتتىكى ھالىتى تەبىئەت ئېكولوگىيەسىلا ئادەم ئېكولوگىيەسىنىڭمۇ ئوخشاشلا زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان رېئاللىققا قارىتا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك چۇقانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دىنازاۋۇرنىڭ تەقدىر قىسمىتى،
چۈشتىمۇ بېشىڭغا تارىم بېلىقى؟
قايسى داغدا، قاچاندا ئۆچتى،
كۆكسۈڭدىكى تاڭنىڭ يورۇقى؟

سەن سۇ باشلاپ ماڭغان بۇ يولنىڭ،
ھېكايىسى ئۇزۇندىن ئۇزۇن.
روھ باراقسان بولغان قىرغاققا ـ
ئاي تەلمۈرگەن تولىمۇ بۇرۇن.

ئەسلىمەمنىڭ قايسى بابىدا،
سەن ئوينىغان توغراق سايىسى.
ئارىمىزنى ئىككىگە بۆلدى،
قۇملار تۇتقان پىچاقنىڭ بىسى.

قىلىقلىنىپ ئاققان دەريانىڭ،
ئارقىسىغا بىر يېنىپ ئاقسا.
قۇم باغرىدا ياتقان ئەقىدە،
سەن بىلەن تەڭ قوشۇلۇپ ئاقسا.

«تارىم بېلىقى»

«تارىم بېلىقى» ناملىق بۇ شېئىردا ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى تېخىمۇ ئالغا سىلجىتىلىپ، شېئىرىي پىكرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تارىم بېلىقىنى نەسلى قۇرۇغان، پەقەت مۇزېيلاردا تاشقاتمىسىنى كۆرۈشكە بولىدىغان دىنازاۋۇرلار بىلەن تارىم بېلىقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى تىراگېدىيەلىك ھالىتىدىن بېشارەت بەرسە، يەنە بىر نۇقتىدىن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بۇرۇنقى ئىناق مۇناسىۋىتىنى ئەسلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۈگۈنكى ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلەشكەن، ياتلاشقان مەنزىرىنى تاڭنىڭ يورۇقى، ئاي، توغراق سايىسى، پىچاق بىسى قاتارلىق ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ تەشۋىشلىرىنى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئوقۇرمەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك دەل، سەممىي، چىن ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئومۇمەن ھەر ئىككى شېئىردا باشتىن ـ ئاخىر يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭ، قايغۇلۇق كەيپىيات تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئوقۇرمەنلەرنى شېئىردىكى يوشۇرۇن مەنە ۋە شائىر ئىدىيەسى ھەققىدە ئازابلىق خىياللارغا چۆمدۈرىدۇ.

يېگانە
ئەجەل كۈتۈپ ئولتۇرغان چالدەك،
مۈگدەپ تۇرار ئاشۇ بىر دەرەخ.
قاقشال شاخلىرى يېرىم يالىڭاچ،

تەركىدۇنيانىڭ جۇل-جۇل ئەگلىدەك.
يىتكەن ئىسىدىن يېشىل رەڭ تۆگەل،
يىراقتىن ئۆتكۈنچى قۇشلار ئاۋازى.
ئاڭلىنار ئۇنىڭغا قۇتلۇق ۋەھىيدىن.

«دەرەخ» ناملىق شېئىر

ئۆلۈم كۈتۈپ ئولتۇرغان بوۋايدەك يېگانە دەرەخ، قاقشال شاخلىرى تەركىدۇنيانىڭ كىيىملىرىدەك جۇل-جۇل، ئۇستىدىن يېشىل رەڭلەر توزغاقتەك توزۇغان، قۇتلۇق ۋەھىمدەك ئاڭلىنىۋاتقان قۇشلار ئاۋازى مانا بۇ يېگانە دەرەخنىڭ ئۈچ خىل كۆرۈنۈشتىكى بىچارە قىسمىتى. شائىر ئوقۇرمەنلەرگە دەرەخنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەسۋىرلىمەي ئۆلۈم كۈتۈپ ئولتۇرغان بوۋاي، تەركىدۇنيانىڭ كىيىملىرىگە تەمسىل قىلىش ئارقىلىق ئاجايىپ قايغۇلۇق تىراگېدىيەلىك شېئىرىي مۇھىت ياراتقان. شېئىردا ئادەمنى ئېغىر مۇڭغا مۇپتىلا قىلىدىغان مىسكىن كەيپىيات بىلەن شائىرنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرى ئاخىرقى مىسرالاردا غىل-پال چاقناپ تۇرىدۇ.

9) ئاۋازلىق ئوقيادىكى ھىجران، دەرەخ، قۇشلار سەگەك ئوقۇرمەنگە ئايانكى، «ئاۋازلىق ئوقيا»دا ھىجران، دەرەخ، قۇشلار قاتارلىق ئىسىملارنىڭ شېئىرلارنىڭ ماۋزۇ ۋە ئەسەر تېمىسىدا ئوخشاش بولمىغان قىياپەت، ئوخشاش بولمىغان كەيپىيات شەكىللەندۇرگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىساقمۇ ھىجران، دەرەخ، قۇشلار ۋاھىتجان ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى، بۇ يادرونى مەركەز قىلغان شائىر ئىدىيەسىنىڭ ئەسەر قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ ئەسەر مەزمۇنىغىچە يىلتىزلاپ ماڭغانلىقىنى روشەن كۆرۈپ يېتەلەيمىز. مانا بۇ ۋاھىتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېمىلارنىڭ بىرى.

مەسىلەن: «كۆك كەپتەر»، «ھىجران»، «كۆيۈپ بارار غېرىب بىر يۈرەك»، «ياۋا چېچەك»، «قۇشلار چۈشى»، «قىزىل ئالما»، «بىر تۈپ دەرەخمەن»، «يامغۇر دەرەختە چېچەكلىمەكتە»، «گۈلنىڭ ماڭا دەپ بېرىشچە»، «تەنھا دەرەخ»، «كەل قارلىغاچ» قاتارلىق شېئىرلار سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

«ئالتۇن شاخلار» ناملىق داستان «ئاۋازلىق ئوقيا»دىكى مۇئەييەن بەدىئىي ئۇنۇم ياراتقان شائىرنىڭ يىلتىز ئىزدەش سەپىرىدىكى يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. قۇرۇلما، تەپەككۇر ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ داستاندا شائىر لىرىك داستان بىلەن ئېپىك داستاننىڭ خۇرۇچلىرىنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ ئەسەرنىڭ سىغىمچانلىقىنى غايەت زور چەكسىزلىككە ئىگە قىلغان بولۇپ، گويا پىرىسلانغان مەدەنىيەت تارىخىدەك ئەقلىمىزنى لال قىلىدۇ. ئاپتور تېخى قەلەمگە ئېلىنمىغان مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئىچىدىكى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى تالللىۋېلىپ، ئەپسانىلەشكەن بىر مەدەنىيەتنىڭ سەلتەنەتلىك قەسرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. يەتتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بۇ داستاننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىن، توتېم، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شۇ دەۋرگە خاس بولغان ماكان ۋە زامان ئىچىدە چىن، سەممىي سۈرەتلەپ ئوقۇرمەنلەرنى ئەسەردىكى تېپىك مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر شۇ دەۋردىكى سەلتەنەتلىك دىنىي مۇراسىملارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك شائىرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى جەريانىدىكى گاھ ئېچىنىشلىق، گاھ ئازابلىق تۇيغۇلىرىغا جور بولىدۇ. شائىر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە تارالغان ئون نەچچە ئەپسانىنى چۆرىدىگەن ھالدا تېپىك مۇھىت ئىچىگە كەيپىيات، كەيپىيات ئىچىگە مۇھاكىمە سىڭدۈرۈشتەك بىر قاتار مۇرەككەپ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر دۇردانىسىدىن جەملەنگەن پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر بىلەن داستاننى چوڭقۇرلۇققا، بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەسلى بىر ئىبقىندا ئاقار كۆك-زېمىن،
بىر دىماقتا نەپەسلىنەر ئوما ۋە ئىنسان.
كۆيۈپ-پىشسىمۇ بىر ئوچاقتا،
بىر سادادىن تارايدۇ ۋەھىي ھەم چۇقان.

تەبىئەت، ئىلاھ ھەم ئادەم، ئېتىقاد،
دۇنيانىڭ ئۇلىغا قويۇلغان زور تاش.
قوشۇلغان ئاۋازدىن تۇغۇلار ئۇزلۇق،
بىر-بىرىنى ياسار بوپ ھەيكەلتىراش.

داستاننىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدا بېرىلگەن ھېسسىيات بىلەن ئەقىل جۇغلانمىسىدىن ھاسىل قىلىنغان بۇ پارچىدە ئادەم بىلەن ئىلاھ، تەبىئەت بىلەن ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى پەيلاسوپلارغا خاس نەزەر بىلەن ھەربىر كۇپلېت، ھەربىر مىسرادا ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر مەنە، ئويناق تىل پاساھىتىدىن يارىتىلغان بەدىئىي مەنزىرە ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېڭى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن روھىيەت دۇنياسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىمىز.

چىشىغا بېسىلغان چوغلانغان كەتمەن،

سەھەر ئۇپۇقتا ئۆرلىگەن قۇياش.
زۇلمەت جەندىسىدىن يېشىنىپ چىقار،
تۇغ تۇتۇپ، روھى نۇر ئىزدىگەن ياۋاش.

داپ ئەمەس، تولۇن ئاي چېكىلگەن قولدا،
زېمىن يۈرىكىنىڭ رىتىم ساداسى.
باغرىغا پاتمىغان شامان ناخشىسى—
ئۆلگىن، ئۇمايىنىڭ قۇتلۇق نىداسى.

تەپچىگەن بىر تال تەر بىر يۇلتۇز،
شامان ئايلانماقتا سامانيولىغا.
ئادراسمان تۇتۇنى—لەيلىگەن بۇلۇت،
جىسمىنى ئايلاندۇرۇپ بېرەر يامغۇرغا.

يۇقىرىقى پارچىدا بولسا ئەزگۈ روھلارنى چىللاپ، يامان روھلارنى قوغلاشتەك ئادەم داۋالايدىغان شامان دىنىدىكى بۇ مۇقەددەس مۇراسىم تىپىك شېئىرىي مۇھىت شۇ خىل مۇھىتقا خاس، كەيپىيات، مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى چىن، ئەينەن ئىپادىلەپ ئوقۇرمەنلەر تەسەۋۋۇرىنى ئەسىردىكى زامان، ماكان ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. شۇڭا ئۇلار گويا داپقا تەڭكەش قىلىنىپ شامان ناخشىلىرى ياڭراپ تۇرغان چوغلانغان كەتمەننى چىشلەپ قارا تەرگە چۈمۈلگەن باخشىنىڭ سۈرلۈك ھالىتىنى، تۇغ تۇتۇپ ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلەۋاتقان بىمارنى، يېنىك لەيلىگەن بۇلۇتتەك ئادراسمان تۇتۇنلىرىنىڭ كۆككۈچ ئىسلىرى ئۆرلەپ تۇرغان، بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەسەردە مەنزىرە، ھەرىكەت، كەيپىيات بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈپ تارىخىي ئەينەنلىك بىلەن بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئەڭ يۇقىرى پەللىدە نامايان قىلىنىدۇ.

ئېچىلغان قەبرىلەردە قۇياش ياتقان،
قەدىمكى يىلتىزدىن مەشئەل كۆكلەپ.
قاچاندا بولغان كۆكتە قەتل قىلىش،
بۇ يەرگە ئۇنى كىملەر قويغان پۈكلەپ.

ۋايىساشلار غاپىللىقتا بېرىپ جۈرئەت،
قۇياشقا ھاقارەتلىك شىلتىسا قول.
بولمامدۇ ئۆز كۆكسىگە ساداق ئۈزگەن،
يەكسانلىق چاپلاشمامدۇ كېلىپ ئۇدۇل.

ئەجدىها تۇخۇم تاشلاپ قويغان غاردا،
تۆرەلدى بىر مۆجىزات يېرىپ شاكال.
ئەجدىها بالىقى دەپ ئىسىم قويدى،
تەڭرىقۇت ئەقلدارى بىر ئاقساقال.


توتېمى ئەجدىھا دەپ ئەلگە تاراپ،
ياشىغان بولۇپ ئۇلار ئۇزاق ئەركە.
بار ئىسمى تارىخ پۈتكەن ۋاراقلاردا،
دۇنيانىڭ پادىسىغا بولغاچ سەركە.

ئېتىقاد يەڭگۈشلەشكە خۇمار ئەجداد،
ئاخىرى ئايلاندۇردى كىمنى خارغا؟!
بىلىپ قوي بىباھا نەرسەڭ يىتسە،
تېپىلماس ھەرگىز كىرمەس ھەم بازارغا.

يۇقىرىقى پارچىلاردا، شائىر كۆك بۆرە، ئەجدىھانى توتېم قىلغان دەۋرلەردىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخىنى ئىپتىخار، غۇرۇر بىلەن ۋاراقلىسا، شامان، مانىي، بۇددا دىنى دەۋرلىرىدىكى ھەيۋەتلىك مۇراسىم ۋە مۇقەددەس يوسۇنلاردىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئىنسان بالىسى چەكسىز ئويغا غەرق قىلىدىغان شائىرنىڭ بىر قاتار سالماقلىق مۇھاكىملىرى سىڭگەن پەلسەپۋى ھېكمەت چاقناپ تۇرىدىغان بۇ پارچىلاردا تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نەچچە قېتىملاپ ئېتىقاد يەڭگۈشلەپ، ھەر قېتىمدا غايەت زور يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مىللەتنىڭ مەنىۋى تىراگېدىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر دۇنياغا سەركە بولغان بىر مىللەتنىڭ شەۋكەتلىك تارىخىنى ۋاراقلاپ شائىرنىڭ مول ئىچكى كەچۈرمىشلىرى جەريانىدىكى گاھ ئىپتىخارلىق، گاھ ئىزتىراپلىق، گاھ ئۆكۈنۈشكە تولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا جور بولۇپ، ئېرىشكەن ۋە يوقاتقان مەنىۋى يىلتىزىمىز ھەققىدە ئېغىر ئازابلىق خىياللارغا غەرق بولىدۇ. تىنىمسىز دەۋرەپ تۇرىدىغان بىرقاتار ئاچچىق سوئاللار ۋۇجۇدىمىزنى ئۆرتەيدۇ.

ئومۇمەن شائىرنىڭ «ئاۋازلىق ئوقيا» ناملىق توپلامنى توپلاملار ئىچىدە مەيلى تېما مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىي بالاغەت جەھەتتە بولسۇن ئۆلگىلىك توپلام دېيىشكە ھەقلىقمىز. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى سالماقلىق، تەمكىنلىك، مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە غەرب شائىرلىرىنىڭكىدەك ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك، ئۇيغۇر فولكلورىدىكى ئويناقلىق، «ئاۋازلىق ئوقيا»نى بەجايىكى بىر گۈلزارغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن ئوقۇرمەنلەر ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى بويىچە بىر ئۈلۈش نېسۋە ئالالايدۇ.

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# ئاخىرقى كىشنەك

(ھېكايە)

مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز



مەۋلانجان يېتىلىۋالغان چىلانتورۇق ئايغىر نەسلخانا ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ بۆلەكچىلا تېپىكلەشتى. بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈچەپ سىلكىدى. غىششىمان چىرايلىق قۇلىقىنى تېخىمۇ تىكلەپ، قويۇق يالىنى ئىرغاڭلاتتى. ئېغىزىنى چوڭ كېرىپ، خوتەن قاشتېشىدەك سۈزۈك چىشلىرىنى ئېنىق كۆرسەتتى. تىزگىنىنى كۈچ بىلەن سىلكىگەچ بوسۇغا ئاتلىدى.

مەۋلانجان نەسلخانىغا كىرىپلا دىققەت قىلدىكى، چېتىشتۇرۇش مەخسۇس شوتىسىدا تەييارلانغان كۈل رەڭ بايتالنىڭمۇ تۇياقلىرى يەر تىلغاپ، قۇيرۇقى رىتىمسىز يەلپۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭمۇ بېشى تىكلىنىپ، چىرايلىق كۆتمەك قۇلىقى جۈپلىنىپ، ئۆزى تامان يەر ئويۇپ كېلىۋاتقان ئايغىرغا قاراپ ئېغىزىنى كەڭ كېرىگەچ باش گىلدىڭلاتتى. بېشىنى گىلدىڭلاتقاچ يېنىك پۇشقۇرۇپ قويدى. كۆپ ھەرەج تارتىپ بىر يەرگە كەلتۈرۈلگەن بىر جۈپلەرنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن مەۋلانجان ئايغىرنىڭمۇ، بايتالنىڭمۇ بۈگۈن ۋايىغا يېتىپ كۈيلىگىنىنى جەزملىدى. ئايغىرغا ئۇرۇلغان كۈيلىتىش ئوكۇلىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگىنىگە تولۇق ئىشەنچ قىلدى.

دەل شۇ چاغدا بايتال يەنە يېنىك پۇشقۇردى، ئايغىر كۈچەپ كىشنىدى. قوش ئاۋازلىق يېقىملىق ناخشىدەك ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، تولۇق سىڭىشىپ كەتكەن بۇ زىل ئاۋاز مەۋلانجاننىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچلۈك ھاياجان ياماشتۇردى. چۈنكى، مەۋلانجان ئۈچۈن ئېنىق ئىدىكى، بۇنداق يۇلقۇنۇپ كۈيلەش، بۇنداق شوخ، ئۆزگىچە پۇشقۇرۇپ كىشنەش ئەلا نەسل ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولىدىغان پەيتى ئىدى.

ئايغىر چاپچىپ، مەۋلانجاننى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك ئوقۇر يېنىغا يەتتى. ئۆرلىگەن تىنىقلىرى كېڭەيگەن بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن پۇرقۇپ ئەتراپنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا بايتال تۇيۇقسىز سوزۇپقىنە پۇشقۇردى. بۇ قېتىمقى پۇشقۇرۇقى بايامقىغا ئوخشىمىدى. بايامقىدىن زىل، بايامقىدىن كۈچلۈكرەك چىقتى. پۇشقۇرغاچ ئايغىر تەرەپكە كەينىنى قىلدى. كەينى پۇتلىرىنى جۈپلىدى. بايتالنىڭ شۇ پۇشقۇرۇقى بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا يېقىنلا يەرگە كېلىپ بولغان ئايغىرنىڭ تۇياق رىتىمى تۇيۇقسىز بۇزۇلدى. بېشىنى كۈچ بىلەن ئىككى تامان سىلكىپ كۆزىدىكى تېڭىق لاتىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك قىلىقلاندى. ئارقىدىن قېلىن كالپۇكىنى لىكىلدىتىپ نەسلخانا ئىچىنى، توغرىسى ئۆزىگە چۆچۈپ قاراۋاتقان بايتالنىڭ ئۇلغىيىۋاتقان نەپەسلىرىنى ھىدلىدى. ھىدلىغاچ كۆزىدىكى باغلاقنى يېشىۋەتمەككە يەنە تىرىشتى.

ئايغىرنىڭ نەپەسلىرىمۇ تۇرۇپلا ئۇلغايدى. مەۋلانجان ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى نوختا ھالقىسىدىن قوش

قوللاپ تۇتتى. ئۆزى كەينىگە تىرەجەپ، ئايغىرنىڭ چاپچىشىنى ئاستىلاتماق بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بايامقى ھاياجىنىغا ئايغىر ئۆزىنى ھازىرلا نەسىللەندۇرۇش شوتىسىغا سۆرەشتۇرۇپ ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك، بايتال بىلەن قوشۇلۇشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىقىنى مەۋلانجان قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيدىغاندەك ئەنسىرەكمۇ قېتىلدى. ئەمما، شوتا يېنىغا ئايغىر بىلەن تەڭ دېگۇدەك يەتكەن مەۋلانجان ئۇچۇن ئۈلۈشكۈنكى ئىش يەنە يۈز بەردى: باياتىن بىرى چاپچىپ دېگۇدەك كەلگەن ئايغىر چېتىشتۇرۇش شوتىسىدا تەييارلانغان بايتالنىڭ نەپەسلىرى دىمىقىغا ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ كەينى تۇياقلىرىنى ئالدى ئىككى پۇتىغا تاقاشتۇرۇپ تۇرۇپ توختىدى. تۇياقلاردىن نەم تېزەك چاچرىدى. قېلىن لېۋىنى تىترىتىپ تۇرۇپ كۈچەپ كىشنىدى. مەۋلانجاننىڭ ئويىنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى چېتىشتۇرۇش شوتىسى تەرەپكە ئاتمىدى. بېشىنى سىلكىپ، يالنى كەڭ يايدى. بۇ ۋاقىتتا بايتالمۇ چىلانتورۇققا باش تولغاپ چەكچەيگىنىچە كەينى پۇتلىرىنى جۈپلەپ، تۇياقلىرىغا كۈچ يىغىپ، چىلانتورۇقنى كۈچ بىلەن تەپمەككە تەييارلانغاندەك بىر ئەلپازدا تۇراتتى. بۇ ھالدىن مەۋلانجان يەنە ئەجەبلەندى. مەۋلانجاننىڭ ئەجەبلىنىشىگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىغان ئايغىر كالپۇك ئۆرۈپ، چىش كۆرسىتىپ بىر پەسكىنە تۇرۇۋالدى. نەسلىخانا ئىچىدىكى ھاۋانى تولۇق سۈمۈرمەكچى بولغاندەك ئۆپكىسىنى توشقۇزۇپ نەپەس ئالدى. بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، بايتالنىڭ يېنىغا ئاستا قەدەملەر بىلەن كەلدى-دە، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىقىنىغا تۇمشۇق تىرىدى، بېشىنى سەلگىنە چۆكۈرۈپ بايتالنىڭ يىلىنىنى پۇرىدى. ئارقىدىن بايتالنىڭ يالىغا، سوزۇنچاق بېشىغا مەڭز ياقتى. بۇ چاغدا بايتالنىڭ پۇشقۇرۇقىمۇ پەسلەپ قالدى، تەپمەككە تەييارلانغان ئەلپازىمۇ يوقىدى. ئۇمۇ چىلانتورۇق ئايغىرنى مېھىر بىلەن پۇراپ، سوزۇنچاق قاڭشىرىغا مەڭز سۈركىدى. قورسىقىنى تولدۇرۇپ-تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىشى ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقىنىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئايغىر تۇرۇپلا بايتال يېنىدىن يىراقلاپ، ئېغىل ئىچىدە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئايلاندى. ئاخىرىدا مەۋلانجاننى سۆرەشتۇرۇپ دېگۇدەك سىرت تامان قەدەم يۆتكىدى. مەۋلانجاننىڭ تىرەجىشى، بايتال تەرەپكە يېتىلىشى، تىزگىن سىلكىپ سۆرەشتۇرۇشى كار قىلمىدى. چىلانتورۇق بىلەن مەۋلانجان بوسۇغا ئاتلاۋاتقىنىدا بايتال بايامقىدەك سوزۇپقىنە پۇشقۇردى.

مەۋلانجاننىڭ ھەيرانلىقى يەنە تۇتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ كېلىۋاتقان، كۆپ قېتىم نەسىللىك بايتاللارغا چاپتۇرۇپ كۆرگەن چىلانتورۇقنىڭ بۇ قېتىم ئۆزىگە زادىلا ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىدىن ئەجەبلەندى. ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى سەلگىنە بوشىتىپ، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تۇرۇپ، چىلانتورۇققا باشقىدىن نەزەر بەردى.

مەۋلانجان بىلىدىغان چىلانتورۇق بۇنداق ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ كۈيلىگەن بايتالنىڭ يارىشىملىق پۇشقۇرۇقىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆزىنى نەسلىخانا تامان ئاتاتتى. مەۋلانجاننىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ دېگۇدەك ئاجراپ، چېتىشتۇرۇش شوتىسى تەرەپكە چاپاتتى... بۇ قېتىم ئەجەب ئۇنداق بولماي قالدى. دەل مۇشۇ «ئۇنداق بولماي قېلىش» مەۋلانجاننى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ ئايغىرنى يېتىلەپ نەسلىخانا تەرەپكە قايتا تارتتى. ئەمما، ئەمدى چىلانتورۇق تىرەجەپ ئۇ تەرەپكە زادىلا قەدەم يۆتكىمىدى. قەدەم يۆتكىمىگەننىڭ ئۈستىگە مەۋلانجاننى سۆرەپ دېگۇدەك فېرما سىرتىغا تارتىشتى.

— كەچۈرۈڭ باشلىق، — دېدى، مەۋلانجان بىردەمدىن كېيىن فېرما باشلىقى ئىشخانىسىغا كىرىپ، — چىلانتورۇق بۈگۈنمۇ ئۇ بايتالنى ياراتماي قويدى. بۇلارنى چېتىشتۇرۇپ نەسلىنى ئېلىش راستتىنلا مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— نان قېپى. چىلانتورۇقنى يەنە چاپمىدى، دېگىن؟ كۈيلىتىش ئىشخانىسىدىكىلەر ئۇكۇل ئۇرماقچى بولغان ئىدىغۇ؟

— ئۇكۇلنى ئۇردۇق باشلىق، پايدىسى بولمىدى. نىمە ئىش بولغىنىنى مەنمۇ ئۇقمىدىم. ئېغىل سىرتىدا كۈيلەپ چاپچىيدۇ-يۇ، نەسلىخانىغا كىرىپلا يالتىيىۋالىدۇ. قارىغاندا بۇ قېتىم ئەكەلگەن بايتالنى قېرى كۆرۈپ...

— نان قېپى! — فېرما باشلىقى ئۈستەلنى تىرەجەپ ئۆرە بولدى، — كەلتۈرۈلگەن بايتالنىڭ قانداق ئېسىل نەسىل ئىكەنلىكىنى ئۇقمامسەن؟! ئۇنىڭ فېرمىمىزدا بىر قېتىم ئۇرۇقلىنىپ تاي قالدۇرۇشى فېرمىمىز ئۈچۈن قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەپ بولمايدىغان چوڭ ئىش! بىلەمسەن نان قېپى، چىلانتورۇقنىمۇ تاي ۋاقتىدىلا بىز ئاشۇ قىسىمدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن. بىزدە «بېرىپ باق، تىلەپ باق» دېگەن گەپ بار. نېمە قىلساق قىلىپ، چىلانتورۇقنىڭ نەسلىنى قالدۇرىمىز! مەن ھازىرلا يىغىن ئېچىپ...

شالاڭ چىشلار ئارىسىدىن تۈكۈرۈك بىلەن قوشۇلۇپ چىقىۋاتقان بۇ تەنبىھ مەۋلانجان ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى كۆپ يىللاردىن بېرى بىر قوللۇق بېقىپ كېلىۋاتقان چىلانتورۇقنىڭ ئادەتتىكى نەسىللەردىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئايغىرنىڭ نام-تەۋسىپىنىڭ يېقىن-يىراققا پۇر بولۇۋاتقىنىنىمۇ، شۇنىڭ باراۋىتىدە فېرمىنىڭ تاي-ئاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ يىلمۇ يىل ئۆسۈپ بېرىۋاتقىنىنىمۇ، فېرما كىرىمىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىۋاتقىنىنىمۇ بىلەتتى. گەپ-سۆزى قوپالراق بولغىنى بىلەن ئىنسانغىمۇ، ھايۋانغىمۇ ئوخشاشلا كۆيۈمى زىيادە فېرما باشلىقىنىڭ بۇ ئىشلاردىن زوقى ئېشىپ، ياشانغانسېرى تېتىكلىشىپ بېرىۋاتقىنىنىمۇ، بۇگۆنكى ئاچچىقلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلەتتى. بۇ يىللاردا ئۆز بايتاللىرىنى چىلانتورۇق—مۇشۇ ئايغىردىن ئۇرۇقلاندۇرۇش تەمەسىدە نە-نەلەردىن كېلىشىپ، فېرما ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما، چىلانتورۇقنى بايامقىدەك يارام بايتال بىلەنلا چېتىشتۇرۇپ، تېخىمۇ ئەلا نەسلىنى قالدۇرۇشقا بولاتتىكى، نامى چىقمىغان، ئىنجىمارۇق، كۆزلىرىنى چاپاق باسقان، ئىگە-باققۇچىسىنىڭ تايىنى يوق بايتاللارغا يېقىن يولتىشقا زادى بولمايتتى.

چىلانتورۇقنىڭ ئاتلىق قىسمىنىڭ ئەلا سورتلۇق فېرمىسىدىن ئەۋەتىلگەن ئاۋۇ بايتالغا بىرىنچى كۈنلا ئېمىشقىدۇر چاپماي قويۇشى فېرمىنى ئۆرىتۈپە قىلىۋەتتى. فېرما باشلىقىدىن تارتىپ مەۋلانجانغىچە بولغان يۇقىرى-تۆۋەن ھەممەيلەن جىددىيلەشكىنىدىن قويغان-تۇتقىنىنى بىلەلمەي قېلىشتى. چۈنكى، بايتال فېرمىغا يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋاللا كۆيلەپ قالغان ئىدى. كۆيلەش پەسلى ئۆتۈپ كېتىپلا قالسا يەنە بىر قېتىملىق كۆيلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ ھالدا ئاتلىق قىسىمدىكىلەرگە جاۋاب بەرمەك تەس بولغانىنىڭ ئۈستىگە فېرما ئۈچۈنمۇ تەسلىكتە كېلىدىغان بىر پۇرسەت يوققا چىقاتتى. شۇ سەۋەب فېرمىدا ئۆلۈشكۈندىن بېرى نەچچە قېتىملاپ جىددىي باش قوشۇش يىغىنى ئېچىلدى. ئايغىرنىڭ نازلىنىۋېلىشىنى قانداق تۈگىتىش، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ھەققىدە مەخسۇس مۇزاكىرىلەر بولۇندى. چىلانتورۇققا جاسارىتىنى ئاشۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇش، بايتالنى كۆرۈپ يەنە يالتىيىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىنى تېڭىۋېتىش، چىلانتورۇق نەسلخانىغا ئېلىپ مېڭىلغاندا ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن مەۋلانجاندىن ئۆزگە بىرمۇ خادىمنىڭ سىرتتا مېڭىپ يۈرۈشىنى چەكلەش قاتارلىقلار دەل شۇ جىددىي يىغىنلارنىڭ بېكىتلىمىسى ئىدى.

جىددىي يىغىن يەنە ئېچىلدى. شالاڭ چىشلار ئارىسىدىن يەنە تۈكۈرۈك چاچرىدى:

— نان قېپى! نەچچە 10 يىللىق داڭدار فېرما تۇرۇپ، بىر ئايغىر بىلەن بىر بايتالنى چېتىشتۇرالمىغاندىكىن ھەممىمىز نان قېپى! بۇ يىغىندا ھەممە نان قېپلار سۆزلەيلى، سەۋەبنى تېپىپ چىقايلى، ئەقىل كۆرسىتەيلى! پىلان-تەدبىر تۈزەيلى. قېنى مەرھەمەت، نان قېپلار!

يېرىم سائەتلىك يىغىندا بارلىق «نان قېپلار» قوماچتەك پاراسلاپ، پاختەكتەك ئېتىلدى. يەكۈن شۇ بولدى: چىلانتورۇق ئايغىر ئاتلىق قىسمىدىن كەلتۈرۈلگەن بايتالنى قېرى كۆرۈپ ياراتماپتۇ. نەسلخانىغا كىرىپلا بايتالنىڭ تىنىقىدىن، شۆلگەي، تەر پۇرىقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. شۇ سەۋەب ھالى چوڭ، ئوقۇرى ئېگىز ئايغىر بايتالغا چاپماي قويۇپتۇ. شوخلىتىش ئوكۇلىمۇ كار قىلماپتۇ. ئەمدىكى قەدەمدە ساقلاش بۆلۈمىدىكىلەر كۆيلىگەن ياش، بېجىرىم، شاش بايتالنىڭ شۆلگەي، سۈيدۈك ئەۋرىشكىسىنى كۆيلىتىش دورىسىدا ئېرىتىپ، نەسلخانىغا تەكشى چېچىشى، نەسلخانا ئىچى-سىرتىدىن قېرى بايتالنىڭ ھىد-پۇرىقىنى تامامى يوق قىلىشى كېرەك! يېقىن سەينادىكى بارچە ئات-قېچىرلار، ئىت ۋە ئادەملەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ جىمىقىشى شەرت! ئارقا سەپ—جابدۇق بۆلۈمىدىكىلەر چىلانتورۇقنىڭ ئېغىز-بۇرنىغا بايامقى شۆلگەي، سۈيدۈك ئېرىتمىسىگە چىلانغان ئالاھىدە ماسكا-توسقۇلاردىن تاقاپ، ئۇنىڭ قىسمىدىن كەلتۈرۈلگەن بايتالنىڭ تىنىقىنى، تەر، سۈيدۈكلىرىنى ھىدلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئايغىرنى نەسلخانىغا يەنىلا مەۋلانجان يېتىلەپ كىرىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسە...

— چاپسان ئورنىمىزدىن تۇرايلى نان قېپلار! ھەممىمىز ئۆز ئىش ئورنىمىزغا ئاتلىنايلى!

— يەنە بىر ئىش بار، باشلىق،— مەۋلانجان ئالدىراپ كېكەچلىدى،— بايتالمۇ... بايتالمۇ خالىمايۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— نېمىنى خالىمايدىكەن، ئۇ نان قېپى؟ بىزنىڭ چىلانتورۇقنىمۇ؟

— شۇنداق باشلىق. ئايغىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن تەڭ بايتال چىلانتورۇقنى تەپمەكچى بولۇپ... مەن شۇنى بايقاپ قالدىم. بايتالمۇ چىلانتورۇقنى خالىمايدىكەن.

فىرما باشلىقىنىڭ بۇرۇن تۈشۈكلىرى كېڭەيدى. قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، سوزۇنچاق، شالاڭ قېشى تۇتاشتى. چىشلىرى ئارىسىدىن يەنە تۈكۈرۈك چاچرىدى:

— يوق يەپتۇ ئۇ نان قېپى! بۇنداق ئىش فىرمىمىز تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، — فىرما باشلىقى دىمىقىنى قاقتى، — ھەممىنى تېخى، بىر بايتال بىزنىڭ چىلانتورۇقنى ياراتماپتۇمىش، لاۋازىمەت بۆلۈمىدىكى نان قېپىلار قېنى؟!

ئىككى يىگىت ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇشتى:

— مانا بىز، باشلىق.

— ئىمپورت قىلىنغان ئالاھىدە چېتىشتۇرۇش شوتىمىزنى تەييارلاپ بېرىشكە سىلەر ئىككى نان قېپى مەسئۇل بولۇڭلار. بايتالنى شوتىغا چىڭ سولاپ، پولات چېتىقلىرىنى چىڭىتىپ، تۆت پۇتىنى ھالقىغا ئۆتكۈزۈپ، بايتالنى مىدىرلىيالماس قىلىۋېتىڭلار! شۇ چاغدا كۆرەيلى نازلانغىنىنى، ئۇ نان قېپىنىڭ. ھە، راست، ئايغىرنىڭ قۇلىقىنىمۇ ئىسكىلاتتىكى ھېلىقى سايمان بىلەن مەھكەم ئېتىۋېتىڭلار. بايتالنىڭ ئۈننى ئاڭلاپ قالمىسۇن ئۇ نان قېپى. يىغىن تامام، تۇرايلى يىگىتلەر. بۈگۈندىن ئۆتۈپ كەتسە بايتالنىڭ كۆيلىشى ئۆچۈپ...

مەجلىسخانىدىن چىقىپلا ھەممەيلەن ئۆز ئىشىغا يۈگۈرۈشتى. دىمىنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئايغىرنىڭ خاس ئېغىلىغا كەلگەن مەۋلانجان چىلانتورۇقنىڭ چوڭ شوينىدەك كۆپكەن، پارقىراق تېرىسىنى ھازىرلا يېرىپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان تومۇرلىرىغا قاراپ ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە ئوكۇل ئۇرۇشمىسۇن، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ چىلانتورۇقنىڭ ھالى بەتتەر ئىدى. سايىۋەنلىك ئېغىلنىڭ ساپ ھاۋالىق بولۇشىغا قارىماي تىنىق يېتىشمەيۋاتقاندەك ھاسىرايتتى. بېشىنى توختىماي سىلكىشلەپ، چىرايلىق قۇلىقىنى پاتاقلىتاتتى. بادامسىمان بۇرۇن تۈشۈكلىرى بىردە كېڭىيىپ، بىردە تارىياتتى. چوغدىن رەڭ كىيگەن سىلىق تېرىسى پۈرۈم-پۈرۈم تۈرۈلگەن ئىدى. پۈرۈشكەن جايلىرى توختىماي لىكىلداپ تۇراتتى. كەينى تۇياقلىرى نۆۋەت بىلەن يەر تىلغايتتى. مەۋلانجان دىققەت قىلدىكى، چىلانتورۇقنىڭ بەدىنى چىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ چىلانتورۇقنىڭ باغلىقىنى دەرھال يەشتى. تىزگىنىنى ئۇزۇنراق قويۇۋېتىپ، قوتان بويلىتىپ يېتىلەپ ماڭدى. نە يېتىلەپ ماڭالىسۇن، ئىككى قەدەم يۆتكەشكە ئۈلگۈرمەيلا، كۆيلىتىش بۆلۈمىدىكىلەر ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماق بولۇشۇپ قوتانغا كىرىشتى. جابدۇق بۆلۈمىدىكىلەرمۇ دەرھال تەييار بولۇشتى.

— باشقا ئىشلارنى يىغىندا دېيىلگىنى بويىچە ئىشلەيلى، ئاداشلار. ئەمما، ئاۋۇ كۆيلىتىش ئوكۇلىنى ئەمدى ئۇرمايلى، مەن ئۆتۈنەي.

مەۋلانجان شۇ ھامان بىلدى: ئۆزىنىڭ گېپى، ئۆتۈنۈشى، يېلىنىپ يالۋۇرۇشى، ئاچچىقلاپ قامچا شىلتىشى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. ھەممە ئىش شالاڭ چىشلار ئارىسىدىن تۈكۈرۈك ئارىلاش چىققان بايامقى بۇيرۇق بويىچە ئىشلىنىدىكەن!

ئەمدى چىلانتورۇقنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چەكچەيدى. بۇرۇن تۈشۈكلىرى يەنىمۇ كېڭەيدى. شوينىدەك تومۇرلار يۇلغۇن شوخىدەك تومشۇپ كۆپتى. سىلىق تېرە-ئۇستىخانلار تىترەشتىن سىلكىنىشكە ئۆتتى. ئايغىرنىڭ پۈتۈن ئەتىيانىدىن بىر خىل تىتىلداش، جىددىيلىك، تەلپۈنۈش، يۇلقۇنۇش تەپچىرەشكە باشلىدى. قەدەم رىتمى بۇزۇلۇپ، قويرۇق يالى تىكلىنىپ قالايلا دېدى. تەييارلانغان ماسكا، كۆز تېڭىقلىرىنى جايلاشتۇرماق تەسكە چۈشتى. شۇندىمۇ ھەممە ئىش يىغىن ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە پۈتۈپ، باشقىلار چىلانتورۇق يېنىدىن يوق بولۇشتى. نەسىلخانىدىنمۇ بايتالنىڭ تەييارلىنىپ بولۇنغىنىدىن خەۋەر كېلىشتى.

مەۋلانجان ئايغىرنى يېتىلەپ يەنە بوسۇغا ئاتلىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر پەرىشان بولۇپ قالغان ئىدى. سەۋەبىنى ئۆزى ئېنىق ئۇقمىسىمۇ، كۆڭلى نەسىلخانا تەرەپنى خالىمايۋاتاتتى. ئەمما، ئايغىر چاپچىيتتى. ئۆزىنى كونترول قىلىش تەسكە چۈشكەندەك بىر ھالدا نەسىلخانا تەرەپكە ئالدىرايتتى. بېشىنى توختىماي سىلكىپ، يالنى تىكلەپ يېيىپ، چىرايلىق قۇلىقىنى پاتاقلىتاتتى. كۆزىدىكى تېڭىقنى، ئېغىز-بۇرنىدىكى دورىلانغان ئالاھىدە توسقۇنى ياقتۇرمىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، مەۋلانجاننىڭ مۈرىسىگە سۈۋاپ باقاتتى.

ئەتراپ تېپتىنچ، فىرمىنىڭ نەۋاقتىن بېرىقى ئاۋاتلىقى نەلەرگىدۇر ئۆچۈپ كەتكەن ئىدى. توسۇق-غارال ئاراچىلىرىدىن ئاڭلىنىپ قالىدىغان كىشنەك-

پۇشقۇرۇقلار، چوپانلارنىڭ چىللاش، تىللاشلىرى، ئىت ـ سەگلەرنىڭ بوك ئۈنلىرى كەڭ سەينادىن تامامى ئۆچكەن ئىدى. شۇ تىنچلىق ئىچىدە چىلانتورۇق ئايغىر ئاجايىپ قۇۋۋەتلىك، مەۋلانجان روھسىز بىر هالدا قەدەم يۆتكەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم مەۋلانجان چىلانتورۇقنى ئەمەس، چىلانتورۇق ئۇنى يېتىلىۋالغان ئىدى. گەرچە چىلانتورۇقنىڭ كۆزى مەھكەم تېڭىلغان بولسىمۇ، يىللاردىن بېرىقى تۇيغۇسىغا مەزمۇت ئورناشقان تەرەپ ـ ئۆزىنىڭ فېرما ئۇچۇن بىردىنبىر كېرەكلىك جايى نەسلىخانا تەرەپنى ئېنىق ئىلغا قىلىپ مەۋلانجاننى سۆرەشتۇرۇپ دېگۇدەك بېرىۋاتاتتى.

مەۋلانجان بىلەن چىلانتورۇق نەسلىخانىغا يېقىنلاپ كەلگىنىدە نەسلىخانا ئىچىدىن بايتالنىڭ نالىلىك پۇشقۇرۇقى ئاڭلاندى. سوزۇلۇپ، رىتىمسىز چىقىۋاتقان ئۇ پۇشقۇرۇقنى مەۋلانجاندىن ئۆزگىلەر ئاڭلىيالمايتتى. چىلانتورۇق ئايغىر تېخىمۇ ئاڭلىيالمايتتى. شۇندىمۇ ئۆزىنىڭ تونۇش بوسۇغا تۇۋىگە كەلگىنىنى بىلگەن چىلانتورۇق بىر يۇلقۇنۇپلا مەۋلانجاندىن ئاجراپ ئۆزىنى نەسلىخانا ئىچىگە ئاتتى! مەۋلانجان يىقىلدى. شۇندىمۇ ئۇ نەسىللىك بايتالنىڭ جەھلى بىلەن كىشنىگىنىنى، چىلانتورۇقنى يېنىغا يولاتماسلىق ئۇچۇن قەھرلىك نالە قىلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ بىر دومىلاپ ئۆرە بولدى. مەۋلانجان ئۆزىنى ئوڭشاپ، چىلانتورۇقنىڭ يالىدا قامچىدەك سەكرەۋاتقان تىزگىنىگە ئېسىلماق بولۇپ تاشلاندى. ئەمما ئۇ كېچىككەن ئىدى: مەۋلانجان ساقىغان يۇلتۇزدەك تېز، كۆچكەن قاردەك دەھشەتلىك، ئۆرلىگەن قۇيۇندەك قورقۇنچلۇق، كۈچلۈك بوراندەك سۇرلۇك هالدا باستۇرۇپ كەلگەن چىلانتورۇقنىڭ پولات شوتىغا ئارتىلغىنىنى كۆردى. شوتا ئىچىدە ئاجايىپ بىچارە بىر هالدا تەييارلانغان بايتال جىمى كۈچىنى ئىككى جۇپ تۇيىقى بىلەن زىل ئاۋازىغا جەم قىلغاندەك بىر تەرەپتىن كۆچەپ ئىنجىقلاپ يەر تىلغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بار ئاۋازى بىلەن ئۇلاپ كىشنىدى! ئۆزىنى شوتا سىرتىغا ئاتماقچى بولۇپ...

ئەپسۇس، پولات شوتا ئىچىدىكى بىچارە بايتال ئاجىزلىقتا ياپراقتىن، بىقۇۋۇللۇقتا تۇتقۇندىن پەرقسىز ئىدى. شۇ هالىتىدە كۆرەر كۆزىدىن، ئاڭلار قۇلىقىدىن، پۇراق سېزىمىدىن تامامى بىگانە قىلىۋېتىلگەن قوتۇرىغان چىلانتورۇقنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئاجىز، تېخىمۇ چارىسىز، تېخىمۇ ئامالسىز بىر هالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان تەڭداشسىز چېتىششتىن خۇشال بولۇشنىمۇ، ئەپسۇسلىنىشنىمۇ بىلەلمەي هاڭقىيىپ تۇرۇپ قالغان مەۋلانجان نەسلىخانىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان فېرما باشلىقىنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلا ـ ئاتلىمايلا ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن هەيران بولدى:

— ئايغىرنى تارتىۋال، نان قېپى! بايتالنىمۇ يېشىۋەت. ئۇلار جۇپلەشمىسۇن!

ئېگىز بوسۇغىغا پۇتلىشىپ دۈملا چۈشكەن فېرما باشلىقى مەست تۆگىدەك بوزلىدى. تىرەجەپ دېگۇدەك ئالدىغا يۇلقۇندى.

— تېز بول، نان قېپى! چىلانتورۇقنى چۈشۈرۈۋەت...!

مەۋلانجاننىڭ كۆزى چىمچىقلىدى. فېرما باشلىقىنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىدى ـ يۇ، تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى چىلانتورۇقنىڭكىدەك گاس، كۆزى چىلانتورۇقنىڭكىدەك ئەما، سەزگۈسى چىلانتورۇقنىڭكىدەك بىهوش بولدى. مەۋلانجان شۇ خىل گاراڭلىقىدا ئۆزىنى شوتا يېنىدا كۆردى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا هەممە ئىش ئاخىرلاشقان بولۇپ، چىلانتورۇقنى بايتال ئۈستىدىن چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ هاجىتى قالمىغان ئىدى.

مەۋلانجان هاياجىنى تېخى بېسىقمىغان چىلانتورۇقنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى. چىلانتورۇق ئۆز غەلىبىسىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك مەۋلانجاننىڭ تونۇش قولىنى پۇرىغاچ بېشىنى سىلكىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا چېتىشتۇرۇش شوتىسى ئىچىدىكى بايتال تۇيۇقسىز جەھلى بىلەن كىشنىدى. بۇ كىشنەك هېچبىر ئاتنىڭ هېچبىر ۋاقىتتىكى كىشنىكىگە ئوخشىمىدى. ئېنىقراقى، بۇنداق زىل، بۇنداق دەھشەتلىك كىشنەك ئاۋازىنى مەۋلانجان ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ، چىلانتورۇقنىڭ تىزگىنىنى ئىختىيارسىز قويۇۋېتىپ، بارماقلىرىنى قۇلىقىغا چىڭ كەپلىگەچ شوتا يېنىغا قايتىپ كەلدى. مەۋلانجان كۆردى: كۈل رەڭ بايتال قورسىقىنى كۈچ بىلەن پۇسكايتىپ، چېتىشتۇرۇش شوتىسىنىڭ پولات توسۇقىغا ئۆزىنى جەھلى بىلەن قىستاپ، هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەۋلانجان بايتالنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغىنىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇنى دەرهال بوشىتىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شۇ هامان بىلىپ ئۈلگۈردى ـ دە، فېرما باشلىقى ۋە شوتىنى تەييار قىلغۇچىلارنىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەستىن ئاۋۋال بايتالنىڭ پۇتىدىكى چەگمەك هالقىنى، ئارقىدىن پولات شوتىنىڭ

چېتىق ئىلغۇچىنى ئېچىۋەتتى! يازماق ئاستا، قىلماق تېز دېگەندەك، شوتىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ چىڭ تارتىلغان كۆل رەڭ كىرىچ يادىن ئايرىلدى! كۆك قەھرىدىن كۆل رەڭ بىر يۇلتۇز ئۇچتى! كۆل رەڭ بايتال شوتىدىن يۇلقۇنۇپ ئاجرىدى ۋە ئانچە يىراققا بارمىغان چىلانتورۇققا زەرب بىلەن تاشلاندى-دە، بار ماغدۇرىنى ئارقا ئىككى پۇتىغا يىغىپ، چىلانتورۇقنىڭ قاق پىشانىسىگە كۈچ بىلەن تەپتى! چىلانتورۇق نېمە بولغىنىنى بىلىپ ئۈلگۈرگىچە بېشى ئوبدانلا بىر سىلكىندى-دە، ئالدى تۇيىقى سەلگىنە كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋا تاپان بولۇپ يىقىلدى. كۆزىدىكى تېڭىق بىلەن ئېغىزىدىكى توسقۇ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. قۇلىقىغا كەپلەنگەن توسقۇمۇ چىقىپ كەتتى. كۆل رەڭ بايتال يەنە تەپمەكچى، يىقىلغان ئايغىرنى ئالدى تۇياقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دەسسىمەكچى بولدى-يۇ، نېمىشقىدۇر بۇ پەيلىدىن تېزلا يېنىپ، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى بىردە ئايغىرغا، بىردە ئەمدىلا ئۆرە بولۇۋاتقان فېرما باشلىقىغا تىككىنىچە ئۆز ئىزىدا ئىككى قېتىم ئايلاندى-دە، «جەرت...ت» قىلىپ سوزۇپ بىرنى ئوسۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى نەسلىخانا سىرتىغا ئاتتى! چېپىپ كېتىۋېتىپ، فېرما باشلىقىنىڭ ئۈستىدىن بىر تاقلاپلا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. باش ئۈستىدىن ئارتىلىۋاتقاندا كەينى تىزى فېرما باشلىقىنىڭ نەق كۆكسىگە تېگىشىپ ئۆتتى-دە، فېرما باشلىقى يەنە يىقىلدى. شۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن مەۋلانجان ئاۋۋال ئايغىرنى تۇتماق، ياكى باشلىقنى يۆلىمەك ھەققىدە دەققە ۋاقىت ئويلاندى. نە ئويلىنالىسۇن، بايتالنىڭ ئىزىغا تىكىلگىنىچە ئىز باسماققا تەييارلانغان — قاڭشىرى يېرىلغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن، يالى تىكلەنگەن، كېرىلگەن بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن دۇت پۇرقۇۋاتقان چىلانتورۇققا قاراپ ئۇنىڭ ھازىرلا بىرەر ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشىنى كۆڭلى تۇيدى-دە، ئاۋۋال ئۇنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىش قارارىغا كەلدى.

— بۇنى ماڭا قويۇۋېتىپ، بايتالنى قوغلا، مەۋلان بالام...— ئىڭرىغان بىر ئاۋازدا بۇيرۇدى فېرما باشلىقى كۆكسىنى چىڭ قامallap تۇرۇپ،— بايتالنى دەرھال تۇتۇپ كەل، ئۇ يوقاپ كەتسە، ئىگىسىگە جاۋاب بەرەلمىگىمىز قىيىن بولىدۇ...!

مەۋلانجان ئەمدى تولۇق ئېسىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ باشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى جىددىيگىنە يۆلەپ قويدى. ئۇنىڭغىچە چىلانتورۇق قوپۇنىدەك ئۇچقىنىچە مەۋلانجان بىلەن فېرما باشلىقىنى ياندىن ئۆتۈپ كەتتى. بىر تاقلاش بىلەنلا بوسۇغىدىن خېلى يىراققا سەكرەپ چۈشتى-دە، تىنىق ۋاقىت ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئۇلارنى قوغلا، مەۋلانجان بالام، ئۇلارنى سەنلا قايتۇرۇپ كېلەلەيسەن.

— ماقۇل.

— ئاڭلا بالام،— فېرما باشلىقى ئەمدى نېمىشقىدۇر «نان قېپى» دېيىشىنىڭ ئورنىغا كۆيۈم بىلەن «بالام» دەۋاتاتتى،— كەينىڭدىن ئادەم ماڭدۇرمايمەن. بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما... ئۆزۈم بىخۇدلۇق قىپتىمەن... ئۆزۈم نان قېپى ئىكەنمەن.

مەۋلانجان ئۆزىنى چىلانتورۇق بىلەن كۆل رەڭ بايتالنىڭ ئىزىغا ئاتتى. فېرما باشلىقىنىڭ ئىڭرىقىمۇ، ئاخىرقى دېگەنلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ پەقەت ئۆز ھاياتىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن چىلانتورۇقنى قايتۇرۇپ كەلمەكنىلا ئويلايتتى. كاللىسىغا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان چىلانتورۇقتىن ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسى ئۇنىڭ كۈچ-ماغدۇرىنى ئاشۇرۇپ باردى.

— ئاۋۋال بايتال، ئارقىدىن چىلانتورۇق ئۇچۇپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى،— دېدى ياشانغان دەرۋازىۋەن ھودۇقۇپ تۇرۇپ،— توسۇۋېلىشىمغا ئىمكان بولمىدى. ھەر ئىككىسى دەرۋازا ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

— قاياققا كەتتى؟

— بايتال ئاۋۇ تەرەپكە...

— چىلانتورۇقچۇ؟— ئالدىراپقىنە سورىدى مەۋلانجان،— ئۇمۇ شۇ تەرەپكە كەتمىگەندۇ؟

تۈرۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش، چەكچەيگەن كۆزدىن ھودۇققان دەرۋازىۋەننىڭ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېيتقان بوشقىنە جاۋابىدىن مەۋلانجاننىڭ يۈرىكى ئەنسىز جىغىلدىدى. چۈنكى، دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا بايتالنىڭمۇ، چىلانتورۇقنىڭمۇ يامانيار جىلغىسى تەرەپكە كەتكىنىنى دەۋاتاتتى. قىيالىرى تىك، جىرالىرى چوڭقۇر ئۇ جاي ئىسمى-جىسمىغا لايىق «يامانيەر» ئىدى. ئاتلار شۇ تەرەپكە كەتكەن بولسا...

مەۋلانجان كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي شۇ تەرەپنى نىشانلاپ يۈگۈردى. گەرچە چۆپ-چېچەكلەر ئارا ئاتلارنىڭ بۇگۈن يانجىغان تۇياق ئىزى بولمىسىمۇ، مەۋلانجاننىڭ تۇيغۇسىدا ئاتلار ئېنىقلا يامانيەر تەرەپكە كەتكەندەك بىر قورقۇنچلۇق سېزىم غىل-پال يېنىپلا تۇردى.

مەۋلانجان دۆڭلۈك چىغىردا خېلى يۈگۈرۈپ بولۇپ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ ياياق مېڭىپ قالغىنىغا، قىرمىدىن چىقىشىدا بىرەر ئات مىنىۋالمىغىنىغا ئۆكۈندى. شۇندىمۇ ئۇنىڭ كەينىگە قايتقۇسى كەلمىدى. يۈگۈرەۋېتىپ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقنى ھالقىسمان ئۇلاپ ئېغىزىغا كەپلىدى. ھالقىنى كۈچ پۈۋلەپ چىلانتورۇق كۆنگەن ئاۋازدا ئىسقىرتتى. سوزۇپ چىققان زىل ئىسقىرىق يىراقتىكى جىرا-جىلغىدىن، تاغ-دۆمبەللەردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتتى. ئەمما چىلانتورۇق قايتمىدى. مەۋلانجان يول بويى زەن قويۇپ ماڭدىكى، چۆپلەر ئۈستىدە چىلانتورۇقنىڭمۇ، كۈل رەڭ بايتالنىڭمۇ ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. شۇندىمۇ نامەلۇم بىر ئۈمۈد مەۋلانجاننىڭ كۆڭلىگە ئايانلىتىپ تۇراتتىكى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كەتكىنى باشقا تەرەپكە كەتكىنىدىن ئېنىقتەكلا ئىدى. مەۋلانجانغا ئايان ئىدىكى، تۇيغۇسى كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئالدىمايتتى. ئەگەر ئىسقىرىق ئۇنىنى ئاڭلاپلا قالسا چىلانتورۇق چوقۇم مەۋلانجاننى تېپىۋالاتتى.

دۈمبەل ئېشىپ تىز-يوتىلار سىرقىرىدى. كۆپ يۈگۈرۈپ تاپانلار ئېچىشتى. ئىسقىرىتىپ لەۋلەر ئىششىدى. ئەمما، نە چىلانتورۇقتىن، نە كۈل رەڭ بايتالدىن بىرەر ئىزنا بولمىدى. يەنە ئىككى دۆڭدىن ئاشقىنىدا مال يۆتكەپ ماڭغان چوپان بالا ئۇچرىدى. مەۋلانجان ئالدىراپقىنە سۈرۈشتۈردى. بالا چىلانتورۇقنى كۆرمەپتۇ، كۈل رەڭ بايتالنىمۇ كۆرمەپتۇ. ئەمما، بايىلا يىراقتىكى يامانيەر جىلغىسى تەرەپتىن غەيرىي بىر كىشنەك ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. كىشنەك تولىمۇ غەيرىي ئىكەن. بۇ ئەتراپنى پىششىق بىلىدىغان چوپان ئۇ كىشنەكنىڭ قايسى ئاتنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆزى بىلىدىغان ۋە زوقلىنىدىغان چىلانتورۇقنىڭ ئەمەسلىكىگە ئۇ ئېنىق ھۆددە قىلالايدىكەن.

— ئېتىڭدىن بىرنى بېرىپ تۇر، — دېدى مەۋلانجان، — چىلانتورۇقۇمنى تېپىۋالاي.

— ئۆززە سورايمەن، — چوپان بالا گەدىنىنى تاتىلىدى، — بۇ ماللارنى سامپۇللۇق بېدىكلەرگە سېتىۋەتتۇق. پۇلىنىمۇ ئېلىپ بولدۇق. دادام بىلەن خېرىدارلار داۋان تۈۋىدە مىنى ساقلاۋاتىدۇ.

مەۋلانجان ئارتۇقچە تالاشمىدى. چوپان بالىغا خوشمۇ ئېيتمىدى. ئىششىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. دۆڭ ئۈستىگە چىقىپلا يەنە كۈچەپ ئىسقىرتتى.

كەچ كىردى. قۇياش زېمىن بىلەن خوشلاشقۇسى كەلمىگەندەك يامانيەر قىياسى ئۈستىدە بىرپەس قونۇۋېلىپ ئاندىن ئاستا-ئاستا تىك چوققىلار كەينىگە چۆكۈپ كەتتى. ئەمما، قاراڭغۇلۇقنىڭ تولۇق يېپىلىپ كېلىشىگە تېخى ۋاقىت بار ئىدى. شۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپ ئېغىر پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ قىيا لېۋىگە يېتىپ كەلگەن مەۋلانجان چوڭقىنە بىر تاشنىڭ ئۈستىدە لەسسىدە ئولتۇردى. ئولتۇردى-يۇ، شۇ ھامان دىرىڭگىدە تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، مەۋلانجان تاش ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاتقان دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن — جىلغىنىڭ ئۇ تەرەپ قىياسىدىن كۈل رەڭ بايتالنىڭ ناللىق كىشنىگى ئاڭلىنىپ قالدى. گەرچە مەۋلانجان بايتالنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭقاردى. بايتالنىڭ ئەمدىكى كىشنىكى ئەتىگەنكىدەك زىل، كۈچلۈك بولمىسىمۇ، قەھرلىك ۋە بىچارە ئىدى.

مەۋلانجان ئىككى تاقلاپلا يەنىمۇ ئېگىزرەك بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى. توم، مۈكچەيگەن بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ غولىغا چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ قىيانىڭ قارشى قېشىنى سىنچىلاپ كۆزەتتى. شۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپ كۈل رەڭ بايتال ئۆزىنى كۆرسەتتى — ئۇمۇ قارىياغاچلار ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ، قىيا لېۋىگە كەلدى. قىيادىن پەسكە قاراپ بويۇندىدى. مەۋلانجاننىڭ يۈرىكى «قارت»تىدە قىلدى. چۈنكى، بايتال يېقىنلاپ كەلگەن قاش تولىمۇ تىك، جىلغا بەكمۇ چوڭقۇر ئىدى. قىيا لېۋىگە پۇت قويغان ئاشۇ ۋاقىتتىلا بايتال مۆدۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ تۇمشۇقى يېرىلغان، يېرىلغان جايىدىن قان سىرغىۋاتقان، بىر پۇتى ئېنىق ئاقساپ قالغان بايتالنىڭ ھازىرقى تۇرقى مەۋلانجاننىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. قارىغاندا بايتال جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلمەي كۆپ ھەرەج تارتقاندەك قىلاتتى.

راست، ئۇ قەيەردىن ئۆتكەندۇ؟ تۇرۇپلا مەۋلانجاننىڭمۇ شۇ يولنى تېپىپ، ئۇدۇلدىكى قاشقا ئۆتكۈسى كەلدى. ئۇنىڭچە كۈل رەڭ بايتال بار جايدا چىلانتورۇقمۇ بار ئىدى. بايتالنى تۇتۇۋالسىلا...

— يانپاشلا بالام، ئۇ بىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن، — قاچانلاردىدۇر قىيا لېۋىگە كەلگەن فىرما باشلىقى مەۋلانجاننىڭ مۈرىسىدىن تۇتقاچ ھاسىرىدى، — دەرھال ئېڭىشەيلى.

مەۋلانجان قارىياغاچ كەينىگە ئېڭىشتى. فېرما باشلىقى زوڭزايغاچ ئۇنىڭ مۈرىسىنى مېھىر بىلەن سىلاشتۇرۇپ، مەۋلانجاننى تېخىمۇ بەكرەك ئېڭىشتۇرۇپ تۇرۇپ شىۋىرلىدى:

— ئاڭلا بالام، بۇ ھالدىكى ئات ھەرقانداق ئادەمدىن ئۆلگۈدەك ئۈركۈيدۇ. بىر ئۆمۈر باققۇچىدىنمۇ شۇ. شۇڭا ئۇنى پەم بىلەن تۇتماق كېرەككى، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

مەۋلانجان بېشىنى گىلدىڭلاتتى. گىلدىڭلاتقاچ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— كۆل رەڭ بايتال نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ، باشلىق؟ چىلانتورۇقچۇ؟

فېرما باشلىقى قارشى قىرغاقتىن كۆزىنى ئۈزمىدى. بايتال يەنە ئىككى قەدەم يۆتكەپ كەينىگە قايتتى. ئۆز ئىزىدا تىك تۇرۇپ، يىراق ئۇپۇققا چەكچىيىپ قارىدى. قاراۋېتىپ بوش ئەمما، ئازابلىق پۇشقۇردى. فېرما باشلىقى كۆل رەڭ بايتالدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— مەن بەك نان قېپى ئىكەنمەن بالام، مېنى كەچۈر. ئەسلىدە سىلەرگە باشچىلىق قىلىشقا ئەمەس، ھەتتا بۇ فېرمىدا ئىشلەشكىمۇ لايىق ئەمەس ئىكەنمەن.

— نېمىشقا باشلىق؟ سىز... سىز ئەڭ لايىققۇ.

كۆل رەڭ بايتال تۇرۇپلا ئۆزىنى قارىياغاچلار كەينىگە ئالدى. مەۋلانجانمۇ، فېرما باشلىقمۇ ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تىنىقمۇ ئالماي بىرپەس تۇرۇۋېلىشتى. بايتالنىڭ شاخ-پۇتاقلار كەينىدە ئېغىر تىنغىنىچە تۇرغىنىنى كۆرگەن فېرما باشلىقى جاۋاپ بەردى:

— ئاڭلا مەۋلان بالام، ئات تائىپىسى ئۆز ئۇرۇق-ئەۋلادى بىلەن زادىلا چېتىشمايدۇ. ئەركىكىمۇ، چىشىسىمۇ شۇ. ئۇلار ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسى ئىچىدە ئەسلا جۈپلەشمەيدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ھىدىدىنلا بىلىۋالىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. مەن نان قېپى بولغاچقا چىلانتورۇقىمىزنىڭ ئاۋۇ كۆل رەڭ بايتالنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتىمەن بالام... ئەسلىدە سەن بايتالنىڭ خالىمايۋاتقىنىنى ئېيتقىنىڭدىلا بىلىشىم كېرەك ئىدى، مەن نان قېپى راستىنلا قېرىپتىمەن...

دەل شۇ چاغدا كۆل رەڭ بايتال قارىياغاچلار كەينىدىن يۇلقۇنۇپ ئېتىلىپ چىقتى. فېرما باشلىقى بىلەن مەۋلانجان ئىچىگە سۈمۈرگەن تىنىقنى سىرتقا چىقىرىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىشىپ دۈملا ياتتى. كۆل رەڭ بايتال قىيا لىۋىدە يالىنى تىكلەپ دەققە ۋاقىت تۇرۇۋالدى-دە، بوينىنى سوزۇپ تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن كىشنىدى. تولىمۇ سۈرلۈك، تولىمۇ زىل كىشنەك ئاۋازى يېقىن-يىراق جىلغىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئۈندە چىلانتورۇقنى چاقىرىۋاتقىنىنىمۇ، ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىۋاتقىنىنىمۇ، فېرما باشلىقى بىلەن مەۋلانجاننى ئويغاتماقچى بولغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بۇ دەھشەتلىك كىشنەكتىن چۆچۈگەن فېرما باشلىقى ئاۋۋال مەۋلانجاننىڭ بىلىكىنى كۈچەپ تۇتۇۋالدى، ئارقىدىن ئۆزىمۇ سەزمەي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەۋلانجانمۇ ئۆرە بولدى. شۇنىڭغا ئۆلگۈرۈپ كۆل رەڭ بايتال بىر سىلكىندى-دە، ئۆزىنى قىيادىن پەسكە قارىتىپ ئاتتى!

— ياق...ق!— فېرما باشلىقى سەنتۈرۈلگەچ ۋارقىرىدى،— ئۇنداق قىلما، نان قېپى...!

فېرما باشلىقىنىڭ ئاۋازىمۇ تەگسىز جىلغىلار ئارا ئەكسلەندى. شۇ ئەكس سادا ئىچىدە بىر كۆل رەڭ نۇر ئۇ تەرەپ قاشتىن جىلغا تۇۋىنىگە قاراپ ئاقتى.

— ياق...

مەۋلانجانمۇ بوشقىنە شىۋىرلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ سەزگۈسىمۇ ئاشۇ نۇر ئاراچلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جىلغا تۇۋىنىگە قاراپ ئۇچۇپ بېرىۋاتاتتى...

چىلانتورۇق ھېچيەردىن تېپىلمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەۋلانجان بىلەن فېرما باشلىقى يىراق ئېقىن بويىدىن يول تېپىپ، كۆل رەڭ بايتال ئۇچۇپ كەتكەن جىلغا ئىچىگە چۈشتى. ئات ئىگىسگە بايتالنىڭ قىيادىن ئۇچۇپ كەتكىنىگە ئىسپات كۆرسەتمىسە بولمايتتى. پارە-پارە بولغان بايتالنىڭ تاپىغا قاراپ ئۇلار ياقىسىنى تۇتۇشتى. فېرما باشلىقىنىڭ بوغۇزى ئېچىشتى. مەۋلانجاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە زىلال قەترە دومىلاپ چۈشتى. چۈنكى، كۆل رەڭ بايتالنىڭ تاپىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان جايدا چىلانتورۇق ئايغىرنىڭ لەختە-لەختە بولغان چوغرەڭ تاپى يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قاچانلاردا بۇ يەرگە كۆچۈپ كىرىۋالغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. سۇس قاراڭغۇلۇق يېيىلىپ تۇرغان جىلغا ئىچىدە ئۇنىڭ تولىمۇ زىل، تەڭداشسىز سۈرلۈك كىشنەك ئاۋازى ھېلىمۇ ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# جىدى ماجيا شېئىرلىرىدىن تاللانما

ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012 - يىللىق 2 - سانىدا ئەدىب، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىدىكى «شائىرنىڭ كىملىكى، ئاۋازى، جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە سىغدۇرما شېئىرىيەت» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇرمەنلىرىمىز دىققىتىگە سۇنغان ئىدۇق. «يەر شارى نەزىرىدىكى جىدى ماجيا ھەققىدە چاقىرىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دىكى خاتىرىلەر ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان بۇ ئەسەردە يىزۇ شائىرى جىدى ماجيانىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيا شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى تەسىرى، ئورنى؛ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزگىچە خاسلىق، يىڭىلىق؛ ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراق ۋە قوۋمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى دۇنيا ھەم ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرىنى جەلپ قىلىشتىكى سېھرىي كۈچ قاتارلىق كۆپلىگەن يارقىن تەرەپلەر يىغىنغا قاتناشقان بىر تۈركۈم چەت ئەل ۋە ئېلىمىزدىكى نوپۇزلۇق شېئىرىيەت ئوبزورچى، تەتقىقاتچىلىرىنىڭ جىدى ماجيا ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا بەرگەن باھالىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن ئىدى.

ئەسەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەن، ئاپتور ۋە يېڭىدىن شېئىرىيەت كوچىسىغا قەدەم بېسىپ كېلىۋاتقان ياش كۈچلىرىمىز ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغىدى. ئەلۋەتتە، شائىر جىدى ماجيانىڭ شېئىرىيەتتىكى خاسلىقى، ئۇسلۇبى ۋە ياراتقان شېئىرىيەت پەللىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ. تەرجىمە يولى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە يەنىلا ئىمىن ئەھمىدى ئەپەندىگە ئۆتۈنۈشتۇرۇلغان «جىدى ماجيا شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق نۆۋەتتىكى ئەسەر بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە شېئىرنىڭ ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززىتىنى ئاتا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىر ئىجادىيەتچىلىرىمىزنى «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە، سېلىشتۇرۇشقا، ئويلىنىشقا سالىدۇ...

پىشقەدەملەر قەلىمى

## تۇپراققا مىننەتدارلىقىم

بىز تۇغۇلغان چاغدا
تۇغۇلىمىز بىرلا ئۇسۇلدا
ئۆلۈم دەرۋازىسىدىن قانداق كىرىمىز

پەرقىمىز بار ئۆزئارا
تۇپراق ھەققىدە سۆزلىسەك
مەيلى بولايلى قايسى ئوقتىن
روھىمىزدىن تاپقىلى بولىدۇ
سىماسىنى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ
تۇپراق بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان
ئىنسان ئەۋلادىنى
مەڭگۈلۈك بۆشۈكىدە كۆپەيتكەن
تۇپراق بىزگە تىل ئاتا قىلغان
بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزنى
بۇ قەدىم ھەم ياش دۇنياغا يەتكۈزگەن
بىز چاقنىيالمايدىغان يۇلتۇزلۇق كۆككە باققاندا
تۇپراق كۆكسىدە ياتقاندا
ئوي ـ خىيالىمىز
كۈز شامىلىغا ئەگىشىپ
يىراقلارغا ئۇچۇپ ماڭغاندا
تۇپراق، بۇ نېمە ۋەجدىن دەپ سورايمىز
دەل مۇشۇنداق دەقىقىلەردە
قەلبىمگە تولدۇ ئەزەلدىن يوق بىسەرەمجانلىق
ئادەم ئالىدىكەن ھەممىنى تەبىئەتتىن
بىزنىڭ بېرىدىغىنىمىز ئىكەن بەك ئاز
دولقۇن يانغان شورلۇق يەردە
قىشلىق چىلان ئۆسىدىكەن بوي تارتىپ
گەرچە تۇپراق شۇنچە ئاجىز
مېۋە كۆپلۈكىدىن سۇنىدىكەن شاخ
بۇ تۇپراق ھەممىتىگە بېرىلگەن جاۋاب
ئاھ ئىنسان، بىز ئۆتكەندە تۇپراق يېنىدىن
قول كۆتۈرۈپ، ھۆرمەت بىلدۈرەيلى
ئۇنىڭغا قاراپ!

## يىزۇلارنىڭ ناخشىسى

قاچانكى مەن مىڭ قېتىملاپ
ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلگەن ھە دەپ.
زارىقىپ تۇرغان ئۇ يەردە
بۇركۇت پەيدا بولارمىكىن دەپ.
قاچانكى مەن مىڭ قېتىملاپ
قات ـ قات تاغلارغا تەلمۈرگەن ھە دەپ.
ۋەج شۇ بىلەتتىم ئۆزۈمنى
بۇركۇتنىڭ ئەۋلادى دەپ.
ئاھ، چوڭ ـ كىچىك لياڭشەن تاغلىرىدىن
جىنشاجياڭ ساھىلى تەرەپ.
ۋۇچىڭ تېغىنىڭ ئېتىكىدىن
خۇڭخې قىرغىقىغا كەلگەن پەتىلەپ.
ئانامنىڭ سۈتى ئىدى تاتلىق ھەسەلدەك
مەھەللەمنىڭ تۈتۈنى ئۇچاتتى كۆزۈمنى نەمدەپ.

قاچانكى مەن مىڭ قېتىملاپ
ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلگەن ھە دەپ.
مىللىتىمنىڭ كەلگۈسى
بولغان شۇنداق كۈتۈشكە سەۋەب.
قاچانكى مەن مىڭ قېتىملاپ
قات ـ قات تاغلارغا تىكىلگەن ھە دەپ.
ۋەج شۇ مەندە ساقلاقلىق ئىدى
ئەستىن چىقمايدىغان مۇھەببەت.
ئاھ، چوڭ ـ كىچىك لياڭشەن تاغلىرىدىن
جىنشاجياڭ ساھىلى تەرەپ.
ۋۇچىڭ تېغىنىڭ ئېتىكىدىن
خۇڭخې قىرغىقىغا كەلگەن پەتىلەپ.
ئانامنىڭ سۈتى ئىدى تاتلىق ھەسەلدەك
مەھەللەمنىڭ تۈتۈنى ئۇچاتتى كۆزۈمنى نەمدەپ.

## قەدىم زېمىن

تارىختىنمۇ ئۇزاق زېمىن
مۇنداق قەدىم زېمىن دۇنيادا باردۇر قانچىلىك.

مەن توپ ـ توپ ئىندىيانلارنى كۆرگەندەك بولدۇم
جەنۇبىي ئامېرىكا يايلاقلىرىدا بۇغا قوغلىغان
باللىرى يەردىلا ئۇخلىغان خاتىرجەم
پالما نارەسىدە قىزلار بىلەن سالىدۇ پاراڭ
قارا تەنلىكلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم
قارا رەڭلىك بۇ قېرىنداشلار
ئافرىقىنىڭ ۋەزمىن جىسمىنى ماڭىدۇ دەسسەپ
ئۇلارنىڭ پۇتى تەگكەن تۇپراقتا سادا
ئۇ ئافرىقا دۇمبىقىدەك پايانسىز زېمىن،
ئۇلارنىڭ تېرىسىدەك قارا تۇپراق.
كۆزىدىن ئېقىپ چىققىنى شەلپەردەك بىر تاڭ.

ئېفىئوپىيەنى كۆرگەندەك بولدۇم،
تۇپراقتىن چاقنايدۇ قەدىمنىڭ ئالتۇن نۇرى،
بەجايىكى مىڭلاپ بالاخۇن
مەدھىيەلەيدۇ قارا رەڭ نەزىرلىكنى.
تىنچ ئېقىۋاتقان دون دەرياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم
ئاقىدۇ ھايداش ھاجەتسىز يەرلەردىن،
كازاكلار گۈگۈم پەيتى ئۆتكۈزمەكتە توي.
ھەممىلا جايدا مۇشۇنداق قەدىم زېمىن
بوۋاقلار مۇشۇ زېمىندا كېتىدۇ ئۆلۈپ.

قەدىم تۇپراق،
تارىختىنمۇ ئۇزاق زېمىن،
مۇنداق قەدىم زېمىن دۇنيادا باردۇر قانچىلىك.
تىرىك چېغىمدا ياكى ئۆلگەندە
مېنىڭ بېشىمغا، بىر يىزۇنىڭ بېشىغا
ئىنسان سۆيگۈسىدىن پۈتۈلگەي شېئىر.

## قارا رەڭلىك دەريا ئېقىمى

مەن دەپنە مۇراسىمىنى بىلمەن،
تاغ ئىچىدىكى يىزۇلارنىڭ قەدىمى دەپنە مۇراسىمىنى بىلمەن.

(قارا رەڭلىك دەريا ئېقىمىدا،
ئادىمىيلىك كۆزىدىن چاقنايتتى ئالتۇن رەڭ.)

ئادەملەر دەرياسىنى كۆردۈم،
جىلغىدىن ئاستا ـ ئاستا كېسىپ ئۆتكەن.
ئادەملەر دەرياسىنى كۆردۈم،
ئازابىنىڭ ئاجىز دولقۇنى چىقتى تەۋرەپ.
ۋاپاسىز ئالەمدىن ئېغىرلىشىپ ھالقىيدۇ
خاسىيەتلىك دۇنيادىن ئۆرلەيدۇ ئاران دەسسەپ.

ئادەملەر دەرياسىنى كۆردۈم، يىغىلىپ ئوكيان
ئۆلۈم گىرۋىكىدە شاۋقۇن، ئەجداد توتېمى ئەرشتە.
ئادەملەر دەرياسىنى كۆردۈم، روھ چۈش كەبى
ئۇۋ مىلتىقىدا ئىپتىدائىيلىق گۈزەل پەرىشتە.
ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنى كۆردۈم، تاغدەك خاتىرجەم
مىڭلاپ قول، دوستلۇق توۋلايدۇ ھەسرەتتىن ناخشا.

مەن دەپنە مۇراسىمنى بىلمەن،
تاغ ئىچىدىكى يىزۇلارنىڭ قەدىمىي دەپنە مۇراسىمنى بىلمەن.
(قارا رەڭلىك دەريا ئېقىمىدا،
ئادىمىيلىك كۆزىدىن چاقنايتتى ئالتۇن رەڭ.)

## ئانىلارنىڭ قولى

يىـــزۇلاردىن بىرســـىنىڭ ئانـــىسى ئۆلـــۈپ كەتـــتى. كۆيدۈرىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ بەدىنى ئـــوڭ تەرىپىنـــى بېسىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. ئاڭلىسام ئـــۇ ســـول قولى بىلەن ئۇ دۇنيادا يىپ ئېگىرەرمىش.

خاتىرەمدىن

شۇ يەڭلىغ ئوڭغا بولۇپ ئۇخلىدى تىمتاس
ئۇزۇنغا ئاقىدىغان دەريا بولۇپ ئۇخلىدى
ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ بولۇپ ئۇخلىدى
نۇرغۇن ئادەم كۆرۈپ تۇردى
ئۇنىڭ شۇ يەردە ئۇخلىغىنىنى
نەتىجىدە تاغ قىزلىرى، تاغ ئوغۇللىرى
دېڭىزنى كۆرگىلى بولمايدىغان قىرغاققا كەلدى
قىرغاقتىكى بىر تال بېلىق قىز
ئېرىتمە ھالەتتىكى تۇپراققا چۆكتى
كەينىدە سۆكۈتكە چۆمگەن خادا تاش
شۇ مەھەل بىردىنبىر قەدىمىي ناخشا
بىردىنبىر پاكىز ھىلال ئايىنى سۆرەپ
ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى
سۈزۈك مەيىن شامالدا
سىم ـ سىم يامغۇردا
سۈس تۇمان بىلەن پۈركەندى
ئاقۇچ بۇلۇت بىلەن يۆگەندى
مەيلى جىمجىت تاڭ سەھەر بولسۇن
ياكى مەپتۇنكار گۇگۇم بولسۇن
ھەممە ئايلاندى مۇزدەك سوغۇق ھەيكەلگە
لەيلەپ قالدى بىرلا سول قولى
تىرىسگە تولۇپ ھارارەت
ئۇنىڭ تومۇرىدا چوقۇم قان بار
شۇ يەڭلىغ ئوڭغا بولۇپ ئۇخلىدى تىمتاس
بېلىق قىزغا ئوخشايدۇ ئەجەب
پاكىز ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ ئەجەب
سۆكۈتتىكى خادا تاشقا ئوخشايدۇ ئەجەپ
ئۇخلايدۇ يەر بىلەن ئاسمان ئارا
ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ يۈكسەكلىكىدە

شۇ ۋەج دەريا ئۇنىڭ جىسمى ئاستىدا ئېقىۋېرىدۇ
شۇ ۋەج ئورمان ئۇنىڭ جىسمى ئاستىدا ئۆسۈۋېرىدۇ
شۇ ۋەج قىيا تاش ئۇنىڭ جىسمى ئاستىدا تۇرۇۋېرىدۇ
شۇ ۋەج مېنىڭ دەردلىك مىللىتىم، تاتلىق مىللىتىم
مۇشۇنداق يىغلاپ، مۇشۇنداق توۋلاپ ناخشا ئېيتىۋېرىدۇ

شۇ يەڭلىغ ئوڭغا بولۇپ ئۇخلىدى تىمتاس
يوقىلىدۇ ئالەمدىن ھەممە
بۇ پايانسىز بوشلۇق ئىچىدە
ئۆلمەيدىغان ئەستىلىك ئىچىدە
لەيلەپ تۇرىدۇ ئۇنىڭ سول قولى
شۇنچىلىك يۇمشاق، شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە ئەركىن

## خەلق ناخشىسى

سورۇنغا بارغانلار قايتتى ئۆيگە
لېكىن شېئىرلىرىم قايتىپ كەلمىدى
كىمدۇر بىرلىرى كۆرۈپتۇ ئۇنىڭ
ئالتۇن رەڭ ھېستار ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى
گۇگۇملۇق دوقمۇشتىكى لەمپە ئاستىدا
مەست بولۇپ
سالپىيىپ ماڭغانلىقىنى

قاپتالدىكى قويلار قوتانغا ياندى
لېكىن شېئىرلىرىم كەلمىدى قايتىپ
كۆرۈپ قاپتۇ باشلامچى سەركە
قۇياش ساڭگىلاپ ئولتۇرار چاغدا
قان تېمىۋاتقان ئېدىرغا قاراپ
يىغلاي دېسە كۆزىدە ياش يوق
ئۆزى تەنھا ھەسرەت چەككەننى.
قوشنىلار ھەممىسى ئۇخلاپ قالدى
لېكىن شېئىرلىرىم كەلمىدى قايتىپ
ئىشىك ئالدىدا ساقلاۋاتىمەن
كىم ئۇنتۇيدۇ مۇنداق كېچىنى؟

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# ئۆمۈر سەپىرىمدىن شېئىرلار

**مەھمۇد زەيدى**

## كۈن — ئۆمۈر كىتابىمدىن بىر ۋاراق

كۈن — ئۆمۈر كىتابىمدىن پارلاق بىر ۋاراق،
تۈن — ئۆمۈر كۆچىتىمنىڭ قارا سايىسى.
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا سىر بولۇپ كەلدى،
ھاياتلىق، ئۆلۈمنىڭ ئىككى ئارىسى.

ئۇيلىساڭ ھاياتىڭ ئوخشار كۆچەتكە،
كۈتىدۇ ھەرۋاقىت پەرۋىشلىرىڭنى.
يىللارنىڭ دولقۇنى، پەسىللەر شامىلى،
قار - يامغۇر يۇياركەن شاخ - يايرىقىڭنى.

يىللارنىڭ چامدىمى تارىخ ياسايدۇ،
ئۇيلىساڭ ئەسىرلەر ئوخشار قامۇسقا.
بوۋىلار كەچمىشى، ئىزى، تۆھپىسى،
مەشئەلدۇر بىزلەرگە، يېڭى ھاياتقا.

ئۆزگىرىش يىللارنىڭ قىلغان سوۋغىسى،
تىرىشىش ئىنساننىڭ بۇرچى، ماھىيىتى.
ئەل ئۈچۈن ياشىماق پەرزدۇر بىزگە،
ۋەتەننىڭ بىھېساب قۇت خاسىيىتى.

چۈشەنسەڭ بىر كىتاب ھايات، كەچمىشىڭ،
ھەر كۈنۈڭ گوياكى ئۇچۇق بىر ۋاراق.
يېزىلغان ئۇنىڭغا تاپقان، تەرگىنىڭ،
بېشىڭدىن ئۆتكۈزگەن ئىسسىق ۋە سوغۇق.

**پىشقەدەملەر قەلىمى**

مىراس بوپ قالغۇسى ياش بوغۇنلارغا،
سەن ئۆسكەن بۇ كەڭرى زېمىن دالا، تاغ.
مۇھىمى سەن نېمە قالدۇردۇڭ ئەلگە،
ئەجرىڭدىن ھاياتقا باغمۇ ياكى داغ...؟!

ھېس قىلساڭ سەن خۇددى يول يۈرگەن كارۋان،
كۈنلىرىڭ ھېسابلىق چامدامغا ئوخشاش.
ئىز قالار سەن باسقان ھەربىر چامدامدىن،
بالاڭغا سېنىڭدىن قالمىسۇن كۆز، قاش.

ئىنسان ھاياتى ئوخشاش پەسىلگە،
سېنى تاۋلايدۇ قار، يامغۇر، بوران.
يىللارنىڭ بوينىغا ئاسساڭ كۆپ زۇنھار،
نامىڭنى ياد ئېتەر يەر بىلەن ئاسمان.

ئۆمۈر كىتابىڭدا كۈنلىرىڭ ۋاراق،
نەقىش بوپ قالغۇسى ئۆچمەس ئىزلىرىڭ.
كەلگۈسى نەۋرەڭگە بوپ قالسۇن ساۋاق،
بېشىڭدىن ئۆتكۈزگەن يازۇ قىشلىرىڭ.

كىمگىدۇر بەك قىسقا، كىمگىدۇر ئۇزۇن،
چەكلىك ئۆمۈرنىڭ بۇ مۇساپىسى.
كىمنىڭدۇ مەزمۇنلۇق، كىمنىڭ پۇشايمان،
پۈتۈلگەن ھەر ياڭزا ھاياتنامىسى.

كىمگىدۇر ناۋاتتەك، كىمگىدۇر ئاچچىق،
ھاياتنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغىنى.
سۈتتەك ئاق، ناندىن پاك سانار ئۆزىنى،
ئاشكارا تۇرسىمۇ، خاتا قىلغىنى.

كۈن— ئۆمۈر كىتابىمدىن ئاپپاق بىر ۋاراق،
تۈن— ئۆمۈر كۆچتىمنىڭ قارا سايىسى.

## 80 داۋان قالدى ئارقامدا

80 قىش-ياز، 80 داۋان قالدى ئارقامدا،
مەن ئۆزۈمنى يەنىلا ياپيېشىل سانايمەن.
«ھايات دېگەن ھەرىكەتتە» دېگەن ئاتىلار،
ھەر ئىزىمدىن بەرىكەت تېپىپ ئەركىن ياشايمەن.

لۇغىتىمدە ئۇچرىماس «ھاردىم» دېگەن سۆز،
چۆلدە يۈرسەم قۇم ئىچىدىن ئالتۇن تاسقايمەن.
بۇركۇت قونغان چوققىلاردىن ئالدىم خۇشال زوق،
شېرىن تاتلىق بۇلاقلارنى ئىچىپ قانمايمەن.
ھەر زەپەرنىڭ ۋىسالىنى دەيمەن ئامرىقىم،
سەيلە قىلىپ بۇلۇتلارنى مىنىپ يايرايمەن.
قايناق تۇرمۇش دېڭىزىغا شۇڭغۇپ غەۋۋاستەك،
يۇرت ئىچىگە ئۈنچە چېچىپ سەپەر باشلايمەن.


80 قىش-ياز، 80 داۋان قالدى ئارقامدا،
جاسارەت، روھ ھېلھەم تۈيغۇ-تۇرقۇمدا.
غەيرىتىم زور، مەن ئۆتىمەن 80 ئۆتكەلدىن،
كۆرۈڭ دوستلار، مېنى شۇ چاغ جەڭدە—قايىنامدا.

مەن دۇنيادا ياشاپتىمەن ئىككى 40 يىل،
ياشىغۇم بار، مېنىڭ يەنە ئىككى سەكسەن يىل!
تومۇرۇمدا ئەجدادلارنىڭ قانلىرى ئۈزەر،
گۇۋاھ ئاڭا ئۆسكەن يۇرتۇم، مەن سۆزلىگەن تىل.

مەن سۆيىمەن ئانا تىلىم، ئانا ۋەتەننى،
مەدھىيەلەيمەن ئۆمۈرۋايەت باغ-گۈلشەننى.
پەرۋىشىم، مەنزىلىمدە زەپەرلەر قۇچۇپ،
تەبرىكلەيمەن ھەر يېڭى يىل، يېڭى كۆكلەمنى!

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**





# تىترەك

(ھېكايە)

مەمتىلى ھېلىم

بۇگۈن چاڭ ـ توزانلىق بىر كۈن بولغانىدى. توپا يەردىنمۇ ئۆرلەيتتى، ئاسماندىنمۇ ياغاتتى. كۈچىيىپ چىقىۋاتقان شامال ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قۇيۇنتازلارنى پەيدا قىلىپ قوياتتى. تۇتۇق ھاۋادا توزۇپ تۇرغان توزانلار گويا ئاسمان بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنى قۇياش نۇرىدىن مەڭگۈگە جۇدا قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ تۇتەك باسقان جاھان ئىنساننى شۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرمەيمۇ قويمايتتى. شۇ تاپتا كاللامدا قاچان كىتابخانىغا بېرىۋېلىش خىيالى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بېرىۋالساملا بۇ ئۆلگۈر چاڭ ـ توزاندىن ۋە ئۇنى يۈز ـ كۆزلىرىمگە ئۇرۇۋاتقان شامالدىن ھەر ھالدا قۇتۇلغان بولاتتىم. بۇنى ئويلاپ قېلىشىمغا كۆزۈمگە كىرىپ كېتىۋاتقان توپا، كۈچلۈك شامالدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قىسىلىۋاتقان نەپىسىم مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. مەن يەنە شامالنىڭ نەدىن چىقىپ، مۇنچە توزان پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر ئاز خىيال سۈرۈپ قالدىم. ئەسلىدە بۇنى ئويلاپ يۈرۈشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوقىدى، لېكىن مۇشۇ ئەسنادا ئويلاشنى مۇقەددەس بۇرچۇمدەكلا ھېس قىلدىم. شامالنىڭ ھاۋا ھەرىكىتىدىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى تەپەككۇرۇم ئاخىرى يەشتى. شۇئا كىشىلەرنىڭ «ھاۋا رايىدىن مەلۇمات»قا بارغانسېرى قىزىقىدىغان بولۇپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھاۋانىڭ رايىغا ۋە شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شامال كۆھقاپ دېگەن يەردىن چىقارمىش. «كۆھقاپ»نىڭ مەنىسى «تاغدەك تاغار»مۇ ياكى ئۇنىڭدىن بۆلەك ئالاھىدە بىر مەنىسى بارمۇ، بۇنى ئىنچىكىلەشكە مېكەمنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. كۆھقاپنىڭ ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ ھەم سۈرلۈك بولغان بىلەن ئۇنىڭ روجەكلىرىدىن قۇياشنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرارمىش... ئادەمئاتىنىڭ ھەيكىلىنى ياساشتا لايغا ھەقنىڭ مەرھەمىتى ۋە مۇھەببىتى شامالدىن شامالنىمۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرغانمىش. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنى يارىتىشتا روھنى شامالدىن ئالغان ۋە ئۇنى ئالەمنى غايىبتىن ئۆزىگە بەندىچىلىك قىلىشقا قويغانمىش. شۇئا شامالنىڭ كۈچىنى قەتئىي سەل چاغلاشقا بولمىغۇدەك، تېخىمۇ خەتەرلىكى شامال دارىپ قېلىش! شامال دارىپ قالغاندا تۇغ باغلاپ پىرە ئوينىتىپ، چاپلاشقان جىننى قوغلاشقا توغرا كېلىدۇ. جىن چىقىپ كەتسە، چىقىپ كەتتى، بولمىسا ئادەم ساراڭ بولۇپ كېتىدىغان گەپ! خۇدا ساقلىسۇن، شامال دارىپ قېلىشتىن... مەن شامال ھەققىدە شۇنداق تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇشۇمغا ئالدىمدا تۇيۇقسىز بىر قۇيۇن پەيدا بولۇپ، روھىمنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. كىملەردىندۇر: «قۇيۇن ئىچىدە

تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

قالغان كىشى ئالجىپ قالارمىش، چۈنكى، ئۇنىڭدا جىن بارمىش» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، قۇيۇن كىچىك هالدا بىر هازا پىرقىراپ، ئاستا ـ ئاستا سۇرۇلۇپ غايىب بولدى. كۆز ئالدىمدا يەنە شۇ توپا ـ توزان ئىچىدە قالغان گىرىمسەن بىر دۇنيا روھىمنى چالغىتىپ تىترەپ تۇراتتى.

كىتابخانا تەرەپكە ئۆتىدىغان يولغا ئاخىرى كېلىۋالدىم. ئۇياققا ئۆتۈش ئۈچۈن چوڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۆتۈش يولىدا «قىزىل چىراغ» بولمىسىمۇ، پىيادىلەرنىڭ ئۆتۈشىگە بىخەتەر بولسۇن ئۈچۈن ئالا سىزىق بار ئىدى. گاهى كۈنلىرى ئاشۇ ئالا سىزىق هاياتىمنىڭ ئامانلىقىنى مەڭگۈ كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ دىققەت قىلماي بولمايتتى، چۈنكى، «يېشىل چىراغ»قىلا كۆنۈپ قالغان تەلۋە شوپۇرلار هامان مەۋجۇت ئىدى.

... ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن ئوڭ تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىغا قارىغانىدىم. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتاتتى. ياق، قەلبى بىلەن... ئۇ قەھرىتان سوغۇقتىمۇ، تومۇز ئىسسىقتىمۇ يەنە شۇنداق يەر سۈپۈرەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ روھ مېنى سۆيۈندۈرۈش مەنزىلىگە يېتەكلەپ كېتەتتى. ئۇ شامالنىڭ ئەخلەت ـ چاۋارلارنى سۈپۈرگەن يېرىگە يەنە ئەكېلىپ قويۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەك هالدا كەينىگە قايرىلىپ سۈپۈرۈۋاتاتتى. سىرىق چاپىنى ئۇنىڭغا خېلىلا چوڭ كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ چاققانلىقىغا هەرگىز دەخلى قىلالمايتتى. ئۇ مۇھەببەتلىك ئادەمنىڭ كۆزىگە بۇ دۇنياغا زېمىننىڭ يۈزىنى ئېچىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، قولىدىكى سۈپۈرگىسى ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن تاللىۋالغان بىردىنبىر پاكلىق قورالىدەك، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغاندەك تۇيغۇنى بېرەتتى. ئۇنىڭ بوشىشىپ بىرەر قېتىم سۈپۈرگىنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ قالغىنىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇنىڭ قولى هامان هەرىكەتتە ئىدى. ئۇ مۇھەببىتىنى ئاشۇ يولغا چاچاتتى. بەختىنى ئادەملەرنىڭ پاكىز، ئازادە يولدا تاراقلىشىپ ماڭغىنىدىن تاپاتتى. شۇ ئەسنادا بۇرما شەكىلدە پىرقىراپ چىققان قۇيۇن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە پەيدا بولۇپ، يەنە تېزلا غايىب بولدى. ئۇ كەينىگە يەنە بۇرۇلۇپ قەغەز پارچىلىرىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولدۇم ـ يۇ، بىراق ئارقىدىنلا بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى ئۇ ماڭا قارىماق تۈگۈل، مەندىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. يەنى مېنى كۆرگەن هامان بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالاتتى ياكى ئارىلىقىمىزنى يىراقلاشتۇرۇپ، سۈپۈرۈشنى داۋام قىلاتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ، پەقەت چۈشەنگىنىم «خىجىل بولۇش»لا ئىدى... ئۇ قىلغان ئىشىدىن خىجىل بولۇۋاتامدۇ ياكى بۇنىڭدا ئالاهىدە بىر سەۋەب بارمۇ، بۇنى بىلمىدىم. بىر كۈنى مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، بىر كىشى ئۇ سۈپۈرگەن جايغا مۇز كالتەك شۆپۈكنى تاشلىدى. ئۇ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەپ خاپا بولۇپ كەتتى. شۆپۈك تاشلىغۇچى ئۇنىڭغا گۆلىيىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى. مەن قەدىمىمنى ئىتتىكلىتىپ ئۇلار يېنىغا باردىم ـ دە، شۆپۈك تاشلىغۇچىغا: «بىر ئادەم بىزنىڭ پاكىز يولدا مېڭىشىمىز ئۈچۈن ئەمگەك قىلىۋاتسا، سەن ئۇنىڭ ئەجرىگە خىيانەت قىلساڭ بولامدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ مېنىڭ يامانلاشقان ئەلپازىمدىن قورقتىمۇ، قانداق، ئاستا كېتىپ قالدى. مەن بۇرۇلۇپ يېنىمغا قارىسام، ئۇ ماڭا كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلكىسىدىن ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بەختلىك هېس قىلدىم. مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا خالتىغا قەغەز پارچىلىرىنى ۋە هەرخىل يېمەكلىك خالتىلىرىنى تېرىپ سېلىۋاتاتتى. پاكىزلىقنى ئۇ ئۆزىگە مەڭگۈلۈك هەمراھ قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈلگەن توم قارا چاچلىرى بېلىدە ئوينىاپ تۇراتتى. ئاشۇ ئىككى ئۆرۈلگەن چېچىغا قارىسام قارىغۇم كېلەتتى هەم ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك هېس قىلاتتىم. چۈنكى ئۇنداق چاچلارنى ئۇچرىتىش بۇ كۈنلەردە قىيىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تولۇقسىزدا بىللە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا تولىمۇ خىجىلچان ئىدى. ئۇنىڭ قارا، يوغان كۆزلىرى هامان نومۇسچان هالەتتە يەر باقاتتى. ئۇنىڭ ياغلىقى ئىچىدىن شاخلاپ چىققان، توم قىلىپ بىر ئۆرۈۋالغان قاپقارا، يىرىك چېچى تېقىمىدىن هالقىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ بىرەر قېتىم بىرەر ئوغۇل بالىغا تىكىلىپ قارىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇ هېلى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ناهايىتى ئاۋايلاپ ماڭاتتى. مەن بىلەن ئوقۇغان ئۈچ يىلدا ئۇنىڭ ئۈچىسىدا «پاللىدە» يورۇغان كىيىمنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ پاكىز هەم رەتلىك يۈرەتتى. پېشانىسىنىڭ تاق ئوتتۇرىسىدىن باشلانغان چېچى هامان پارقىراق هالەتتە ئىدى. قارا، كەڭرەك كەلگەن قوشۇما قاشلىرىمۇ ئۇنىڭغا بىر خىل نازاكەتلىك بېغىشلايتتى. شۇنىڭغا هەيرانمەنكى، سىنىپىمىزدىكى كەپسىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا پېتىنىپ

چاقچاق قىلالمايتتى. پەقەت: «نىيازخان ئەجەب سۇرلۇك ـ ھە، ئادەمگە بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويايمۇ دېمەيدۇ» دەپ قوياتتى.

توپا يەنىلا يېغىۋاتاتتى. شامال دەرەخ شاخلىرىدا ئۆچى باردەك ئۇنى زەردە بىلەن سىلكىپ ئۆتمەكتە ئىدى. نىيازخان يولنى سۈپۈرۈپ، مەن تۇرغان يەردىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇنىڭ قولىدا چوڭ سۈپۈرگىسى بولمىسا، شامال ئۇنى قەيەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. مەن كىتابخانىغا بارمىسام بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ، چوڭ كوچىدىن ئىككى تەرەپكە ئىتتىك ـ ئىتتىك قاراپ قويۇپ، ئۆتۈپ كەتتىم. شامال ماڭا قارشى ھالدا ئۇرۇلۇپ، نەپەس ئېلىشىمنىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئاسماننىڭ يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك يېرىدىن بولسىمۇ، كۆڭۈلگە شادىمان ئېقىپ كىرىدىغان يورۇقلۇقنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپ كۆزۈمگە جەسەتتەكلا كۆرۈنۈۋاتاتتى. بۇنىڭدىن پەرىشان بولغان كۆڭلۈم ئۆلۈم چىراي كەچ كۈز پەسلىگە سىڭىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەلكىم كىتابخانىغا بېرىۋالسام، ھەرھالدا تىنچ بىر مۇھىتقا ئېرىشىپ قېلىشىم مۇمكىن.

بۈگۈن كىشىلەر ھاۋانىڭ يامان ئەلپازىدىن قورقتىمۇ ياكى سۆلەتلىك ھالىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، ئىشقىلىپ كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. تۈتەك باسقان يېقىمسىز ھاۋا كۆز ئالدىمدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ بىخ چىقىرىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندەك ھالەتتە ئىدى. بەلكىم ئۇلار قىش بويى ئاجايىپ ئارمانلارنى قىلىشقان بولغىيتتى ـ ھە! ئۇنىڭ شېخىغا قونۇۋالغان ئىسلاپ كەتكەن قۇشقاچلارمۇ غېرىبلىق ئىلكىدە تەۋرىنىۋاتاتتى. ئۇلار بەلكىم ھەر كۈنى كەچ يېشىل بىر دۇنيانى چۈشەپ چىقىدىغاندۇ...

كىتابخانىغا كىرىپلا دىلىم سەل يورۇغاندەك بولۇپ قالدى. بۇ يەردە ئادەملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. پەقەت بىر چوكان پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزۈمگە بەكمۇ تونۇش چىراي بىلىندى، لېكىن خىيالىمدىكى «ئۇ»غا بۇ چوكان پەقەتلا ئوخشىمايۋاتاتتى. ئالدىمدىكى بۇ چوكان بولسا، ھاياتتا ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان كىشىدەك روھسىز ھەم چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. (شۇنداقتىمۇ يەنە بىر يەرلىرىدىن جۇشقۇنلۇق سۇس يېغىپ تۇراتتى) خىيالىمدىكىسى بولسا ئاجايىپ روھلۇق، مەردانە ھەم چىرايىدىن كۈلكە ئۆكسۈمەيدىغان بىرى ئىدى. تەپەككۇرۇم ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ ئاخىرى چارچىدى. يۈرىكىم سەل سىقىلغاندەك بولدى. ئۆزۈممۇ نېمىشقىدۇر جىددىيلەشكەندەك تۇيغۇدا بولدۇم. ئەمما زادى نېمىگە، نېمە ئۈچۈن جىددىيلەشكەنلىكىمنى شۇ ھامان ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئىشقىلىپ كەيپىياتىمدا بوراندا چايقالغان دېڭىزدەك ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتاتتى. كۆز قۇيرۇقۇمدا ئۇنىڭغا ھەربىر نۆۋەت قارىغىنىمدا، تونۇش بىر سىما كۈلۈپ تۇرۇپ، روھىمغا ئۇۋۋا سالاتتى ـ يۇ، بىراق ئارقىدىنلا دەھشەتلىك بىر كەيپسىزلىك مەۋج ئۇراتتى. يۈرىكىم شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كېتەتتى. ئۆتكەندە بىر كىشىنى بىر تونۇشۇمغا ئوخشىتىپ، دولىسىغا: «بۇرادەر!» دەپ «پاققىدە» بىرنى ئۇرۇپتىمەن، ئۇ كىشى كەينىگە ئۆرۈلۈپ: «كىم سېنىڭ بۇرادىرىڭكەن، ساراڭمۇ نېمە بۇ؟!» دەپ ماڭا خېلى كايىپ كەتكەنىدى. مەن نېمە قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغانىدىم. ئەسلىدە چۈشەنسە ئۇمۇ مېنىڭ بۇرادىرىم ئىدى. چۈنكى ھەممىمىز بىر دەرەخنىڭ شاخلىرى ئەمەسمۇ؟ شۇ، بىرەر قېتىم ھەمسۆھبەتتە بولمىغان ۋە بىر چىمدىم تۇزنى بىرگە يېمىگەنلا يېرىمىز بار...

ئۇ بىر كىتابنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۇنى ئورنىغا قويۇپ قويدى ـ دە، يەنە بىر كىتابقا قول ئۇزاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ئۆزىگە لازىملىق كىتابلارنى جىددىي ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى ئويلاپ قالدىم. ئەمما ياخشى نىيىتىمنى ئۇنىڭغا قانداق ئېيتىشنى بىلەلمىدىم. بۇنى ئېيتماق راستىنىلا مۇشكۈل ئىدى. مەن ئەگەر: «سىزگە كىتاب تاللىشىپ بېرەيمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «ھاجەت ئەمەس، ئۆزۈم تاللىيالايمەن» دېسە، نېمە دېگۈلۈك... ئادەملەر ئارىسىدا مانا مۇشۇنداق دېيىش قىيىن بولغان ئەزگۈ كۆڭۈل سۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلىساملا، ئۆزۈمنى ئىنسانلاردىن بارا ـ بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ توپقا قېتىلىش سالاھىيىتىم يىمىرىلگەندەك مۇڭلۇق ھېسلارغا چۆمۈلىمەن. چۈنكى مەن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇمنى ئاشۇ ئادەملەر بىلەن قوشۇپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كۈن مېنىڭ چەكسىز غېرىبلىقىمنىڭ باشلانغان كۈنى! شۇڭا گاھىدا بىرەرى تەرىپىدىن ئالدانسام ياكى تۆھمەتكە ئۇچرىسام شۇ قەدەر ئازابلىنىپ، ئۆزۈمنى ئوت ئىچىدە قالغاندەك سېزىمدە بولىمەن. بىر دەرەخنىڭ شاخلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلامدۇ؟!

ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقىم بىر چامداملا

قالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى بولۇپ، ئېغىزىمنى ئۇمەللىدىم، ئەپسۇس، ئاۋاز پەردەمدىن ئېغىز چاتاق چىققاندەك ھېچ بىر تاۋۇش چىقىرالمىدىم. بەلكى ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە تىكىلىپ قاراپلا قالدىم. ئۇ بىر كىتابنى كۆرۈپ، ئۆزى ئىزدەۋاتقان كىتاب بولمىسا كېرەك، ئۇنى يەنە ئاۋايلاپ ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويدى. ئۇ يەنە بىر كىتابنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى بەكمۇ يېنىك ھەم جانسىز ئىدى... تۇيغۇلىرىم مېنى ئالداۋاتىدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، نېمىشقا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ، تونۇشلۇق بېرىپ باقمايمەن، مۇشۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ماڭا شۇنداقلا قاراپ قالدى-دە، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچالمىدى. لەۋلىرى بىلىنەرلىك تىترەپ، مۇڭلۇق ھەم ھەسرەت قايناپ تۇرغان كۆزلىرى سەل كۈلگەندەك قىلدى. ئىنچىكە قېشى ئىختىيارسىز يىمىرىلىپ كەتتى. ئۇ ئېغىزىنى ئۇمەللىتىپ، بىر ھازادىن كېيىن ئاخىرى تاۋۇش چىقاردى.

— سەن جەسۇرغۇ؟

— ھە...

— كۆرۈشمىگەنگە ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. قانداقراق تۇردۇڭ؟

— ياخشى، سەنچۇ؟ سەن خەيرىگۇل...— سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم. بەلكىم «تونۇيالمايلا قاپتىمەن، ئۆزگىرىپ كېتىپسەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىم مۇمكىن ئىدى.

— مەنمۇ ياخشى تۇردۇم. مېنى تونۇيالماي قالدىڭمۇ؟— ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ، بوغۇلۇپ چىقتى.

— ئوخشىتىمەن، يەنە ئەمەستەك... كۆرۈشمىگەنگە ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟— مەن دېيىشكە ئورۇنلۇق سۆز تاپالمىدىم. چۈنكى، تەپەككۇرۇم چېچىلىپ كەتكەنىدى.

— كىتابخانىغا بىر نەچچە پارچە كىتاب ئالاي دەپ كىرگەن، ئاپام ئاغرىق ئىدى، شۇ ئاپامغا قارىغاچ كىتاب ئوقۇي دەپ، سەنچۇ؟ ئىشلەۋاتامسەن؟— ئۇنىڭ زەئىپ ئاۋازى يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرىپ، ۋۇجۇدۇمنى مىسكىنلىك شامىلىدا يەلپۈپ ئۆتتى.

— ھەئە، ئىشلەپ، سەنچۇ؟— ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بىر نەچچە قوشما جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، ئورۇنلۇق گەپ قىلالمايۋاتقانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتاتتىم.

— مەن ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولدۇم،— ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا، چىرايىغا بىر ئاز قىزىللىق يۈگۈردى. (مەن ئۇنى «خىجىللىق پەردىسى» دەپ چۈشەندىم.) كۆزلىرى كۈچلۈك بىر نۇرغا دۇچ كەلگەندەك چىمىلداپ كەتتى. لەۋلىرى يەنە بىلىنەرلىك تىترىدى.

— مەن ساڭا كىتاب تاللىشىپ بېرەيمۇ؟— دېدىم ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى ئازراق بولسىمۇ خالاس قىلىش ئۈچۈن.

— بولىدۇ، قارا، بۇنىڭدەك كىتابلارنى تاللاپ بەرسەڭ بولىدى،— ئۇنىڭ پۇت-قولىغا قايتىدىن جان كىرگەندەك بىردىنلا جانلاندى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى پەقەت بىلەلمىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوسال كەيپىياتى نېمە ئۈچۈن كىتابخانىغا كەلگەنلىكىمنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىپ باراتتى.

ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇ شەيخ سەئىدىنىڭ: «گۈلىستان» دېگەن كىتابى ئىكەن. مەن ئۇ خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ئۇ كەينىمدىن ماڭا ئەگىشىپ يۈرۈۋاتاتتى. بەزى كىتابلارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ كېتەتتىم. ئۇ سۆزۈمنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. بۇ كۆرۈنۈش ماڭا بەكمۇ تەسىرلىك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئەتراپقا پات-پات ئەنسىز قاراپ قوياتتى ھەم مەندىن بىر نەچچە مىنۇت يىراقلىشىپ، يەنە ھايالشمايلا يېنىمدا پەيدا بولۇپ، گېپىمنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك سىياقتا كىرىۋالاتتى.

— قانچە بالاڭ بار؟— دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئالدىغان كىتابلارنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن.

— بالام يوق، خۇدايىم ماڭا بالا بەرمىدى،— دېدى ئۇ قايغۇلۇق بىر ئاھاڭدا،— سېنىڭچۇ؟

— ئىككى بالام بار. ئېرىڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟— دېدىم ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىگە تىترەپ تۇرغان قەلبىمدىن قاراپ.

— بىز توي قىلىپ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىنلا ئاجرىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن توي قىلمىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا خالىمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ،— ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چەكسىز بىر ھەسرەتكە قوشۇلۇپ ئېيتىلغان بۇ سۆزى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى.

— «تۇل خوتۇن، گۇل خوتۇن» بولۇپ ئولتۇرۇپسەن-دە،— دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن زورىغا كۈلۈپ قويۇپ. بۇ كۈلكەم ئۆزۈمگە شۇ قەدەر تېتىقسىزدەك تۇيۇلدى.

ئۇ سۇس كۈلۈپ قويۇپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلاشنى

خالىماي، كىتاب جاۋىنىدىن ئالغان بىر كىتابنى ۋاراقلاپ سوكۇتتە تۇردۇم.

— مەن قايتاي، كىتاب تاللىشىپ بەرگىنىڭگە رەھمەت،— دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا مېڭىشقا ئالدىراپ.

— مەنمۇ كېتىمەن، يەنە بىللە چىقايلى...— مەن ئالماقچى بولغان كىتابنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. خىيالىمغا خەيرىگۇل ياخشى يېزىلغان بىر كىتاب بولۇپ كىرىۋالغانىدى. مەن ئۇنى ئوقۇۋاتاتتىم.

— ئۇنداق بولسا، سەن ئالدىمدا چىقىۋەر...

— نېمىشقا ئەمدى؟— ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولدۇم.

— ئايالىڭ كۆرۈپ قالسا، بىزنى يەنە خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەيمەن،— دېدى ئۇ ماڭا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ. ئۇنىڭ قارىشىدىن مېڭەمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

— خاتا چۈشەنمەيدۇ، ئايالىم ئۇنچىۋالا بىغەرەز ھەم قورسىقى تارلاردىن ئەمەس...

— ئەمسە مەيلى...— ئۇنىڭ يەنە مەن بىلەن بىللە ماڭغۇسى يوقتەك قىلاتتى. بۇنى ئۇنىڭ كەينىگە تارتىنىپ-تارتىنىپ ئاخىرى ماڭا ئەگەشكىنىدىن بىلدىم.

ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ، تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان مەردانە، شوخ، تىمەن چاغلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمەيۋاتاتتىم. بۇنى ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولدۇم-يۇ، لېكىن تىلىم بارمىدى. خەيرىگۇل سىنىپىمىزنىڭ تەنتەربىيە باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەڭ كەپسىز باللارمۇ بويسۇناتتى. ئەگەر كىم بويۇنتاۋلۇق قىلسا، خەيرىگۇلنىڭ كۆزگە تىكىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئاچچىق گەپلىرىدىن ئەسلا قۇتۇلالمايتتى. ئۇ ئادەتتە گۇپۇلدەپ دەسسەپ ئوغۇل باللاردەك يۈرەتتى ھەم سىنىپتىكى ھەممە ئوغۇللارنى «سەن»لەپ گەپ قىلاتتى. لېكىن ئوقۇتقۇچىلارغا ھەرگىزمۇ يېنىپ سالمايتتى. ئوقۇتقۇچىلارغا يانغان بەزى باللارغا: «سەنمۇ ئوغۇل بالا بولامسەن؟ ئوقۇتقۇچى سېنى يامان ئادەم بولسۇن دەمدۇ، گېپىڭ بولسا، ماڭا قىلە» دەپ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قوللىرىنى كەلسە-كەلمەس شىلتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇنى بىر قىسىم باللار «ئەركەكزەدەك» دەپ پىچىرلىشاتتى. ئۇ يىلدا بىر كېلىدىغان «تەنھەرىكەت يىغىنى» بولغاندا ئالاھىدە جانلىنىپ، سىنىپتىكىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەرلىك قىلاتتى. بۇنداق چاغدا كىمكى مۇسابىقىگە چۈشكەنلەرگە مەدەت بەرمىسە ياكى ئاكتىپ ھالەتتە بولمىسا، ئۇ چېچىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۆزى ھەرقايسى يۈگۈرۈش تۈرلىرىدە بىرىنچىلىكنى قەتئىي قولدىن بەرمەيتتى.

مەن بەش يېشىمدىلا مەكتەپكە كىرگەچكە، باشقا ساۋاقداشلىرىمدىن كىچىك ئىدىم. شۇڭا كەپسىز باللار مېنى بوزەك قىلىشقا ئىنتىلىپلا تۇراتتى ھەم گاھى چاغلاردا بوزەك قىلىپمۇ ئۈلگۈرەتتى. بۇنىڭدىن شۇنچىلىك خورلۇق ھېس قىلسامۇ، ئەمما ئۇلارغا كۈچۈم يەتمىگەچكە، چىشىمنى چىشلەپ، ئۇلارنىڭ بوزەك قىلىشلىرىغا چىداشقا مەجبۇر بولاتتىم. بىر قېتىم خال تۆگە دېگەن بالىنىڭ دادام يېڭىلا ئېلىپ بەرگەن قۇلاقچامنى بۇلۇڭدىكى خىش بىلەن چۆرگىلىتىپ توسۇپ قويۇلغان كۆمۈر ئۇستىگە تاشلىۋېتىشى مېنى ئاچچىق يۇتقۇزدى. چۈنكى، دادام ئۇنى ماڭا ئوتتۇن ساتقان پۇلىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، مۇشتۇمدەك خىش پارچىسى بىلەن خال تۆگىنىڭ بېشىغا سالدىم. شۇ ھامان ئۇنىڭ چېكىسىدىن قان سىرغىپ چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ تېنىمگە قورقۇنچ ياماشتى. خال تۆگە قولى بىلەن پېشانىسىنى سىلىدى-دە، قاننى كۆرۈپ: «ۋۇ ئاناڭنى!» دەپ ماڭا ئېتىلىپ كېلىپ، گېلىمنى سىقىۋالدى. شۇ ئارىدا خەيرىگۇل يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى گېلىمدىن ئاجرىتىپ: «ھەي لاتا، سېنىڭ نەرىڭ ئوغۇل بالا! ئاشۇ تۆگىدەك بويۇڭ بىلەن ئۆزۈڭدىن كىچىك بالىنىمۇ بوزەك قىلىشتىن ئۇيالمامسەن؟ ئۇرۇشقۇڭ بەك بولسا، مەن بىلەن ئۇرۇش! قىز بالا بولساممۇ، سەندەك تۆگىنىڭ ماڭقىسىنى چۇۋۇۋېتىمەن!» دېدى. خال تۆگە ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن سىزگە بىر نېمە دېدىممۇ؟ ئۇنىڭغا شۇنچە كۆيۈنگۈدەك نېمىڭىز ئىدى؟» دەپ خەيرىگۇلگە گۆلەيدى. خەيرىگۇل ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان قاننى قول ياغلىقى بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتتى ۋە: «ئۇ مېنىڭ ئۇكام بولىدۇ. سەن تولا سۆزلىمەي، ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن، بۇنچىلىك ئىشقا چىداپ، تالاغا چىقىپ، قاردا پېشانەڭدىكى قاننى تازىلىۋېتىپ كىر، ئاندىن باشقا گەپنى دېيىشەيلى! راست، بۇ ئىشنى ھېچكىم ئوقۇتقۇچىغا دېگۈچى بولمىسۇن!» دېدى. تەلىيىمگە ۋەقە يۈز بەرگەن دەرس سائىتىدە ئوقۇتقۇچى كىرمىدى. ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىلغان بولدى، ئەمما، خال تۆگە پۇرسەت تېپىپ مەندىن ئۆچ ئېلىشنىڭلا قەستىدە يۈرەتتى. بۇنى بىلگەن خەيرىگۇل ئانا مېكىيان چۈجىلىرىنى قوغدىغاندەك مېنى ھەرۋاقىت ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۇيۇقسىز «ھۇجۇم» قىلىشىدىن، ئانىي

تېپىشىدىن قوغدىدى. بۇ ئىش تاكى تولۇقسىزنى پۈتكۈزگىچە داۋام قىلدى. بەزىلەرنىڭ خەيرىگۈلگە چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، بىزدىن بىر قارار يۇقىرى يىللىقتا ئوقۇيدىغان ئاكىسىنىڭ مەكتەپتە خېلى «نام»ى بولغانلىقىدىن ئىدى. مەن ئۆرلەپ ئوقۇپ كەتتىم، نىيازخان، خەيرىگۈل، خال تۆگىلەر مەكتەپتىن تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا چېكىندى. بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋال خال تۆگە هاراقتىن زەهەرلىنىپ، باقىيغا سەپەر قىلدى. مەن ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ باردىم. ئاشۇ چاغدا كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەنلىكىنى سەزمەيلا قالغانىدىم. شۇ كۈنى شامال قاتتىق چىقىپ، توپا توزۇتۇپ تۇرغان سەت بىر كۈن بولغانىدى.

— سىرتتا توپا يېغىۋاتىدۇ. شامالمۇ خېلى قاتتىق چىقىۋاتىدۇ،— دېدىم كىتابخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

— توپان بالاسى بولسىمۇ، پەرۋايىم پەلەك...— دېدى ئۇ ماڭا قارىماستىنلا.

بىز سىرتقا چىقتۇق. يېقىمسىز بىر هاۋا بىزنى سوغۇق كۈتۈۋالدى. شامال خەيرىگۈلنىڭ خۇنۇك كالتە چاچلىرىنى يىرىك قوللىرىدا تاراپ ئۆتتى. ئۇ ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ، ماڭا قاردى ۋە زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن سەن بىلەن كۆرۈشۈپ خېلى كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى، سەن ئاۋاق هېچقانچە ئۆزگەرمەپسەن، ئەمما مەن قېرىپ كەتتىم...

— ئانچىمۇ ئەمەسقۇ؟ بەلكىم ئۆزۈڭنى شۇنداق هېس قىلىۋاتقانسەن، ئۇ سېنىڭ تۇيغۇڭدىكى خاتالىق، ئاينا، بىر چىرايلىق پارقىراپ تۇرماسەن.

— كۆڭلۈمنى ياسىما بولدى، مەن يالغان هەم ياسالما سۆزگە ئۆچ!

شۇ ئەسنادا بىرى مېنى چاقىرىپ قالدى. مەن ئانچە ـ مۇنچە ئۈچرىشىپ قالغاندا، باش لىڭشىتىپ قويۇشىدىغان بۇ ئىنساننىڭ مېنى نېمىگە چاقىرتقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىدىم.

— بىرەر مۇهىم ئىشىڭ بارمىدى؟— دېدىم سالام ـ سەهەت قىلىشقاندىن كېيىن.

— ياق، بىر ئىشنى دەپ قوياي دەپ شۇ...— دېدى ئۇ سوغۇق ھجىيىپ.

— ئەمسە دېگىن...

— ئالدىراپ كېتىۋاتامسەن؟ ساڭا پايدىلىق گەپ جۇمۇ بۇ، قارا، ئاۋۇ خەيرىگۈل ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ، دىققەت قىل جۇمۇ؟ كېسىلى يۇقۇپ قالمىسۇن! ئۆزىنى تۇتالماي قالغان، ئاخىرى خۇلاسىسى چىقىپتۇ

مانا.

— دېمەكچى بولغىنىڭ شۇمۇ؟— ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر سەل غەزىپىم كەلدى.

— هەئە... شۇ تاپتا كۆزۈڭگە هېچنەرسە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ ـ هە... بوپتۇ، ئۆزۈڭ بىل!— ئۇ شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ دېمىسىمۇ خەيرىگۈلنىڭ بىر قىسىم «ئىشلىرى»دىن هەرهالدا خەۋىرىم بار ئىدى، ئەمما كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىم راستىنلا يوق ئىدى.

كەينىمگە بۇرۇلۇپ، بايا بىز تۇرغان ئورۇنغا قارىسام، خەيرىگۈل يوق تۇراتتى. ئەتراپقا ئىنتىك قارىدىم. ئۇ شەرق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. شامال ئۇنىڭغا قارشى چىقىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىمگە بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە قالغان بىر ئىنساندەك شۇ قەدەر غېرىب هەم شۇ قەدەر بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن سەلدىن كېيىنلا بۇ خىل تۇيغۇم قەلب ئاسمىنىمدىن تاراپ، ئازادە بىر كەيپىياتتا بولدۇم. خۇددى قاراڭغۇ بىر دۇنيادىن يورۇق بىر دۇنياغا چىققاندەكلا... ئۇ هېچ تەرەپكە قارىماي ئۇدۇل كېتىۋاتاتتى. بۇرما شەكىلدە پىرقىراپ چىققان قۇيۇن ئۇنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. يۈرىكىم ئەنسىز ئاغدى. بىراق ئۇ چاققان كېلىپ، قۇيۇندىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇنىڭ قۇيۇن ئىچىدە قالمىغانلىقىدىن دىلىم «ۋاللىدە» يورۇغاندەك بولدى. ئۇ مېنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئانا مېكىيان چۈجىلىرىنى يامان كۆزلەردىن قوغداپ، قانات ئاستىغا ئالغاندەك بىر قىسىم باللارنىڭ ئاني تېپىشىدىن قوغدىغانىدى، ئەپسۇس، مەن ئۇنى هايات دوقاللىرىدا قوغدىيالماي قالدىم. بۇ ئۆكۈنۈش پۈتۈنلەي كېچىكىش بىلەن تولغانىدى... خەيرىگۈلنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك غايىب بولۇشى بىلەن تەڭ ئاچچىق بىر تىترەك روهىمغا سوقۇنۇپ كىرىشكە ئۇرۇندى. ئۇ تىركىشىپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى قېتىم ئاخىرى روهىمغا ئۇۋۇا سالدى ـ دە، ۋۇجۇدۇمنى ئېغىر چالغىتىۋەتتى. مەن ئىختىيارسىز مۇزدەك تىترەپ كەتتىم. شامال قۇلاق تۈۋىمدە غۇڭۇلدايتتى. شۇنداقتىمۇ كەيپىياتىم ئۈمىدۋار ئىدى. چۈنكى، خەيرىگۈل تۇمان ئىچىگە ئەمەس، بەلكى، يورۇق بىر دۇنيا قوينىغا كىرىپ كەتكەندەك تۇيغۇ مېنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

مۇھەررىرى: **ئىمرھەسەن مەخمۇت**

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011 - يىلى

ئابدۇرېشىد مۇھەممەتئىمىن

ئالدىنقى يىلى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىمىز ئەنۋەر ھوشۇر ئەپەندى ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىنىڭ نەزەرىيە ئۇستۇنلۇكىدە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر مۇلاھىزىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2010 - يىللىق نەتىجىسى، ئومۇمىي پەللىسى، سەۋىيەسى، يۈزلىنىشى، شۇنداقلا يېتەرسىز تەرەپلىرىنى مۇۋاپىق خۇلاسىلەپ چىققان «2010 - يىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەستىلىكلىرى» ناملىق تەتقىقات ئەسىرىنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 2 - سانىدا ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنغان ئىدى. بۇ خىل يىللىق خۇلاسە — ئەدەبىياتىمىزدىكى رېئال، تەخىرسىز مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سەۋىيەسىنى چۈشىنىش، ئۇنى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە توغرا يېتەكلەشتە ناھايىتى قىممەتلىك ئەلۋەتتە.

يېقىندا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇرچە تور بېكىتىدە «2011 - يىللىق ئەدەبىياتىمىزنى خۇلاسىلەڭ» دېگەن بىر تېما يوللىنىپ، توردىشلارنى 2011 - يىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھاسىلاتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ھېس قىلغانلىرى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىپ بېقىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مەن تېمىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئۆزۈمنىڭ 2011 - يىللىق ئوقۇرمەنلىك خاتىرىلىرىمنى ۋاراقلىدىم. ئۆزۈم ئوقۇغان، شۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى تىڭشىغان ئەسەرلەرگە؛ بىر يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات ساھەيىمىزدىكى قىزغىن ئەدەبىي پائالىيەتلەرگە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ بىر يىللىق يۈزلىنىشىگە نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. دەل شۇ ۋاقىتتا يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن تېلېفون كېلىپ، مېنىڭ مۇشۇ تېمىنى ئىشلەپ چىقىشىمنى ھاۋالە قىلدى. مۇشۇنداق تۈرتكە ۋە ئىلھام سەۋەبىدىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011 - يىلىغا باشقىچە مەسئۇلىيەت بىلەن يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتىم.

يېڭى كۆچ

«كۆيزار» يېڭى كۆچلەر ئەدەبىيات سالونى

## ئەدەبىياتىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي پائالىيەتلەر

2011 - يىلىدا ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىر قەدەر كۆپەيگەن، جانلىق ئېلىپ بېرىلغان بىر يىل بولدى. يىل بېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى «ھايات كەچۈرمىشلىرىم ۋە ئەدەبىيات» تېمىسىدا ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن پائالىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باشلىدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشىدە «شىنجاڭ يازغۇچىلار لۇغىتى»نى تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى باشلاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «يازغۇچىلار لېكسىيەخانىسى» پائالىيىتى؛ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ «ئىجادىيەت، ماتېرىيال مەركىزى»دە ئۇيۇشتۇرۇلغان ياش شائىرلار، ئەدەبىي ئوبزورچىلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار كىتاب ئوقۇش كۇرسلىرى؛ شىمالىي شىنجاڭ ياش يازغۇچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش، تۇرمۇش ئۆگىنىش پائالىيىتى؛ «شەھەر ئەدەبىياتى» مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق ئەدەبىي پائالىيەتلەر، ئەدەبىيات قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ئېلىپ

بىرىلدى ياكى قوزغىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدىكى نەتىجە، تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، كەلگۈسى پىلانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يىغىننىڭ تۈرتكىسىدە يەنە شىنجاڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى؛ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي تەرجىمە ئالىي مۇھاكىمە سىنىپى»؛ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر قۇرۇلۇشى؛ 18-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى؛ ئەركىن روزى ئاخبارات مۇكاپاتى يىغىنى قاتارلىق مۇھىم ئەدەبىي پائالىيەتلەرمۇ روياپقا چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىبراھىم نىياز ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى»؛ «ئارسلان تالىپ ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى»؛ «ئالىمجان ئىسمائىل ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى»؛ «ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى»؛ «تارىم» ژۇرنىلى تۆھپىكار ئەدىبلەر ئۇچرىشىش يىغىنى؛ «تارىم سەپىرى» تۇرمۇش ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى قاتارلىق ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇچرىشىش، مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىمۇ بۇ يىلقى ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ جانلىق، مول، قىزغىن بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەدەبىي ئۇچرىشىشلار نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچى، قەلەمكەشلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىشكە پۇرسەت يارىتىلىپ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام، تۈرتكە بولدى.

## ئەدەبىياتىمىزدا يارالغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى

«باھادىرنامە قىزغىنلىقى» — 2011-يىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ بىر يىلدا ئەدەبىياتىمىزدىكى داۋالغۇش، ئۆزگىرىشلەرمۇ ئاز بولمىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جىمىپ قالغان ئوقۇرمەنلەر توپىمىزدا بۇ يىل «باھادىرنامە قىزغىنلىقى»نىڭ بارلىققا كېلىشى بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئىستېداتلىق ياش يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ 16-، 17-ئەسىر تارىخىمىزغا بېغىشلانغان ئالتە توملۇق تارىخىي رومانى «باھادىرنامە» نەشردىن چىقىپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تالىشىپ سېتىۋېلىشىغا، قىزغىن مۇنازىرىلەردە بولۇشىغا سەۋەب بولدى. مەزكۇر رومان گەرچە خېلى يۇقىرى باھادا بازارغا سېلىنغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ تۈگەپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا قايتىدىن بېسىلدى. رومان مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىلىشىدا ئاڭلىتىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى»، «سەنئەت گۈلزارى»، «بىر كىتاب — بىر ئالەم» (بۇ بىر پىروگراما 2012-يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان) قاتارلىق مەخسۇس پىروگراممىلىرىدا رومان ھەققىدە مەخسۇس تېلېۋىزىيە سۆھبەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرچە ھەرقايسى تور بېكەتلىرىدە قىزغىن بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى.

تور ئەدەبىياتىنىڭ قايتا جانلىنىشى — 2011-يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر قىزىق نۇقتا بەلكىم تور ئەدەبىياتىنىڭ قايتا جانلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. بىر مەزگىل شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى ئەدەبىيات تور بەتلىرى گاھ جىمىپ، گاھ جانلىنىپ تازا ئىزچىللىققا ئىگە بولالمىغانىدى. پەقەت «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئورگان تور بېتى بولغان «سەلتەنەت» تورى ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىدىكى بىر قەدەر ئىشەنچلىك سەھنە بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمما مەزكۇر تور بەت خىزمەت تور بېتى بولغاچقا، مۇنبەر ئاچمىغان بولۇپ، توردىكى قەلەمكەشلەرنىڭ ۋە توردىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. 2010-يىلى يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى «شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى» قۇرۇلۇپ، ناھايىتى تېزلا بىر تۈركۈم قەلەمكەشلەرنى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئەڭ يېڭى پائالىيەتلەر، ئەدەبىيات يىغىنلىرىنىڭ خەۋەرلىرى ئەڭ ئاۋۋال مەزكۇر تور ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى. «ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرغان ئون رومانغا بېلەت تاشلاش»، «مۇكاپاتلىق كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى»، «2011-يىللىق ئۆزى ياقتۇرغان ئەسەرلەرنى تاللاش» قاتارلىق ئەدەبىي پائالىيەتلەر توردا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، توردىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ئۆزىگە قىزىقتۇردى. قىسقا مۇددەت ئىچىدە تور بەتنىڭ تىزىملاتقان ئەزالىرى ئۈچ مىڭدىن ئېشىپ، يوللانغان ئەسەرلەر يەتتە مىڭ پارچىغا يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئايالLIرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» قاتارلىق نەشرىي ئەپكارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تور بەتلىرىنى

ئىشقا كىرىشتۇرۇپ، توردىن ئەسەر قوبۇل قىلىش، توردا ئەسەر ئېلان قىلىشقا يۈزلەندى. 2012 ـ يىلىغا قەدەم بېسىش بىلەن شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى مەخسۇس ئەدەبىيات تور بەتلىرى ۋە بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات بىلوگلىرىمۇ قۇرۇلۇپ مەلۇم تور يازغۇچىلىرىنى ۋە ئوقۇرمەنلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتى ئۈچۈن يېڭى سەھنە بولۇپ قالدى. ھەرقايسى تور بېكەتلەردە بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئىلكتابلار ۋە «خانتەڭرى تور ژۇرنىلى»، «تارىم دەرياسى تور ژۇرنىلى» قاتارلىقلار ئىشلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ياش، ئوتتۇرا ياش قەلەمكەشلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى دېگۈدەك تور ئەدەبىياتىغا يۈزلەندى. بۇ ياشلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە تىرىشچانلىقى ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى ۋە گۈللىنىشىنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە.

ئەدەبىياتىمىزدىكى ياش كۈچلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011 ـ يىلدىكى ئەدەبىيات ھادىسلىرىنىڭ يەنە بىرى سۈپىتىدە «ياش قەلەمكەشلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى»نىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇرغۇنلۇق كىشلەرنى بۇ ھەقتە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. 2011 ـ يىلى نۇرغۇن مەتبۇئاتلار ئۆزلىرىنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، يېڭىلىققا، ئىجادچانلىققا، ئىزدىنىشكە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە مايىل ياشلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى قوللاپ، ئىجادىيىتىگە سەھنە ھازىرلىدى. «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «كىروران»، «كۆسەن مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلار ياشلارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سەرخىل، ئۆزگىچە ئەسەرلىرىگە ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ماقالىلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر تۈركۈم يېڭى، ياش كۈچلەرنىڭ، ياشلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. بولۇپمۇ بۇ مەتبۇئاتلارنىڭ شېئرىيەت سەھىپىلىرى ئاساسەن ياشلارنىڭ بولدى. «يازغۇچىلار تورى»مۇ ياشلارنى قوللاش، رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ ئۈمىدلىك ياش قەلەمكەشلەردىن ئايدا بىرنى سۈرەتلىك تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئىلھام، مەدەت بولدى. يىل ئاخىرىدا ئېچىلغان «18 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى»دىمۇ بۇ يىل ئالاھىدە ئىسلاھات بولۇپ، نوپۇزغا ئەمەس، بەلكى ئەسەرگە قاراپ باھالاش ئېلىپ بېرىپ، قەلىمى خېلى يېتىلگەن نۇرگۈل ئەبەي، ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە، ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى قاتارلىق ياشلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى. بۇ خىل قوللاش ۋە نەتىجە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغاپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسى «ئەدەبىياتىمىزدا ياشلار جۇلاسى» تېمىسىدا مەخسۇس تېلېۋىزىيە سۆھبىتى ئۇيۇشتۇردى. «سەنئەت گۈلزارى» پىروگراممىسىمۇ ياش شائىر، يازغۇچى ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە ھەققىدە مەخسۇس سان ئىشلەپ كۆرۈرمەنلەرگە سۇندى. دېمەك، بۇ يىل نەشرىي ئەپكارلىرىمىزدا، مېدىيە، ئاخبارات ۋاستىلىرىمىزدە ياشلار ئىجادىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئەڭ يارقىن تېمىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن مېدىيەنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى — يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن مېدىيەنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى يىلى يىل ئاخىرىدا جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان «تىيىپجان ئېلىيېف ۋە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى خاتىرىلەش كېچىلىكى» جەمئىيەتتە زور داغدۇغا قوزغىغانىدى. مۇشۇنداق ياخشى بىر ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە تۈرتكىنىڭ تەسىرىدە بۇ بىر يىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مېدىيە ۋاستىلىرى بىلەن ئەڭ كۆپ، ئەڭ يېقىن بىرلەشكەن يىلى بولدى. (بۇ يەردە بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىچە مېدىيە ۋاستىسى بولغان تورغا يۈزلەنگەنلىكى ھەققىدە بايا توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتا سۆزلەپ يۈرمەيمىز).

بىز ئادەتتە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە قاناللىرىنى كۆرگىنىمىزدە ياكى خەنزۇچە مەخسۇس رادىيو قاناللىرىنى ئاچقىنىمىزدا خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ مېدىيە بىلەن شۇنچە ياخشى بىر گەۋدىلىشىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ كۆنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى بايقايمىز. ئەمما ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە، رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ ئەدەبىيات بىلەن بىر گەۋدىلىشىش ياكى يېقىنلىشىشى تېخى تازا دېگەندەك خەلقنىڭ مەنىۋى تەلپىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. يىللاردىن بېرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى»، «سەنئەت گۈلزارى»، «كۆڭۈلدىكى سۆز» پىروگراممىلىرىنىڭ قىسمەن سانلىرىدا ۋە مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسلىرىنىڭ ئەدەبىي

ئاڭلىتىش پىروگراممىلىرىدىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدىكى قىسقىغىنە ساداسىنى ئاڭلاپ كەلدۇق. بۇ بىر يىلدا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىغىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مېدىيە ۋاستىلىرى بىلەن بارغانسېرى يېقىنلىشىشى بولدى. 2010-يىلى ئاخىرىدا مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى ئەسلىدىكى تۆت سائەتلىك ئاڭلىتىشنى 18 سائەتكە ئۇزارتتى. شۇنداقلا بىر يۈرۈش سەرخىل پىروگراممىلىرى بىلەن جەمئىيەتكە يۈزلەندى. «رادىيو ژۇرنىلى»، «گۈلىستان»، «نوپۇزلۇق مۇنبەر»، «ئەدەبىي ئاڭلىتىش» پىروگراممىلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خەلق بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇلدى. مەخسۇس رومان ئاڭلىتىش پىروگراممىسى «گۈلىستان»دا جەمئىيەتتە زور غۇلغۇلا قوزغاۋاتقان «باھادىرنامە» رومانى جامائەتچىلىككە ئۇلاپ ئاڭلىتىلغان بولسا، «نوپۇزلۇق مۇنبەر» پىروگراممىسىدا ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي، تۇرسۇن قۇربان تۇركەش، ئەنۋەر سەمەد قورغان، ياسىن مۇخپۇل، ئامانگۈل ھەبىبۇللا، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، ئادىل غاپپار كارىزى، ئوسمان ئىسمائىل تارىم، مۇھەممەترەھىم سايىت، ئەھمەد سۇلايمان قاتارلىق ئۇستاز، تەتقىقاتچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆز ئاۋازى بىلەن خەلققە يەتكۈزدى. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىمۇ بۇ خىل رىقابەت ئالدىدا پىروگراممىلىرىنىڭ تېخىمۇ سەرخىللىقىنى قوغلاشتى. ئەدەبىي ئاڭلىتىش پىروگراممىسىغا نىسبەتەن يەنىمۇ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىپ، نادىر ئەسەرلەرنى تاللاپ ئاڭلاتتى. بۇ خىل يېڭىلىق خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىدە يېڭى يۈزلىنىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى»، «سەنئەت گۈلزارى»، «كۆڭۈلدىكى سۆز» قاتارلىق پىروگراممىلىرى بۇ يىل ئەدەبىيات ھەققىدىكى تېمىلاردا ئەڭ كۆپ تېلېۋىزىيە سۆھبەتلىرىنى ئىشلىدى. «نەۋايىنىڭ 580-يىللىقى»، «باھادىرنامە» توغرىسىدا؛ ئەدەبىياتىمىزدىكى ياشلار، ئۇستاز ئەدىبلەر زىيارىتى؛ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك قاتارلىق تېمىلاردا تېلېۋىزىيە سۆھبەتلىرىنى ئىشلەپ خەلقنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا، ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بۇ بىر يىلدا بىر تۈركۈم ئىزدىنىش روھىغا باي ياشلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جىمىپ قالغان تىياتىر سەنئىتىمىز قايتىدىن ئويغىنىشقا باشلىدى. بۇ بىر يىلدا «شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى»نى مەركەز قىلغان بىر تۈركۈم ياش ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا «ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى يوق»، «جانان كوچىسىدىكى ئىشلار»، «ئەتىرگۈلدەك ھايات»، «كومېدىيە»، «سىيىت نوچى» قاتارلىق تىياتىر ۋە مىكرو درامىلار سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ياكى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئوينىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. تېخى يېقىندا بۇ تۈرتكىلەرنىڭ تەسىرىدە 2012-يىلى يىل بېشىدىن باشلاپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «بىر كىتاب — بىر ئالىم» پىروگراممىسىنى ئېچىپ، ھەر ساندا نادىر ئەسەرلەر ھەققىدە ئەدىبلەر بىلەن تېلېۋىزىيە سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ خەلققە سۇنماقتا. بۇ خىل ئەدەبىيات بىلەن مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ يېقىنلىشىشى بىزنى خۇش قىلىدۇ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئەلۋەتتە.

يۈرۈشلۈك توپلاملارنىڭ نەشر قىلىنىشى — ئالدىنقى يىللاردىن باشلاپ نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ «يۈرۈشلۈك كىتابلىرى» (كۈللىياتى)نى ئىشلەش خىزمىتى بۇ يىلمۇ ئىزچىل داۋاملاشتى. خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان زوردۇن سابىر (يېڭى بىر يۈرۈش — ئون توم)، نۇرمۇھەممەت توختى (بەش توم)، ئابدۇللا ساۋۇت (ئون توم)، خالىدە ئىسرائىل (ئون توم)، ئالىمجان ئىسمائىل (ئون توم)، ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن (ئون توم)، قاھار جېلىل (ئون توم) قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ يۈرۈشلۈك كىتابلىرى يېڭىدىن نەشر قىلىندى ياكى داۋامى بازارغا سېلىندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، تۇردى سامساق، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى قاتارلىق ئۇستاز يازغۇچىلارنىڭ يۈرۈشلۈك ئەسەرلەر توپلىمى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان ئىدى. بۇ ئابىدە خاراكتېرلىك نەشر خىزمىتى بۇ يىلمۇ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىدىكى مۇھىم بىر نەمۇنە، زور ئۇتۇق بولۇپ قالغۇسى. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن تاللاپ سۇنۇلغان سەرخىل خەزىنىدىن ئىبارەت.

## ئەدەبىياتىمىزدىكى پىروزىچىلىق

رومانچىلىق — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىق ئالاھىدە بىر ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ، گەرچە زامانىۋى مەنىدىكى رومانچىلىقىمىزنىڭ باشلانغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، «ئىز»، «ئويغانغان

زېمىن»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىق قىزغىنلىقى پەيدا بولغان ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ رومانغا بولغان ئالاھىدە ئېھتىياجى ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رومانلارنىڭ سانى 300 پارچىگە يېتىپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىمۇ خېلى سەۋىيە ھاسىل قىلدى.

2011 ـ يىلىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «رومانچىلىق قىزغىنلىقى» يوقالغاندەك قىلمايدۇ. بۇ بىر يىلدا «باھادىرنامە» رومانىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى زىلزىلىسى ئاجايىپ كۈچلۈك بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «باھادىرنامە» رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئانا يۇرت»، «لېيىغان بۇلاق» قاتارلىق رومانلاردىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە قىزغىنلىق ھادىسىسى شەكىللەندۈرگەن رومان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەشر قىلىنغان رومانلارمۇ ئاز بولمىدى. بۇ يىل بىزدە «رەڭدار ھايات»، «كېچىنىڭ كۆز يېشى»، «چۈش باشلانغان جاي»، «كۈلپەتلىك تەقدىر»، «بەختسىزلەر»، «ۋەتەن سۆيگۈسى»، «مۇقام ۋارىسلىرى»، «قەدىر كېچىسى»، «كەچمىش»، «ئەقىللىك قىز» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە يېڭى رومان نەشر قىلىندى ۋە ياكى بۇ يىل بازارغا سېلىندى. نەشرىياتلارمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ بازارغا يۈزلەندى. شىنجاڭ يازغۇچىلار تورىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، بۇ يىل ياسىنجان سادىق چوغلانىڭ «باھادىرنامە» رومانى بىلەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ «كەچمىش» رومانى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر بولۇپ قاپتۇ. ئەمما ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى ۋە ئۆزۈمىنىڭ كۆزىتىشىمگە ئاساسلانغاندا بۇ يىلقى رومانچىلىقتا سۈپەت تۆۋەنرەك، بازار قوغلىشىش كۈچلۈكتەك قىلىدۇ. رومانچىلىقىمىزدا تارىخىي تېمىدىكى رومانچىلىق بىلەن ئىجتىمائىي تېمىدىكى رومانچىلىق يەنىلا قىزغىن ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ، «باھادىرنامە» رومانى ئۆزىگە يۇغۇرغان مول تارىخىي بىلىم، غايەت زور ئەمما مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما، خاراكتېرلارنىڭ چىنلىقى، ئەسەردىكى بايانىنىڭ تارىخىي تېمىدىكى رومانچىلىقىمىزدىكى نادىر ئۈلگە بولغۇدەك چىن ۋە نەپىسلىكى بىلەن؛ «كەچمىش» رومانى ئۆزىگە يۇغۇرغان مول تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى، بايانىدىكى ئۆزگىچە ھېكايە سۆزلەش ماھارىتى، ئەكس ئەتتۈرگەن تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چىنلىقى، خاراكتېر يارىتىشتىكى ئۆزگىچە تاللاش ئىقتىدارى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تارىخىي رومانچىلىقىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە بىر پەللە يارىتىپ، نادىر ئەسەرلەر توپىغا قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرسۇنجان مۇھەممەت، تۇرسۇن مەھمۇت قاتارلىق رومان يازغۇچىلىرىمىزغىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى خىلى ياخشى. ئەمما «ئەقىللىك قىز»، «سۆيگۈ مەنزىلى» قاتارلىق رومانلارغا ئىنكاس تازا ياخشى ئەمەس. مەزكۇر رومانلار قۇرۇلمىسىنىڭ يېنىك، تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىقى تۆۋەن، ۋەقەلىكنىڭ رومانغا خۇرۇچ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاددىي، تەسۋىرلەرنىڭ سىداملىقى، ئادەتتىكى بىر پوۋېستتىن پەرق قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولغان. شۇنىڭغا قارىغاندا بەزى يازغۇچىلىرىمىز ئالدىراش بازارغا يۈزلىنىپ ئۆز پەللىسىدىن يېنىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ھېكايە، پوۋېست ئىجادىيىتى ــ 2011 ـ يىلىدا ھېكايە، پوۋېست ئىجادىيىتىمىزدە مەخسۇس ھېكايە، پوۋېست توپلاملىرى كۆپ بولمىدى. «ئالتۇن جۇۋان»، «شەپەق ئاستىدا مۆڭلىگەن كۆز»، «مۇھەببەت ئۆلمەيدۇ»، «سەرسان يۈرەك»، «باھار مېھرى»، «مۇھەببەت كۆمۈلگەن قەبرە»، «ھاردۇق يەتكەن ئايال»، «تەشنالىق» قاتارلىق ساناقلىق توپلاملار بازارغا سېلىندى.

پوۋېستچىلىقىمىزدا «تارىم»، «تەڭرىتاغ» ژۇرناللىرىدىكى پوۋېستلارنىڭ سۈپىتى يەنىلا خېلى يۇقىرى بولدى. ئوقۇرمەنلەرنى رازى قىلىۋاتقان يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان ئۈمىدلىك ياش پىروزا يازغۇچىلىرىمىزدىن ئابلا ئىسھاق پەروزان، ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە، گۈلباھار ئەزىز، ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى، مېھرىگۈل ئابلىز، نۇرگۈل ئەبەي، ئابدۇلھەمىد ياسىن، روزى سوپى ئۈچتېكىنلەر ھەممىنىڭ كۆزىدە «يېڭىلىق» بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرەنىڭ «پىسخىكىلىق بوھران»، ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچىنىڭ «QQدىكى ئەر»، ئابلا ئىسھاق پەروزاننىڭ «كۈلۈمسىرەش»، روزى سوپى ئۈچتېكىننىڭ «تور» قاتارلىق پوۋېستلىرى بىزنى ئۇلاردىكى بەدىئىي ماھارەتتىن ئۈمىدلەندۈردى، ئۇلاردىن سۆيۈندۈردى. ئوقۇرمەنلەردە ژۇرناللاردىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى كۆرگەن

ھامان ھاياجانلىنىدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللەنىدى دېسەكمۇ بولىدۇ. دېمەك بۇ بىر تۈركۈم ياش پروزا يازغۇچىلىرىنىڭ سەپكە قوشۇلۇشى پوۋېست ئىجادىيىتىمىزگە يەنىمۇ ئۈمىد ئىلىپ كەلدى.

ھېكايىچىلىقىمىزدا يۇقىرىقى قەلەمكەشلەردىن باشقا يەنە ياسىنجان سادىق چوغلان، ئابدۇقادىر سادىر، زۇلپىيە كۈلتېكىن، تۇرغۇن مىجىت، پەرھات تۇرسۇن، تۇرسۇن مەھمۇت، ئابباس مۇنىياز قاتارلىق بىر تۈركۈم پروزا ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىستېداتلىق يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئوقۇرمەنلەرنى نائۈمىد قويمىدى. ئەمما بىر مەھەل ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنى ئاغزىغا قاراتقان، ئەل ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان يەنە بىر تۈركۈم پروزا قەلەمكەشلىرىمىزدىن ئەختەم ئۆمەر، جالالىدىن بەھرام، ئەخەت تۇردى، مۇھەممەد باغراش، ئەنۋەر مۇھەممەد، سەمەت دۇگايلى قاتارلىق پېشقەدەم ياكى پېشقانلارنى بۇ يىلقى ھېكايە، پوۋېستچىلىق بېغىمىزدا ئاساسەن ئۇچراتمىدۇق. بەزىلىرى يېشى چوڭايغانسېرى «ھېرىپ» قالدى. بەزىلىرى مەخسۇس رومان يازغۇچىسى بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇلار ھېكايە، پوۋېستلارنى يېزىشنى «چوڭ بىلمىسە» كېرەك؟ ئۇلارغا ھەۋەسلىنىدىغان تېخى ئوتلاپ بىرەر پارچە ياخشى ھېكايە يېزىپ ئېلان قىلىپ باقمىغان «قەلەمكەش»لەرنىڭ «تويۇقسىزلا رومان يېزىۋېتىشى» ھازىر ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش بولماي قالدى. چۈنكى بىزدىكى ئوقۇرمەنلەر «رومان» دەپ ئىسمى يېزىلغان كىتاب بولسىلا قويۇپ قويماي، تاللاپ يۈرمەيلا ئوقۇيدۇ. نەشرىياتلارمۇ بۇنى چۈشىنىۋالغاندەك قىلىدۇ. سەھىپىسى چوڭراق بىر پوۋېستقا تەڭ كەلگۈدەك ئەسەر بولسا، دەرھاللا «پوۋېست» دېگەن خەتنى «رومان» دەپ ئۆزگەرتىپلا نەشر قىلسا بازار تېپىشىدىن ئۈمىد بار. ئەمما تۇرمۇش دېتاللىرىنىڭ ھەممىنى رومان قىلىۋەتكىلى بولارمۇ؟ زادى ھېكايە، پوۋېستچىلىقنىڭ ئەتىۋارى رومانلاردەك ئەمەسمۇ؟ پەللە يارىتالمىساقمۇ، ئۇتۇقلۇق چىقمىغان بولسىمۇ تۇم-تۇم رومانلار ئۇتۇقلۇق چىققان ھېكايە، پوۋېستلاردىنمۇ قەدىرلىكمىدۇ؟

مېنىڭچە بۇنىڭ جاۋابى بەك ئېنىق. تەمى، قۇۋۋىتى بولمىسا «تويۇپ يېيىلگەن ئاش»مۇ كىشىنىڭ دىلىغا ياقمايدۇ، تەنگە ھەم قۇۋۋەت بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز يەنە بايا ئۈستىدە تىلغا ئالغان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك، ئىجتىھاتلىق، ياش، يېڭى قان يازغۇچىلىرىمىزدىن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىدىن ئۈمىدۋارمىز.

## ئەدەبىياتىمىزدىكى شېئىرىيەت

شېئىرىيەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىل يېتەكچى، ئاساسىي ژانىر بولۇپ، ئۆزىگە ئەڭ كۆپ ئاپتور ۋە ئەڭ كۆپ ئوقۇرمەننى جەلپ قىلغان ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ كەلگەن. بۇ بىر يىلدىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەرھالدا خېلى يامان ئەمەس ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.

بۇ بىر يىلدا شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىش «ياشلار دولقۇنى»نىڭ پەيدا بولۇشى بولدى. بۇ يىلدا ئەدەبىيات سېپىمىزدە ياشلارغا ئېتىبار بېرىش، ياشلارنى قوللاش، ياشلارغا ئىلھام بېرىش كۆپ تەكىتلەندى. «ئەدەبىياتىمىزدا 80-يىللىقلار»، «ئەدەبىياتىمىزدا ياشلار جۇلاسى»، «ياش شائىرلار» توغرىسىدا خېلى كۆپ تالاش-تارتىش مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە 70-يىللاردا تۇغۇلغان ياش شائىرلاردىن ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت، ئابدۇرېشىت ئېلى، مۇتەللىپ ماڭسۇر ئۆۋچى، ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت، ئايىسىمە ئىدرىس، قاسىمجان ئوسمان غازى قاتارلىقلارغا ياندىشىپ ئايىمنىسا سۇلايمان، مەھمۇد مەھدى، ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان، ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم زۇلتاپ، مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار، ئۆمەر مەھمۇد، روزى سوپى ئۆچتېكىن، ئابلەت زەپەرى، ئابدۇرەشىد مۇھەممەدئىمىن، ئالىمجان تۇران، مېھرىبان نىياز چۇغلۇق، تۇراپجان مۇھەممەد تەلقىن، ئاينۇر مۇھەممەد كۆكتولۇن، پەردە ياقۇپ قاتارلىق 1980-يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان ياشلار مەتبۇئات، تور ئەدەبىياتى مۇنبەرلىرىدە چاقنىدى. «شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى» مەخسۇس «ياش قەلەم» سەھىپىسى ئېچىپ بۇ ياشلارنى ئايدا بىردىن ئەسەرلىرى بىلەن داغدۇغىلىق تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە يول ئېچىپ ئېگىلىك يارىتىشىغا ئىلھام بەردى. شۇنداقلا يەنە يازغۇچىلار جەمئىيىتى «ياش شائىرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسى»نى تەشكىللەپ بۇ ياشلارغا پىكىر ئالماشتۇرۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش شارائىتى ھازىرلاپ، ئۇلارغا ئىلھام، مەدەت بولدى. گەرچە بۇ ياشلارنىڭ مەخسۇس توپلاملىرى تېخى روياپقا چىقمىغان بولسىمۇ، «كۇسەن مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ»، «كىروران»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا بۇ ياشلار ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش، مۇلاھىزە، ئەدەبىي خاتىرىلەر بېرىلىپ جەمئىيەتنىڭ

دىققىتىنى تارتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىمۇ بۇ ياخشى يۈزلىنىشكە ئاۋاز قوشۇپ «ئەدەبىياتىمىزدا ياشلار جۇلاسى» تېمىسىدا مەخسۇس تېلېۋىزىيە سۆھبىتى ئۇيۇشتۇردى. دېمەك، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ياشلارغا بولدى. ھەرقايسى ئۇيغۇرچە ژۇرناللار بۇ ياشلارنىڭ شېئىرلىرىنى بەس ـ بەستە ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سىلكىنىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن بۇ جۈرئەتلىك ياشلارغا ئىلھام بەردى.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇ يىل چوڭلارنىڭ ئۇتۇقلىرىمۇ ئاز بولمىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نادىر شېئىرلار مەجمۇئەسى سۈپىتىدە «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرى» قاتارلىق يۇرۇشلۇك توپلام ئالدىنقى يىللاردىكى يېڭىلىق بولغان بولسا، بۇ يىل مۇھەممەد رەھىم، ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇسەمەت ئابدۇخېلىل، تۇرسۇن نىياز، ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ شېئىرلار توپلاملىرى ئوقۇرمەنلەرگە قىممەتلىك نەمۇنە بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد رەھىم ئەپەندىنىڭ «سېغىنىش مەكتۇپلىرى»، ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «توغراق يېشى ـ توغراق سۆلىرى» قاتارلىق توپلاملار شېئىرىيەت ساھەسىدە ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولدى. جەمئىيەتتە بۇلاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ياش شائىرلاردىن ئەكبەر نىياز پەتتارى، زاھىر ئابدۇراخمان ئوتقان، ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر، ۋاھىتجان ئوسمان، ئابدۇۋەلى راخمان ھەققانى، ياسىن ئىسمايىل ئەلتېرەش، رەشىدە سېيىت قاتارلىقلارنىڭ شېئىر توپلاملىرىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلۇپ ياخشى كەيپىيات ئاتا قىلدى. شائىرە چىمەنگۇل ئاۋۇتنىڭ «ئۇيغۇر دېڭىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ قازاقىستاندا نەشر قىلىنغانلىقىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى قىزغىن پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. بۇ بىر يىلدا مېنىڭ قايىللىقىمنى ۋە مايىللىقىمنى قوزغىغىنى زاھىر ئابدۇراخماننىڭ «ساقاللىق دەرەخ»، ئەكبەر نىياز پەتتارىنىڭ «يۈرەك يىلتىزى»، ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇرنىڭ «ئۆچمەس سۆيگۈم» قاتارلىق توپلاملار بولدى. بۇ بىر يىللىق شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، شېئىرىيەت سېپىمىزگە كىرىپ كېلىۋاتقان ۋە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ياش شائىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى گۈللىنىشىگە بېشارەت بولۇپ قالدى.

## ئەدەبىياتىمىزدىكى نەسرچىلىك

نەسر ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىل تازا دىققەتكە ئېلىنمايۋاتقان ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ، مەخسۇس نەسر يازغۇچىلىرىمىزدىن پەقەت بىر قانچىسىلا بار. 2011 ـ يىلى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە بەك چوڭ يۈكسىلىش بولۇپ كەتمىدى. نەسرچىلىكىمىز يەنىلا بىزنىڭ دىققىتىمىزگە چۈشمەيۋاتقان بىر ژانىر بولۇپ قالغانلىقىدەك قىلىدۇ. ئاساسەن ژۇرناللاردىمۇ نەسرلەر بەك كۆپ ئېلان قىلىنىپ كەتمىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بىزدە نادىر نەسر يازغۇچىلىرىنىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت تۇپ سەۋەبتىندۇر.

ئىلگىرىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى چوققا ئۇستاز بولغان ئەخمەت ئىمىن ئاكا بۇ يىلمۇ نەشر ئەپكارلىرىمىزدا كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، ئەنەيتۇللا قۇربانلاردەك نەسرچىلىرىمىزنىڭ قەلىمىمۇ سېلىكىپ قالدى. ئەنەيتۇللا قۇربان مۇئەللىمنىڭ مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋېتىپ، بۇ ئالەمدىن خوشلىشىشى ھەممىمىزنىڭ دىلىنى ئەزدى ۋە نەسرچىلىكىمىزدىكى بىر يوقىتىش بولۇپ قالدى. بۇ بىر يىلدا نەسرچىلىكتە بەكرەك «چەش» ئالالىغانلار كۆپ بولمىدى. ئوسمان قاۋۇلنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىشلىق، چوڭقۇر پىكىرلىك نەسرلىرى ژۇرناللاردا پات ـ پات بىزگە تەسەللى بولغان بولسا، ياش يازغۇچى گۈلباھار ئەزىزخانىمنىڭ «يۈرىكىڭنى ئوقۇپ باققۇم بار» ناملىق مەخسۇس نەسرلەر توپلىمى بىلەن قەلبىنۇر ئىلياسىنىڭ «ئانام ئەتكەن كۆك چۆچۈرىسى» ئوقۇرمەنلەرگە ئالاھىدە يېڭىلىق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ «ئالتۇن جۇۋان» ناملىق ئالماناخ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن نەسرلەرمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. گۈلباھار ئەزىزىنىڭ «يۈرىكىڭنى ئوقۇپ باققۇم بار» ناملىق نەسرلەر توپلىمى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولۇپ، بۇ يىللىق نەسر ئىجادىيىتىمىزدىكى بىر يېڭى ئۇتۇق، بۇ يىلغا نىسبەتەن پەللە بولۇپ قالدى.

## ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي تەنقىد ۋە تەتقىقات

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە

تەتقىقات قوشۇنى زور دەرىجىدە كۈچەيدى ۋە مۇناسىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنداق بولۇشىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەدەبىياتىمىزغا بىر تۈركۈم يېڭى ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قوشۇلغانلىقى بولۇپ، بىر تۈركۈم دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىنچىل ئاجىز بولغان ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار قوشۇنىغا يېڭى كۈچ بولدى.

2011-يىلى ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللار ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا يەنىمۇ دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر سانىدا خېلى سەۋىيەلىك ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا بۇ يىل ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى كەڭرى ۋە يېڭى، ئۇسۇلى ئۆزگىچە، مۇئەييەن نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ توغرا، ئىلمىي تەرەققىي قىلىشىغا، نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇشىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. مەزكۇر ژۇرنالدا بۇ بىر يىلدا ئېلان قىلىنغان «پروزا ئىستىلىستىكىسى توغرىسىدا»، «كىتابخانىلارنى قانداق تەربىيەلەش كېرەك»، «ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا بايان زامانى»، «ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىدا بايان مەۋقەسى»، «تارىخىي رومانلاردىكى تارىخىيلىق ۋە بەدىئىيلىك ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەر بۇ بىر يىلدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا ئالاھىدە يېڭى قاراش، يېڭى مېتود، يېڭى ئۇچۇرغا بايلىقى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئىلى دەرياسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تۇرپان»، «كىروران»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «قەشقەر»، «مايبۇلاق»، «كۇسەن مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللارمۇ خېلى بىر تۈركۈم نادىر ئەدەبىي تەنقىد ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. «تەڭرىتاغ»دا ئېلان قىلىنغان «2010-يىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەستىلىكلىرى»، «ئىلى دەرياسى»دا ئېلان قىلىنغان «پەرھات ئىلياسنىڭ يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرى»، «يېڭى قاشتېشى»دا ئېلان قىلىنغان «يېڭى ئەسىر رومانچىلىقى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى ئەسىردىكى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىكىر ئورتاقلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان «بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن تارىخ» قاتارلىق سەرخىل ماقالىلەرمۇ بۇ يىلقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ۋە تەتقىقاتىمىزنىڭ يېتىپ بارغان نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇقىنى مەلۇم دەرىجىدە نامايان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرقايسى ژۇرنال تەھرىراتلىرى ئۆزلىرى ئاپتورلارنى ئەدەبىي تەنقىدكە ۋە سۆھبەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە، نەزەرىيەۋى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ يىل ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ۋە تەتقىقاتى ئالدىنقى يىللاردىكىگە قارىغاندا مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتىن خېلى زور ئۇتۇققا ئېرىشتى.

ئەگەر ئەدەبىي تەنقىدكە ئەڭ ياخشى سۇپا بولغان ژۇرنالنى كۆرسىتىش توغرا كەلسە مەن «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «كىروران»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللىرىنى كۆرسىتىمەن. بۇ ژۇرناللاردا يىل بويى بىر-بىرىدىن سەرخىل ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇردى. «تارىم» ژۇرنىلىدا بىرقەدەر چوڭقۇر، يېڭىلىقى بار ئوبزور، تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بولسا، «تەڭرىتاغ»، «كىروران»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللىرى مەلۇم ئەسەرلەر، ئاپتورلار ھەققىدە مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ «ئەسەر ۋە باھا»نى ئىنچىكىلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. بۇمۇ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ دىققەتتىن چەتتە قالمايۋاتقانلىقىنى، قوللاش ۋە رىغبەتنىڭ كەم بولمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ يىل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغىنى شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىنىڭ جانلىنىشى بولۇپ قالدى. ئايسىمە ئىدرىس، ھەزرەتئەلى ئەلى، ھەبىبۇللا مىجىت، روزى سوپى ئۇچتېپىكىنلەرنىڭ شېئىرىيىتىمىز ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرى بۇ جانلىنىشنىڭ ئىنناسى بولۇپ قالدى. ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر، مەتتۇرسۇن ئېلى، ئەنۋەر ھوشۇر، ئابدۇللا مەتقۇربان، ئايسىمە ئىدرىس، ئەكبەر ئەمەت، پەرھات تۇرسۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم پىشقان تەتقىقاتچىلىرىمىز بىلەن يېڭىدىن يېتىشىۋاتقان نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن، ياسىن نىياز تىكە، ئابدۇمىجىت مۇھەممەت، تۇرسۇنجان ھەبىبۇللا، ئابدۇرەشىد مۇھەممەدئىمىن، كېۋىر ھىمىت، ئاينۇر دولقۇن، قاتارلىق ماگىستىر

ئاسپىرانت تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ سالماق، ئىلمىي، يېڭىچە تەتقىقات ماقالىلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. بۇ يىل يەنە تاجىك تەتقىقاتچى زەمىر سەئىدۇللانىڭ «ئارۇز ئىلمى» ناملىق كىتابىنىڭ نەشردىن چىقىشى ۋە ھۆرمەتجان ئابدۇراخماننىڭ «خاراباتى ۋە ئۇنىڭ مىراسلىرى» ناملىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى ئەڭ زور ئۇتۇقلاردىن بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ «ئارۇز ئىلمى» ناملىق كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى كىلاسسىك شېئىرىيەت تەتقىقاتىمىزغا ئائىت زور بىر بوشلۇق دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇرۇلۇپ، بىزگە نىسبەتەن ئارۇز ئىلمى ھەققىدىكى مۇھىم تايانچ نەزەرىيەۋى ئاساس ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

### ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي ئاخبارات

ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئاساس بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرمۇھەممەت توختى، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى قاتارلىق پىشقان ئەدەبىي ئاخباراتچىلار نادىر ئەدەبىي ئاخباراتلارنى، ئەسئەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئۆمەرجان ئىمىن قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ نادىر ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يىللاردىن بېرى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «ئەركىن روزى ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى» ۋە 2007-يىلى قوزغىتىلغان «‹تارىم›دىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن-ھۈسەن» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى مەجمۇئەسىنىڭ نەشر قىلىنىشىمۇ ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىلارغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولغان ئىدى. 2011-يىلىمۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سۇنۇلغان نادىر ئەدەبىي ئاخباراتلار ئاز بولمىدى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ «سېھىرلىك شەھەردىكى خاتىرىلەر»، ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ «زەپەر ناخشىسى»، ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىللىق دۇنيا»، گۈلباھار ناسىرنىڭ «مېھرىبان ئانىلار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىلەر توپلىمى، دىلدار ئەزىزنىڭ «پارىژ پەرىشتىسى»، زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى توپلاملىرى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمنىڭ «تۆھپە ئۇنتۇلمايدۇ» ناملىق بىيوگرافىك ئوچېركلار توپلىمى قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى ياكى بازارغا سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنىڭ زىلزىلىسى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزىنىڭ مول ئۇچۇرچانلىقى، ئوقۇرمەنگە زور ئويلىنىش ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقى بىلەن «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق ساياھەت خاتىرىلىرىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بازارلىق نادىر ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بۇ يىلمۇ ھەرقايسى ژۇرناللار ھەرخىل تېمىدىكى ئەدەبىي خاتىرىلەرنى، سۆھبەتلەرنى خېلى كۆپ ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يازغۇچى ئابلەت ئابدۇللانىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇلۇغ قەرزدار، ئۇلۇغ يازغۇچى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي خاتىرىسىنىڭ ئۇتۇقى ۋە زىلزىلىسى زور بولدى. بۇ ئەسەر بىر قارىسا ئەسلىمىدەك يەنە بىر قارىسا ئەدەبىي تەنقىدتەك يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەدەبىي خاتىرە بىزگە يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشىنىشتە، چۈشەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دوكتور تۇرسۇن قۇربان تۇركەشنىڭ «تارىم» ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان «تاغ بار يەردە چوققا بار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىمۇ بۇ يىللىقى ئەدەبىي خاتىرىلەرنىڭ قاتارىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مەزكۇر ئەدەبىي خاتىرىلەر بايانىنىڭ يېقىشلىق ۋە تەسىرلىك، مەزمۇنىنىڭ مول ئۇچۇرچانلىقى، پىكىرلىرىنىڭ پاكىتلىق، قايىل قىلارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولدى. مېنىڭچە مەزكۇر ئەدەبىي خاتىرىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 2011-يىلدىكى زور ئۇتۇقى، شۇنداقلا بۇ بىر يىلدىكى ئەڭ نادىر ئەدەبىي خاتىرىلەردۇر.

### باللار ئەدەبىياتىمىزدا

ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۇتۇقلىرى زور بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتى جەھەتتە زور يۈكسىلىش بولدى. يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ «كىرورانلىق باللار» ناملىق باللار رومانى مەملىكىتىمىزدىمۇ زور داغدۇغا قوزغىدى ۋە كۆپ خىل مۇكاپاتلارغا نائىل بولدى. بۇ بىر يىلمۇ باللار ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. توختاش بەكرى، ئابلىكىم ھەسەن، پەرھات ئىلياس، ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇر، ئەخمەتجان قۇربان سابىرى، پەرھات كازىم قاتارلىق مەخسۇس باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سىرتىدا مەخمۇت مۇھەممەت، ئوسمان

زاھىر، ئىلغارجان سادىق، ئەكبەر غولام، ئابدۇلھەمىد ياسىن، روزى سوپى ئۆچتېكىن، تۇرسۇنمۇھەممەت نەممەت قاتارلىق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش قەلەمكەشلەر قوشۇلدى. بۇ بالىلار يازغۇچىلىرىنىڭ «مۇقام ۋارىسلىرى»(بالىلار رومانى)، «پەرىشتە بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر»(بالىلار چۆچەكلىرى)، «كالتە قۇيرۇقلۇق مۈشۈك»(بالىلار چۆچەكلىرى)، «يىغلاڭغۇ تاشپاقا» (بالىلار چۆچەكلىرى)، «باغقا بارايلى»(بالىلار قوشاقلىرى)، «سېھىرلىك ئەتىرگۇل»(بالىلار ھېكايە، نەسر، شېئىرلىرى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ بالىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى» بەش يۈرۈش، 50 كىتاب)، «ئاندىرسېن چۆچەكلىرى»(بەش كىتاب)، «نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن دۇردانىلەر»(ئۈچ كىتاب) قاتارلىق يۈرۈشلۈك بالىلار كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ ياكى تارقىتىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنىڭ بالىلار نۇسخىسى ئۇيغۇر بالىلىرىغا تونۇشتۇرۇلدى.

يىللاردىن بېرى «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان مەتبۇئات بولۇپ، نۇرغۇنلىغان نادىر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا سەھنە بولۇپ، سانسىزلىغان سەبىي قەلبلەرنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن باشقا يەنە «تارىم»، «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر»، «كىروران»، «قومۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللارمۇ ئىزچىل بالىلار ئەدەبىياتىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، نادىر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ۋە بالىلار ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنازىرە، سۆھبەتلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان ئىدى. 2011 ـ يىلىمۇ مەزكۇر ئەدەبىي ژۇرناللار بولۇپمۇ «تارىم»، «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان» ژۇرناللىرى يەنە ئىزچىل بالىلار ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نادىر بالىلار ئەسەرلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا سەھنە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا زامانىۋى جەمئىيەتتىكى بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» ئۆزىنىڭ تور بېتىنى ئېلان قىلىپ، تور دۇنياسىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمنى باستى. بۇ يىل ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى بىر قاتار خۇشاللىق نەتىجىلەر بىلەن بىرگە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ نادىر يازغۇچىلىرىدىن توختاش بەكرى، ئەخمەتجان قۇربان سابىرىلار ۋاپات بولۇپ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور ئەپسۇس ۋە يوقىتىش بولدى. ئەمما بىز ئىشىنىمىزكى، زور بىر تۈركۈم يېڭى قان قەلەمكەشلەرنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى سېپىگە قەلەم تارتىپ كىرىشى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېرىپ، زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ.

## ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز

ئەدەبىي تەرجىمە ئىجادىيىتىدە بۇ بىر يىللىق ئۇتۇقلار ئاز ئەمەس. ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى بىلەن ئەدەبىي تەرجىمە ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولۇش، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنى بەھرىلەندۈرۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار يېڭى پىلانلار ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش تۈرى» بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە بىر تۈركۈم يېڭى تەرجىمە كىتابلارنى نەشر قىلدى ياكى تارقاتتى. بۇ بىر يىلدا «رەزىل يۈرەك»، «لەگلەك قوغلىغۇچى بالا»، «قىزىل خەت»، «پارما مۇناستىرى»، «غۇبارسىز يىللار»، «غەلىتە توي»، «تەكەببۇرلۇق ۋە ئاداۋەت»، «جىنايەت ۋە نەپرەت»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «ئېغىر تىنىقلار»، «چالىقۇشى»، «مېھرىبانىم قايدىسەن» قاتارلىق كىتابلار ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە يېڭىدىن تەرجىمە قىلىپ سۇنۇلدى ياكى قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەخسۇس ئەدەبىي تەرجىمانلارغا ئىلھام مەدەت بېرىش، تەربىيەلەشنى نىشان قىلغان لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي تەرجىمە ئالىي مۇھاكىمە سىنىپى»؛ يازغۇچىلار جەمئىيتى تەشكىللىگەن «ئەدەبىي تەرجىمانلار كىتاب ئوقۇش كۇرسى» قاتارلىق پائالىيەتلەر تەشكىللىنىپ، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر قۇرۇلۇشى» پىلانىغا ئېلىندى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە قوزغىتىلدى.

بۇ بىر يىلدا ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلىرنى تونۇشتۇرۇشقىمۇ دىققىتىنى بەردى. «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىملەر»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئاساسىي كۆزنەك بولغان بولسا، باشقا يەرلىك ژۇرناللارمۇ سەھىپە ئاجرىتىپ، جۇڭگو ۋە چەت

ئەل ئەدەبىياتى نادىر ئەسەرلىرىدىن تاللاپ تونۇشتۇردى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى، ئەدەبىي ئېقىملار، ئەدەبىي پائالىيەتلەر توغرىسىدا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى. بىر قىسىم نادىر سۆھبەتلەر، نەزەرىيەۋى ماقالىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى چۈشىنىشىگە ياردەمدە بولدى. گەرچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ نەچچە يىللار ئاۋۋالقى نادىرلىقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئىزچىل چىقىپ تۇردى. نادىر پىروزا ئەسەرلىرى ۋە شېئىرلار ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا خېلى كۆپ تونۇشتۇرۇلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يەنىلا ئۆزىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېقىنقى يۈزلىنىشىنى تونۇشتۇرۇشتىكى كۆزنەكلىك ئورنى ئۈچۈن تىرىشتى. ئەدەبىي تەرجىمانلاردىن پەرھات ئىلياس، راخمان مامۇت، ئىدرىس نۇرۇللا ئارغىتۇغ قاتارلىقلار بۇ يىل كۆپ ئەمگەك قىلدى. بولۇپمۇ «شىنجاڭ سەنئىتى»دە ئارغىتۇغ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىۋاتقان «تىراگېدىيەنىڭ تۇغۇلۇشى»نىڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلۇشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەك بولدى.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ يىلدا مەخسۇس چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى بازارغا سېلىنمىدى. تور ئەدەبىياتىمىزدا ئىلگىرىكى ئەسلىي ئىجادىيەتنىلا ئاساس قىلىشتىن بارا-بارا ئەدەبىي تەرجىمىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. تورلاردا خېلى كۆپلىگەن خەنزۇ ئەدەبىياتى، ئۆزبېك ۋە تۈرك ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىختىيارىي يوسۇندا تورداشلارغا سۇنۇلۇپ تۇردى. يەنە ئاز بىر قىسىملار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىنى سىناق قىلىپ باقتى. بۇنىڭغا «يازغۇچىلار تورى» ئالاھىدە ياخشى سەھنە بولۇپ قالدى. بىر قارىماققا توردا دەسلەپكى قەدەمدە تەرجىمە قىزغىنلىقى شەكىللەنگەندەك بولدى.

## 2011-يىللىق ئەدەبىياتىمىزدىكى يوقىتىشلار

ئادەم بار يەردە قازا بار ئەلۋەتتە. بۇ بىر يىلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇقىرىقىدەك كۆڭۈللۈك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن، نۇرغۇن ياشلار ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا قوشۇلغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم پىشقان ئۇستازلىرىمىز، سەپ يېرىپ تۇسۇن ئاتتەك ئىلگىرىلەۋاتقان قابىل ياشلىرىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدۇق. يىل بېشىدىلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پېشۋا ئۇستاز شائىر، تىلشۇناس، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن ئاكا قازا تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجىنىڭ بىر-بىرىدىن داڭلىق، بىر-بىرىدىن پىشقان، يېتىشكەن ئۇستاز ئەدىبلىرىمىزدىن ئەدەبىي تەرجىمان، تىلشۇناس، تارىخشۇناس ئىسھاق باستى ئاكا؛ باللار ئەدەبىياتى پېشۋاسى توختاش بەكرى ئاكا؛ شائىر، تارىخچى ئابدۇساتتار ناسىرى ئاكا قاتارلىقلار كەينى-كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئابدۇسالام توختى، توختى مۇھەممەد تۇردى، ئەنەيتۇللا قۇربان، ئەخمەت تۆمۈر، خەمىت نىغمەت، يۈسۈپ ھۈسەيىن(قەقنۇس)، ئامىنە دۆلەت، ھاياتنوپۇس مۇھەممەد، زاھىر ئابدۇراھمان ئوتقان، ئەخمەتجان قۇربان سابىرى قاتارلىقلار بۇ بىر يىل ئىچىدە بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. بولۇپمۇ ياش يازغۇچى، شائىرلاردىن ھاياتنوپۇس مۇھەممەت، زاھىر ئابدۇراھمان ئوتقان، ئەخمەتجان قۇربان سابىرى قاتارلىقلارنىڭ ۋاقىتسىز ياش كەتكەن ھاياتىغا ھەممە ئەپسۇسلاندى. ئۇلار ئۈچۈن ھەرقايسى مەتبۇئاتلار ۋە ئەدەبىيات تورلىرىدا مەرسىيەلەر، ئەسلىمىلەر يېزىلىپ ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى كىشىلەرگە ئەھمىيەتلىك ياشاش، ئىجاد قىلىش، سەممىيلىكنىڭ ئىنسان ھاياتىدىن گۈللەر ئاچقۇزىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇ بىر يىلدا ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ئوغلانلىرىدىن، مەلىكىلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات بېغىمىزدا ئېچىلدۇرغان گۈللىرى ھەرقاچان پورەك ئېچىپ بىزگە ئۇلاردىن يادنامە بولۇپ قالغۇسى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا قالدۇرغان ئەھمىيەتلىك ئىزلىرى كېيىنكىلەرگە رىغبەت ۋە ئىلھام بولغۇسى!

ئومۇمەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2011-يىلىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇتۇق-نەتىجىلىرى، قىزغىن داۋالغۇش، مۇنازىرىلىرى، يېڭى يۈزلىنىشلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كالېندارىدا مۇناسىپ ئىز قالدۇرۇپ ئۆزاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن قالغان دەستە گۈللەرنىڭ ھىدى يىللارغىچە سەممىي ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى شادلاندۇرسا، يوقىتىشلار كۆڭۈللەر قېتىدا تۈگۈن بولۇپ، يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى يۈزلىنىشلەر كېيىنكى قەدەملەرگە ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلىغۇسى!

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

# ئۈزاپ كېتىمەن

مېھرىبان نىياز چۇغلۇق

يېنىمدىن بىر خازان ئۇچۇپ كەتتى،
بىر ئادەم ياندىشىپ ئۆتۈپ كەتتى،
تۇرنىلار تاڭ ساباسى بىلەن
كۆكنى بويلاپ ئۇزاپ كەتتى.

مەنمۇ ئۇزاپ كېتىۋاتىمەن
يوللىرىمدا،
نۇر بولۇپ يېزىلىۋاتقان مىسرالىرىمدا.
ئۇزاپ كېتىمەن
ئۆزۈمگە قاراپ چۆكۈپ كېتىمەن.
بىز ئۇزىتىلدۇق
سۆيگۈنى دېڭىزغا كۆمۈپ قويدۇق،
دېڭىز ئىزدەپ ياشىدۇق يەنە
كۆزىمىزگە بىر ـ بىرىمىزنى سىزىپ قويدۇق.
سەن ئۇزاتقۇچى
مەن ئۇزىتىلغۇچى
ئوتتۇرىمىزدا داۋاملىشار،
سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ
قورام تاش ئۈستىدىكى ھېكايىسى.

## يادا تېشىم بولسا

يادا تېشىم بولسا
تىلىمەيتتىم يامغۇرنى،
تىلىمەيتتىم شامالنى،
تىلەيتتىم پەقەت سېنىلا.
سەن بولساڭ يامغۇر ئەمەسمۇ
ئۆمرۈم باھارىنى ياشارتىدىغان.
تۇيغۇلىرىمغا شامال ئەمەسمۇ
قەلبىمنى يېنىك تەۋرىتىدىغان،
شاھزادەمنىڭ ئاق ئېتىغا مىندۈرۈپ
مۇھەببەت ئارىلىغا ئاپىرىدىغان ...

جاينامازدا قالدى ياشلىرىم
ئەڭ چىرايلىق ئېچىلغان گۈل بولۇپ.
ئاللاھلا بىلىدىغان تىۋىشلىرىمدا،
بەختىمىزنى تىلىدىم سۇ بولۇپ.

كاككۇك بىلەن زەينەپ ئەمەس بىز
لېكىن رېئاللىق يازار قىسمىتىمىزگە شۇ رىۋايەتنى.
بىر تۇپ چۇغلۇق بولدۇم جاڭگالدا ئۆسكەن،
بىر ـ بىرىمىزدە ياشاۋېتىپ
ھېس قىلماي يۈرگەن مۇھەببەتنى.
يۈرەكلەر بولدىغۇ پارە
ياشىماق بولغاندا ھاياتنىڭ داۋامىنى ...

يادا تېشىم بولسا
تىلىمەك زۆرۈر بولسا بىر ئۆمۈر يامغۇر،
تىلەپ چىقاتتىم ئۆمرۈمدە سېنى.
روھلار كۆچۈپ قايتا تۇغۇلسام،
شۇ ھاياتىمدا يەنە سۆيەتتىم سېنى...

## كۆڭلۈمنىڭ يېرىمنى تولدۇرىدۇ كىم

كۆز ياشلىرىم ئېقىپ تۈگىمىدى
قۇملۇقلىرىم قېنىپ باقمىدى.
مۇھەببەت دەرياسىنى قۇرۇقداۋاتىمەن،
شاۋقۇنلىرى تېخى توزۇمىدى.
كۆڭلۈمنىڭ يېرىمنى تولدۇرىدۇ كىم؟
بۇ سوئال جاۋابسىز قالىدۇ ئەمدى.
مۇھەببەت قەلبتە كۆكلەپ تۇرسىمۇ
كۆزلەر ھەممىنى سۆزلەپ تۇرسىمۇ
يۈرەكلەر قىيالماي سۆيۈپ تۇرسىمۇ
ئايرىلىمىز
تاكى قولىمىزنىڭ ئۇچى ئاجرىغانغا قەدەر،
يۈرىكىمىزگە «رەھىمسىزلىك» دېگەن خەتنى ئويۇپ قويۇپ
كۆز ياشلار كەلكۈندەك ئېقىپ تۇرسىمۇ.

كۆڭلۈمنىڭ يېرىمنى تولدۇرىدۇ كىم؟
كۆڭلۈڭنىڭ يېرىمنى تولدۇرىدۇ كىم؟
بىز پەرىشتە ئەمەسقۇ ئاخىر
كەل!
بىر قېتىم سۆيگۈ ئۈچۈن ياشاپ باقايلى
سېغىندىم چېچىمنىڭ ئۇچىغا قەدەر

سېغىنىشنىڭ نۇرلىرى ئاقار كۆزۈمدىن،
يېنىمدىكى بوشلۇقتىن ئىزدەيدۇ سېنى.
تېپىرلاپ قالىمەن قاناتسىز قۇشتەك ،
ئىستەيمەن يېنىڭغا ئۇچۇپ بارماقنى.

سەن ماڭغان يوللارغا باقتىم نەچچە رەت،
خۇش پۇراق گۈللەرنى كۆردۈم خىيالەن.

يېڭى كۆز

«كۆيزار» يېڭى كۈچلەر ئەدەبىيات سالونى

سەن شۇنداق كېلىسەن قەلبىمگە قاراپ،
مېھرىڭدە سۆيگۈمنى ئېلىپ قاچىسەن.

چارەم يوق مەن سېنى سېغىنماسلىققا،
سېغىندىم چېچىمنىڭ ئۇچىغا قەدەر.
يامغۇردا قالايلى كەلگىن ئامرىقىم ،
قانغۇچە سۆيۈشسۇن چوغدەك يۈرەكلەر.

## ئازابىمدا كۆكلەۋاتىمەن

ئازابىمدا كۆكلەۋاتىمەن
بىر دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇپ،
قۇشلار يۈرىكىنى قان قىلدۇ
مۇڭلىرىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ.

بىر ناخشا ئېيتىۋاتىمەن
يارالمىشتىن ماڭا قېپقالغان .
قۇياش، ئايمۇ بولىدۇ ھەمراھ،
ناخشام تېگىدىن توزۇيدۇ پىغان .

## قۇياشنىڭ كەينىدە ئەسلىي يوق ئۆلۈم

ئۆركەشلەر روھلارنىڭ دېڭىزى چەكسىز،
قۇياشنىڭ كەينىدە ئەسلىي يوق ئۆلۈم.
ئېچىلار بىر ئىشىك، يېپىلار بىرسى،
ئۆزۈلمەس ئېقىننى سۆزلەيدۇ ئۇدۇم.

تاشلارنىڭ كۆزىدىن ياغمايدۇ يامغۇر،
يامغۇرنىڭ دىلىدىن تۆكۈلمەيدۇ تاش.
لېكىن ئىستەيدۇ بۇلار بىر-بىرىنى،
ياشاش ئۇچۇن قەلب تېگىدە ياپياش.

دەريانىڭ قىرغىقى سۆزلەر رىۋايەت،
كاككۇك ۋە زەينەپنىڭ نالىسى يەتمەي.
مۇڭلىنىپ تۇرىدۇ قارشى قىرغاقمۇ،
بىر بوشلۇق ئىچىدىن ۋىسال ئىچەلمەي.

دەرەخلەر ياپرىقى تاشلايدۇ سايە،
ئاجىز بىر ئۆلۈمنىڭ نىدالىرىغا.
بورانلار ئالدىدا باش ئەگسىمۇ گەر-
ياپراقلار يىلتىزدا ياشنىغان يانا.

ئۆركەشلەر روھلارنىڭ دېڭىزى چەكسىز،
ئازاب شۇ دېڭىزدا يېشىل بىر كومپاس.

يىراقتا بىر ئارال كۆيمەكتە تەنھا،
ئاخىرقى سەيياھنى كۈتكەنگە ئوخشاش.

## چۈش ياپراقلىرىنىڭ قېتىدا

چۈش دۇنيايىمدا بىر تال قىزىلگۈلنى خىيال قىلىپ
ئوتتۇز باھارىمنى ئۆتكۈزدۈم.
دېرىزىلەر خىيالچان
چۈشلىرىمدە ئۆكمەس ھاياجان،
بىر تال قىزىلگۈلنى خىيال قىلىمەن،
بوزلاپ يىغلىسىمۇ قەلبىمدە ھىجران.

چۈش ياپراقلىرى
چوڭقۇرلۇقتىن سۆزلەيدۇ پىنھان.
ئۇنىڭغا سىڭىپ كەتمەكچى بولىمەن
شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان نۇرنىڭ ئىچىدە،
چېچەكلەپ
يامغۇر ۋۇجۇدىدا ئۇچراشماقنى ئىستەيمەن.

باغرىم يىغلايدۇ
بىر تال گۈلنىڭ ئىشقىدا.
مۇھەببەت ئۇچرىشىش نېسىپ بولمىغان
چۈش ياپراقلىرىنىڭ قېتىدا.

## ئۆزۈمگە يىقىلدىم

ئۆزۈمگە يىقىلدىم
تېرەكلەرمۇ بولالمىدى ئازابىمغا دال.

يىراقلاردىن ئىتنىڭ قاۋىشى،
ئۇلغايتىدۇ غېرىبلىقىمنى.
ئات ئېگەرسىز قالدى گۈگۈمدا،
قۇرۇپ قالدى سۆيگۈمنىڭ بېغى.

قەلب ئىشىكىڭنى ئاچالمايسەن،
قەلب ئىشىكمنى ئاچالمايمەن،
سىرلىرىمىز قالدى كۆزلەردە.

ئۆزۈم ھەققىدە سۆزلىدىم ئۇزاق،
دېيەلمىدىم ھېچنېمە بىراق.

سۆيگۈ ئۇزۇن ئۆمرۈمدىن يەنە،
لېكىن سۆيگۈ مېنىڭدىن يىراق.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# ئۈچ پارچە شېئىر ۋە ئۇنىڭ تەھلىلى

ئالىمجان تۆمۈر تۇران

ھازىرغا كەلگىچە شېئىر ھەققىدە قىلىنىلاشقان ئىزاھ مەيدانغا كەلمىدى. بۇ يازمىدىمۇ شېئىر ھەققىدە مۇپەسسەل بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. پەقەت بىر قانچە شېئىرنى ماغدۇرۇمنىڭ يېتىشىچە شەرھلەپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمەن. تەھلىلگە سەۋەب بولغان شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى تولۇق تېكىست بويىچە ئېلىندۇ. بەزىلىرى بىر پۈتۈن شېئىردىن پارچىلەردۇر...

## سېغىنىش

تېيىپجان ئېلىيېۋ

يىللارنى ئۆتكۈزدۈم لېۋىمنى چىشلەپ،
بىراق ئاي ساناپ تەس ئىكەن ئاندىن.
ھەپتە سانىغاندا خىيالچان بولۇپ،
كۈنلەرگە ئۆتكەندە ئۇيقۇدىن قالدىم.
سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق،
مىنۇتلار ئازابى كەتكۈزدى ھالدىن.
مۇبادا ئالدىمغا چىقمىغان بولساڭ،
ئېھتىمال، خوشلاشقان بولاتتىم جاندىن.

بۇ شېئىر پەلەمپەيسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، ئول شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىدىن ئالغاندا، ئەدەبىياتىمىزدا بۇنداق شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار يوق دېيەرلىك. دۇنيا ئەدەبىياتىدا پەلەمپەيسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە شېئىرلار ئاز ئەمەس. توماس ئېللىيوتنىڭ مەشھۇر داستانى «خاراب زېمىن»، پابلو نېرۇدانىڭ مەشھۇر داستانى «ماچۇ بىچۇ چوققىسى»... قاتارلىقلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئوقۇرمەن تۇنجى قېتىملىق ئوقۇش تەجرىبىسىدىن كېيىن يىل، ئاي، ھەپتە، كۈن، سائەت، مىنۇتتىن ئىبارەت ئالتە پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلايدۇ. چۈشكەنسېرى كەيپىيات جىددىيلىشىدۇ. شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسرالىرىغا سوقۇلغان لەھزىدە ئوقۇرمەن تولۇق تاماملانمىغان تىراگېدىيە ئىسكەنجىسىدىن خالاس بولۇپ، يېڭىچە شېئىر گۈزەللىكىگە ئاستا ـ ئاستا كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ دەل شېئىر كونتېكستىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ۋىسال لەھزىسىدۇر.

بۇ شېئىردا ئىپادىلەشتىكى بالاغەتكە قىيسايغان

**يېڭى كۈچ**

**«كۈيزار» يېڭى كۈچلەر ئەدەبىيات سالونى**

شېئىرىي جۈملە «سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق» بولۇپ، ئۇل مىسرادىن مۇنداق تۆت سۆزلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن. ①سائەت ②ئۆتۈش ③ئۆمۈر ④ئۇزاق. ئەمدى بۇ سۆزلەرگە مەنە يۈكلەشكە توغرا كېلىدۇ. □سائەت: سائەت—مەۋھۇم ۋاقىتنى كونكرېت شەكىلگە ئېلىپ كىرىدىغان بۇيۇم. ئۇ گەرچە ۋاقىتقا پۈتۈنلەي ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، نەزىرىمىزدە ئۇ ئاللىقاچان ۋاقىتنىڭ ھەيكىلىگە ئايلىنىپ بولغان. بايانچى مەۋھۇم ۋاقىتنى بۇ شېئىرىي جۈملىگە كىرگۈزمەسلىك ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ رېئال تۇسكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىسرادا «ۋاقىتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق» دەپ ئېلىنسا شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەنە قاتلىمىغا بۇزۇلۇش ئېلىپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ. □ ئۆتۈش: ئۆتۈش—پېئىل. بۇ سۆز شېئىردە «ئۆتمىكى» دەپ ئېلىنىپ، ئۇ سۆزنى زامانغا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا ھەرىكەت ھالىتىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ يەردىكى ھەرىكەت داۋاملىشىپ كەلگەن، داۋام قىلىۋاتقان، داۋام قىلىدىغان يۆتكىلىشچان ھەرىكەتتۇر. □ئۆمۈر: ئۆمۈر—بۇ سۆز لۇغەت تەركىبىدىكى ئەسلىي ئىزاھاتى بويىچە ئېلىنغان □ئۇزاق: ئۇزاق—بۇ سۆز بەزىدە ۋاقىتنى ھەم بەزىدە زاماننى ئىپادىلەيدىغان سۆز. بۇ سۆز شېئىردىكى ماكاننى كېڭەيتىپ، مۇساپىنى تېخىمۇ ئۇزارتىۋېتىدۇ. ماكان—سېغىنىغۇچىنىڭ قەلبى. مۇساپە—كۈتۈش، سېغىنىشنىڭ ۋىسال دەملىرى بىلەن بولغان ئارىلىق—مۇساپىدۇر. بۇ تۆت سۆزنى پۈتۈنلەش ئارقىلىق يەنى ئەسلىي مىسرا ئارقىلىق مۇنداق نەسرىي يەشمىگە ئېرىشىش مۇمكىن: مەن سائەت ئىستىرېلكىسى تەرىپىدىن يانجىلىپ كېتىۋاتىمەن. مېنىڭ كۈتۈشلىرىم يولغا ئايلاندى، سېغىنىش بارا-بارا ئۇزىراپ مېنى قىرىتماقتا... دېمەك پۈتۈن كونتېكىست ئىچىدە بۇ مىسرا ئومۇرتقا رولىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، شېئىرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى تىرەپ تۇرىدۇ.

قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، شېئىرنىڭ مەن تاللىۋالغان بۇ پارچىسى ئالتە پەلەمپەيدىن تەركىب تاپقان. ئوقۇرمەن بۇ پەلەمپەيلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ جانانىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا باشتىكى جىددىيلىكنىڭ ئورنىنى تاسادىپىي مەستخۇشلۇق ئىگىلەيدۇ. بۇ شېئىرنى چۆكۈپ ئوقۇغان ئوقۇرمەن تىراگېدىيەلىك ھالەتتىن تاسادىپىي مەستخۇشلۇققا تاشلانغاندا شېئىر ئاللىقاچان كىتابخانىنىڭ ئەسلىمىلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنى «تولۇق تاماملانمىغان تىراگېدىيە» دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا تىراگېدىيەنى تولۇق تاماملاش زۆرۈر بولسا، ئوقۇرمەن پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشمەي، تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىقىپ باقسا بۇ تىراگېدىيە تولۇق تاماملىنىدۇ.

## ئۆتەك

پەرھات ئىلياس

يولدا قالغان يولۇچىلارنىڭ
غەمگۇزارى ئۇ
بىراق ھېچكىمنىڭ ۋەتىنى ئەمەس.

كېلىدۇ...
كېتىدۇ...
ھېچكىم ئاڭا بىرەر گۈل تىكمەس.

ھەممە ئادەم ئۇخلايدۇ ئۇندا
قىزىق-قىزىق چۈشلەرنى كۆرۈپ.
لېكىن ئۇنى ھېچكىم چۈشىمەس...

قەدىمىي بىر كارۋاننىڭ
چۈشۈپ قالغان كولدۇرمىسى ئۇ.

1. ئۆتەك: بۇ سۆز شېئىرنىڭ ماۋزۇسى، شۇنداقلا شېئىر تەھلىلىنىڭ يىپ ئۇچىدۇر. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى ئەسلىي ئىزاھاتى بويىچە يولۇچىلارنىڭ مەنزىل ئارىلىقىدا چۈشۈپ، قونۇپ ئۆتىدىغان دەك، سارايلىرى بار جاي... قاتارلىق يەشمىلەرنى ئۆزىگە يۈكلىگەن. سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ئىسىم. كەسىپ تۈرى جەھەتتىن جۇغراپىيەلىك جايدۇر. سۆز ئىستېمالدىن قارىغاندا، ئۇ بۈگۈندە بارا-بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان كەچمىشكە ئوڭ تاناسىپ ھالەتتە. بۇ كەچمىشنى بايانچى شېئىرنىڭ تۈگەللىمىسىدە مۇنداق

بايان ئەيلەيدۇ:

قەدىمىي بىر كارۋاننىڭ
چۈشۈپ قالغان كولدۇرمىسى ئۇ.

بۇ يەردە «ئۈتەك» بىلەن «كارۋان»، «كولدۇرما» سۆزلىرى ئارىسىدا قىسمەتداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇنداق قىسمەتداشلىق ئۇنتۇلۇش — ياتلىشىش — تاشلىۋېتىشتىن پەيدا بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا زارىقىش، سېغىنىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

يولدا قالغان يولۇچىلارنىڭ
غەمگۈزارى ئۇ
بىراق ھېچكىمنىڭ ۋەتىنى ئەمەس.

شېئىر كونتېكستىنىڭ بۇ شېئىرىي جۈملىلىرىنى تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن، «يولدا قالغان يولۇچىلارنىڭ» دېگەن جۈملىنىڭ ئالدىغا «ئۈتەك» سۆزىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ بىر «—» بىلەن ئايرىساق ئۈتەك بىلەن ۋەتەننىڭ پەرقى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى كېلىپ چىقىدۇ. ئۈتەك — ئۇ ۋەتەنگە تەۋە، ۋەتەن — ئۈتەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پۈتۈنلۈك. يولدا قالغان يولۇچىلارنىڭ يول ئازابى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق دەستىدىن ئۈتەكنى ۋەتەنگە ئوخشىتىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەمەس. لېكىن ئاپتور «بىراق ھېچكىمنىڭ ۋەتىنى ئەمەس» دېگەن مىسرا بىلەن ئۈتەكنىڭ ھامان ۋەتەنگە تەڭداش ئېيتىم ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ يولۇچىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. شۇنداقلا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋەتەننىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى جەزم قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھالنى چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەنگە زارىقىپ ئۆتۈشلىرىگە تەققاسلىساق چەت ئەل — ئۈتەك. ۋەتەن — مەڭگۈ ۋەتەندۇر. بۇنداق بولغاندا بۇ شېئىردا ئاپتور «ئۈتەك» بىلەن «ۋەتەن»نىڭ نورمال لوگىكىلىق تەۋەلىكى ئارقىلىق ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئىپادە قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ شېئىردىكى يوشۇرۇن مەنە بولۇپ، ئاقىل ئوقۇرمەن ئۇل يوشۇرۇنلۇقنى ئەلۋەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايدۇ. شېئىردا دېيىلىۋاتقان نورمال لوگىكىلىق تەۋەلىك «ئۈتەك» بىلەن «ۋەتەن» ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

نورمال لوگىكىلىق تەۋەلىكنىڭ قارشىسىدا تۇرغان تەڭداش ئۇقۇم بىنورمال لوگىكىلىق تەۋەلىكتۇر. ئۇنداقتا بىنورمال لوگىكىلىق تەۋەلىك بىلەن نورمال لوگىكىلىق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟! بۇ سوراققا «ھەئە» دەپ تەستىق قايتۇرۇش بىلەن بىرگە شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئاقىلانىلىكتۇر. «قەشقەردىكى يەر شارى»دىن ئىبارەت بۇ سەرلەۋھەنىڭ ئۆزىلا بىنورمال لوگىكىلىق تەۋەلىكتىن ئىبارەت. بايانچى ماۋزۇنىڭ ئۆزىدىلا تەۋەلىكنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قالتىس ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. بۇ يازمىدا ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلمايدۇ. بىراق يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرمىلاردىن شېئىر يېزىۋاتقانلار ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچە تەرەپلەرگە نەزەرلىرىنى ئاغدۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس... ئەمدى تەھلىل يەنىلا «ئۈتەك» ناملىق شېئىر ئۈستىدە بولىدۇ.

كېلىدۇ...
كېتىدۇ...
ھېچكىم ئاڭا بىرەر گۈل تىكمەس.

ھەممە ئادەم ئۇخلايدۇ ئۇندا
قىزىق-قىزىق چۈشلەرنى كۆرۈپ.
لېكىن ئۇنى ھېچكىم چۈشىمەس...

شېئىر كونتېكستىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ بۆلەكلەر تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈلگەن باش قىسمى بىلەن تۈگەللىمە قىسمىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۆتەڭدۇر. گەرچە بۇ بۆلەكلەرگە ئالاھىدە مەنە يۈكلىرى يۈكلەنمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇرمەن بۇ بۆلەكلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسە شېئىردىن ئېرىشىدىغان ئېستېتىك قىنىشتىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ. بۇ بۆلەكلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالماسلىقىمدىكى سەۋەب، شېئىرنىڭ بۇ بۆلەكلىرى

پەقەت ھالقىما تەسەۋۋۇردىكى باغلانما ئويلارنىڭ مۇساپىسىنى بەك ئۇزارتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىزاھ خاراكتېردىكى تولۇقلىما بۆلەكلەردۇر.

ئەمدى مەن شائىر رەخىم ياسىن قاينامىنىڭ يېقىندا يېزىلغان بىر پارچە شېئىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارىمەن. بۇ شېئىر ئۆزۈندىن بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ھېكايىنى تەرەپلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ. بۇ بەئەينى شور دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا روبىرو قارىشىپ تۇرغان بىر ئاشىق ۋە ئاشىق تەرىپىدىن يوشۇرۇن مەشۇق قىلىۋېلىنغۇچىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان دىيالوگىدۇر. بىراق ئۇل دىيالوگلار بەزىدە سۈكۈت ئىچىدە قالىدۇ. ئاشىق بۇنداق ئۆزۈنغا سوزۇلغان سۈكۈت قورشاۋىدا قالغاندا، شېئىر مۇنداق باشلىنىدۇ:

## كارىۋىتىڭنىڭ كۆل سۈيى دولقۇنلاپ تۇرغان...

رەخىم ياسىن قاينامى

مەن بارىمەن ئاۋازىڭنىڭ ئورمانلىقىدا
قولۇمدا مىلتىق
ئوۋلاش ئۈچۈن چۈشلىرىڭنى...
سېنىڭ چۈشۈڭ كېپىنەكتۇر گۈللەرگە قونغان
سېنىڭ چۈشۈڭ ئۈچار قۇشتۇر كۆكسۈمدىكى ئاسماندا ئۇچقان
سېنىڭ چۈشۈڭ بۇلۇتتۇر ئۇيقۇمغا يامغۇر تۆكۈۋاتقان
سېنىڭ چۈشۈڭ شىرنىڭ ئالتۇن ھەيكىلىدۇر يولۇمدا ياتقان...

ھېچنېمىلەر بېسىلغان تېنىڭ قولۋاق قېنىم دەرياسىدا...

قايتىمەن قىرغاقلاردىن
كېچىنىڭ تاملىرىنى بويلاپ
كۈندۈزگىچە سوزۇلغان
ئاھ، سېنىڭ كۈندۈزۈڭ، تېنىڭدەك سۈزۈك مارجانلار چېچىلغان
مەنىلىرىڭدە قۇملار ئۆركەشلەپ دىلىمنى باسقان
سېنىڭ كۈندۈزۈڭ، پېشىمدە مۈشۈكتەك ئۇخلايدىغان
مېنى يالىڭاچ ھالدا كوچىلارغا چىقىشقا مەجبۇرلايدىغان
ئېھ، سېنىڭ كۈندۈزۈڭ... تالاي كۈندۈزلەرنى يىرتىپ تاشلىغان
چىقمەن كۆزۈڭدىكى سەھەردىن
قۇياشتەك قىزارغان ھالدا
كۈتىمەن قاراڭغۇ كېچىنى كارىۋىتىڭنىڭ ئەتراپىدا
سېنىڭ كارىۋىتىڭ كۆل سۈيىدۇر دولقۇنلاپ تۇرغان
كېچىدىن كېچىنىڭ داۋامىغىچە
سېنىڭ كارىۋىتىڭ داۋامىدۇر بىر ھېكايىنىڭ
قىزىل سىياھتا يېزىلغان
سېنىڭ كارىۋىتىڭ قولۇمدۇر كۆكسۈمگە چىلانغان
سېنىڭ كارىۋىتىڭ يولدۇر يۈرىكىمگە تۇتاشقان...

شېئىرنىڭ سەرلەۋھىسى «كارىۋىتىڭ كۆل سۈيى دولقۇنلاپ تۇرغان...» بولۇپ، ئوقۇرمەن دەل مۇشۇ جايدىن باشلاپ ئۆزىگە ئەزەلدىن تونۇش بولغان پىكىر يۆنىلىشىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ-دە، پۈتۈنلەي قۇرۇق ھالەتتە شېئىرغا يۈزلىنىدۇ. بۇنداق قۇرۇقدىلىش ئوقۇرمەننى ئەسلىدىكى ئوقۇرمەنلىك ئەندىزىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، شېئىرغا ئەگەشتۈرىدۇ. شېئىرغا ئەگەشكەن چاغدا ئوقۇرمەن ماۋزۇنى «كارىۋىتىڭ كۆل سۈيىدە دولقۇنلاپ تۇرغان» دەپ ئوقۇپ بېقىش ئىستىكىدىن ۋاز كەچمەسلىكى مۇمكىن. بىراق بۇنداق بولغاندا كارىۋات سۆزى ئىنقىلاپ چىقىلى بولىدىغان ئاددىي ئىگىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، «كارىۋات»نى بىر كېمىگە، قولۋاققا، سال-قېيىققا، پاراخوتقا تەققاسلىۋالغىلى بولىدۇ. يامان يېرى بۇنداق قىياس قىلغاندا، سەرلەۋھىنىڭ ئەسلىي كونتېكستىدىكى مەنە تىندۇرمىسىدا تېيىزلىق، بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ. ماۋزۇنىڭ ئەسلىي ئۆزىگە چۆكۈش ئۈچۈن ئوقۇرمەن تەپەككۇرىنىڭ نورمال لوگىكىلىق تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھېسسىي تەرەپكە يۈزلەنگەندە «كېچە»، «كارىۋات»، «ئىلاجسىزلىق»تىن ئىبارەت ئۈچ يېشىمگە يەنى يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ يىپ ئۇچلىرى ئارىسىدا تۆتىنچى تەھلىل يىپ ئۇچى «كۈندۈز» يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، كۈندۈز-ۋىسال لەھزىسىدىكى قېنىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ماۋزۇنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «...»مۇ تەھلىل قىممىتىگە ئىگە. ئۇل «...» ھېكايىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى راۋاجىغا ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، «كۆل سۈيى» سۆزىنى ئېقىش ھالىتىنىڭ سۈپىتىگە ئىگە

قىلىدۇ ۋە كەلگۈسى ئېنىقسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. تۈنجى ماۋزۇ تەھلىل تەجرىبىسىنى پۈتۈنلىگەندە مۇنداق شەرھ كېلىپ چىقىدۇ: بۇ مۇھەببەت مەڭگۈ مۇمكىنسىزلىك ئىچىدە بولۇپ، پەقەت كۈندۈزدىلا مۇئەييەن قېنىشقا ئېرىشەلەيدۇ. سۆيگۈچى — ئەر تەرەپ ئازاب-ئىزتىراپلار ئىچىدە، مەشۇق قىلىۋېلىنغۇچى — ئايال تەرەپ ئۇندىن بىخەۋەر ھۇجرىسىدا ئۇخلاپ ياتۇر ئۇزۇن كېچىدە. ئارىنى بىر دەريا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئايال ئۇ قىرغاققا ئۆتمەيدۇ، ئەر ئۇ قىرغاققا ئىلاجسىز ئۆتەلمەيدۇ... خوپ، شېئىرنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلىشكە باھانە تېپىلغاندەك قىلىدۇ:

مەن بارىمەن ئاۋازىڭنىڭ ئورمانلىقىدا
قولۇمدا مىلتىق
ئوۋلاش ئۈچۈن چۈشلىرىڭنى...

بۇ ئۈچ مىسرادىن «مەن چۈشلىرىڭنىڭ قاتىلى» دېگەن يېشىمغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش ئەدەبىياتىمىزدا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. بۇ مىسرالار ئىچىدە «مەن بارىمەن ئاۋازىڭنىڭ ئورمانلىقىدا» دېگەن جۈملە نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدىغان نەمۇنىلىك جۈملە بولۇپ «ئىلاجسىزلىق» دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. شۇنداقلا شور دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا روبىرو تۇرغان مۇھەببەت ئوبيېكتلىرىنىڭ كۈندۈزدىكى رېئال ئارىلىقىنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق شېئىردىكى تىراگېدىيەلىك مۇساپە ئۇلار ئارىسىدىكى ھېسسىي مۇساپىدۇر. ئۇ مۇساپىغا يەتكىلى بولمايدۇ. يەتكىلى بولمايدىغان ھېسسىي مۇساپە — دەل «كارىۋات». شائىر بۇ قىرغاقتا تۇرۇپ كارىۋاتنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولىدۇ-يۇ، توختىتىۋېلىشقا ئىلاجسىز قالىدۇ.

سېنىڭ چۈشۈڭ كېپىنەكتۇر گۈللەرگە قونغان
سېنىڭ چۈشۈڭ ئۇچار قۇشتۇر كۆكسۈمدىكى ئاسماندا ئۇچقان
سېنىڭ چۈشۈڭ بۇلۇتتۇر ئۇيقۇمغا يامغۇر تۆكۈۋاتقان

بۇ مىسرالار بايانچىنىڭ نىمە ۋەجىدىن جانانىنىڭ چۈشلىرىنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ شەرھىسىدۇر... ئەمەلىيەتتە جانان بايانچىنىڭ چۈشلىرىنىڭ قاتىلى! بىراق جانانىنىڭ قاتىللىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقىنىنى بايانچىدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەب ئاپتور جانانىنىڭ ئۆز چۈشلىرىنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ «سېنىڭ چۈشۈڭ بۇلۇتتۇر ئۇيقۇمغا يامغۇر تۆكۈۋاتقان» دەپ پەرياد قىلىدۇ.

قايتىمەن قىرغاقلاردىن
كېچىنىڭ تاملىرىنى بويلاپ
كۈندۈزگىچە سوزۇلغان

بايانچى بۇ يەرگە كەلگەندە ئىلاجسىزلىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كەينىگە قايتىدۇ. ئۇ ۋىسال لەززىتىنىڭ كۈندۈزگە باغلانغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ كۈندۈزگە زارىقىدۇ. ئەمدى كۈندۈز بىر جانان، جانان بىر كۈندۈزدۇر.

ئاھ، سېنىڭ كۈندۈزۈڭ، تېنىڭدەك سۈزۈك مارجانلار چېچىلغان
مەنىلىرىڭدە قۇملار ئۆركەشلەپ دىلىمنى باسقان
سېنىڭ كۈندۈزۈڭ، پېشىمدە مۈشۈكتەك ئۇخلايدىغان
مېنى يالىڭاچ كوچىلارغا چىقىشقا مەجبۇرلايدىغان
ئېھ سېنىڭ كۈندۈزۈڭ... تالاي كۈندۈزلەرنى يىرتىپ تاشلىغان

بۇ بىر قانچە مىسراغا قارايدىغان بولساق ئاپتور جانانغا باغلاپ تۇرۇپ كۈندۈزنى شەرھلەۋاتىدۇ. دەل مۇشۇ ئىزاھلاردىن ئوقۇرمەن ئول قەدىردان كۈندۈزنىڭ بايانچىنىڭ بىردىنبىر ۋىسال پەيتلىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ بۆلەكتىكى يىپ ئۈچى «سېنىڭ كۈندۈزۈڭ، پېشىمدە مۈشۈكتەك ئۇخلايدىغان»، «مېنى يالىڭاچ كوچىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلىدىغان»، «ئېھ سېنىڭ كۈندۈزۈڭ... تالاي كۈندۈزلەرنى يىرتىپ تاشلىغان»... قاتارلىق مىسرالار بولۇپ، بۇ مىسرالارنى يەككە ھالەتتە تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

1. سېنىڭ كۈندۈزۈڭ، پېشىمدە مۈشۈكتەك ئۇخلايدىغان — بۇ شېئىري جۈملە بىر ھېكايىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. ئول ھېكايىنى ئەزۋەيلەپ

ئۆلتۈرمىساقمۇ، مۇنداق بىر يېشمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ:

① ئايال بىلەن مۇشۇكنىڭ مۇناسىۋىتى: بۇ مىسرادا ئايال بىلەن مۇشۇكنىڭ ئورتاقلىقى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ بىپەرۋالىق، خىرامانلىقتۇر. بۇ بىپەرۋالىق ئايال تەرەپنىڭ مۇھەببەت داۋامىدىكى پاسسىپلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئاڭسىز ھالدىكى پاسسىپلىق. چۈنكى ئۇ ئايال بايانچىنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇن سۆيىدىغانلىقىدىن بىقۇلاقتۇر. شۇ سەۋەب شېئىردىكى ھېكايىدە ئاشىقلىق بار، مەشۇقلۇق يوق. ②كۈندۈز بىلەن مۇشۇكنىڭ مۇناسىۋىتى: كۈندۈز ــ بايانچى زارىقىپ كۈتكەن ۋىسال لەھزىسى. شۇنداقلا مۇشۇك بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، «كۈندۈز» بىلەن «مۇشۇك» بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شېئىرغا بۇزۇلۇش ئېلىپ كەلمەيدىغان تەڭداش ئىسىملار. دېمەك، كۈندۈز ــ مۇشۇك، مۇشۇك كۈندۈزدۇر. چاپاننىڭ پېشى بىلەن مۇشۇكنىڭ مۇناسىۋىتى: بۇ مۇناسىۋەت بىر ئازاب لەھزىسىنى ئەسكە سالىدۇ. لەھزە: يەنى سۆيۈش، كۈتۈش، بىپەرۋالىق، مۇمكىنسىزلىك. مۇھەببەت ئوبيېكتلىرىدىن ئايرىغاندا، ئاشىق تەرەپ: يوشۇرۇن سۆيۈش، سېغىنىش، ۋىسالغا ئىنتىلىش، مۇمكىنسىزلىكنى ھېس قىلىش، ۋاز كەچمەسلىك... مەشۇق قىلىۋېلىنغان تەرەپ: بىپەرۋالىق، خىرامانلىق... (بۇ نۇقتىدا مەشۇق قىلىۋېلىنغۇچى تەرەپتە خاتالىق يوق دەپ جەزم قىلىشقا بولىدۇ. سەۋەب، ئاشىق سۆيگۈ ھەققىدە ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىغان. ناۋادا ئايال ئاشىقنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلسە، ئاقىۋەت ئېھتىمال مۇنداق بولماس ئىدى). نەتىجە: مەڭگۈ مۇمكىنسىزلىك. ②مېنى يالىڭاچ ھالدا كوچىغا چىقىشقا مەجبۇرلايدىغان ــ بۇ بىر بىنورماللىق. بىراق بۇ مىسرا ئاشىقنىڭ سۆيۈش دەرىجىسىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. ئەزەلدىن ئەخلاق ـ ھايانى تەرغىب قىلىدىغان بىر قوۋمنىڭ پۇشتىنىڭ يالىڭاچ ھالەتتە كوچىغا چىقىشى سۆيۈشنى چېكىگە يەتكۈزگەنلىكتۇر. ③ئېھ سېنىڭ كۈندۈزۈڭ... تالاي كۈندۈزلەرنى يىرتىپ تاشلىغان ــ بۇ شېئىرىي جۈملە بايانچىنىڭ جانانىنى سۆيۈپ قېلىشتىن بۇرۇنقى بارلىق كۈندۈزلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇيغۇر ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ئىپادىلەش شەكلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا نەۋايى، مەشرەپ شېئىرلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىسرالار بولغان. مىسالەن ئېيتساق بابا رەھىم مەشرەپنىڭ بىر غەزىلىدە: «تەمامى خانى مانەمدىن كېچىبان بىر سېنى دەرمەن، ئۆزۈڭدىن ئۆزگە بىلمەيدۇ ئۆزۈڭ سالدىڭ جۇدالىقنى». بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇشبۇ مىسرانىڭ مەنە قاتلىمى ئوقۇرمەنلەرگە قاراڭغۇ ئەمەس، شۇ ۋەجىدىن بۇ مىسرا ھەققىدە ئارتۇقچە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرمايمەن.

چىقمەن كۆزۈڭدىكى سەھەردىن
قۇياشتەك قىزارغان ھالدا
كۈتىمەن قاراڭغۇ كېچىنى كارىۋىتىڭنىڭ ئەتراپىدا
سېنىڭ كارىۋىتىڭ كۆل سۇيىدۇر دولقۇنلاپ تۇرغان
كېچىدىن كېچىنىڭ داۋامىغىچە
سېنىڭ كارىۋىتىڭ داۋامىدۇر بىر ھېكايىنىڭ
قىزىل سىياھتا يېزىلغان
سېنىڭ كارىۋىتىڭ قولۇمدۇر كۆكسۇمگە چىلانغان
سېنىڭ كارىۋىتىڭ يولدۇر يۈرىكىمگە تۇتاشقان...

①چىقمەن كۆزۈڭدىكى سەھەردىن ــ بۇ مىسرا بىر قەدەر غۇۋا بولغان مەنە جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى «يىلنىڭ بېشى باھاردىن، ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن» ناملىق ماقالنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بايانچى ئۆز كۈندۈزىنى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن ئەمەس، جانانىنىڭ كۆزىدىن باشلايدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ: بايانچى سۆيگەن جاناندىن باشلىنىپ، يەنە شۇ جاناندا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ بىر بەدەل. ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئەبەدىيلىك بەدەل. ئىككىنچى بىر تەھلىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جانانىنىڭ ئەڭ جەلپكار ئەزاسى ئۇنىڭ كۆزى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن. شۇ سەۋەب ئاشىق ئۆزىنى جانانىنىڭ كۆزىدىن باشلايدۇ. ②قۇياشتەك قىزارغان ھالدا ــ بۇ مىسرا بايانچىنىڭ جانان كۆزىدىكى سەھەردىن چىقىش ھالىتىنى سۈپەتلەپ بېرىدۇ. ئاندىن كۈن (قۇياش) چىقىدىغان جاي بىلەن جانان، قۇياش بىلەن بايانچىنىڭ ئورنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، جانان،

جانان بىلەن بايانچى ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن مۇھەببەت مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە قىلىنىدۇ. ③شېئىرنىڭ «قۇياشتەك قىزارغان هالدا» دېگەن شېئىرىي جۈملىسىدىن كېيىنكى بەش مىسرانىڭ ئىزاھاتى باشتىكى «ھېچنېمىلەر بىسلىغان تېنىڭ قولۋاق قېنىم دەرياسىدا...» ناملىق مىسرا ئارقىلىق يوشۇرۇن ئىزاھقا ئىگە قىلىنغان. ئۇنداقتا بىر نەچچە مىسرانى ئۆزىگە تەۋەلەشتۈرەلىگەن ئالاھىدە شېئىرىي جۈملە «ھېچنېمىلەر بىسلىغان تېنىڭ قولۋاق قېنىم دەرياسىدا...» دېگەن مىسرانى تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى:

بۇ مىسرانىڭ ئۆزىلا ئاپتور تەرىپىدىن بىر بۆلەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ مىسرا(بۆلەك) شېئىرنىڭ باشلىنىش بۆلىكى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى بۆلەكلىرىنى ئايرىپ ھەم بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئايرىپ تۇرۇشتىكى سەۋەب بۇ مىسرا شېئىرنىڭ باشلىنىش بۆلىكىنى ئۆزى ئارقىلىق تولۇقلاپ، ئىخچام هالەتتە شېئىردىكى بىر پۈتۈن كەيپىيات ۋە ئاشىقنىڭ تەنھالىق كەچۈرمىشلىرىنى سىزىپ بېرەلەيدۇ. ئەكسىچە بىرلەشتۈرۈپ تۇرالىشىدىكى سەۋەب، ئۆزىدىن كېيىنكى بۆلەكلەرنىڭ رويابقا چىقىشىغا ئۇل مىسرا ئارقىلىق باھانە تېپىلىدۇ. بۇ مىسرا بايانچىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولۇپ، ئاشىق بۇ يوشۇرۇن سۆيۈشتىن پەقەت ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتكەن. ۋاز كېچىش خىيالدا بولغان بولسىمۇ، ۋاز كېچىشنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالمايدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. ھەيران قالارلىق يېرى، شېئىرنىڭ تۈگەللىمە بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا بايانچى ۋاز كېچىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ «سېنىڭ كارىۋىتىڭ قولۇمدۇر كۆكسۈمگە چىلانغان»، «سېنىڭ كارىۋىتىڭ يولدۇر يۈرىكىمگە تۇتاشقان...» دەپ ئۈنلۈك جار سالغان. ①سېنىڭ كارىۋىتىڭ قولۇمدۇر كۆكسۈمگە چىلانغان—بۇ شېئىرىي جۈملىدە كارىۋات بىلەن قول بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈش هالىتىدىكى تەڭداش ئىسىملاردۇر. بۇ ئىسىملاردىن بىرنى قىسقارتىپ «سېنىڭ كارىۋىتىڭ كۆكسۈمگە چىلانغان»، «مېنىڭ قولۇم كۆكسۈمگە چىلانغان» قاتارلىق جۈملىلەرنى ياسىۋالساق، ئىستېمالىمىزدىكى «يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق» ئىبارىلىرىسىغا يېقىن بىر مەنىگە ئېرىشىمىز. بىراق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان يېرى «يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق»نى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانى. بۇ ھەرىكەت نورمال هالەتتە ئورۇنلانسا، ئۇچىمىزدىكى كىيىم-كېچەكلەر ئۈستىدىن سول كۆكسىمىزنى تۇتۇپ بېقىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ناۋادا «يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق»نىڭ ھېسسىي جەھەتتىكى ئورۇنلىنىشى بولسا، ئۆز كۆڭلىمىزنى دەڭسەپ بېقىش بىلەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان بولىمىز. بىراق بايانچى «يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق»نى ئەمەلىي ۋە ھېسسىي تەرەپتىن قابىللىق بىلەن كىرىشتۈرۈپ، «كۆكسۈمگە چىلانغان» دېگەن يوشۇرۇن خەۋەر بىلەن شېئىرلەشكەن «يۈرىكىنى تۇتۇش» ھەرىكىتىنى ئەقلىي لال قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. سېنىڭ كارىۋىتىڭ يولدۇر يۈرىكىمگە تۇتاشقان...— بۇ مىسرا بايانچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىدۇر. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە چىلاپ يۈرىكىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ ۋاز كەچمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. خۇلاسە كالام، بۇ ئاشىق ئۇ «دولقۇنلاپ تۇرغان كارىۋات» يېنىغا يەنە تالاي قېتىملاپ بارىدۇ. بىراق نەتىجە شېئىرنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى بويىچە پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ مۇمكىنسىزلىك...

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**





# دەريا ئوغلى

(ھېكايە)

ئابدۇۋەلى ئىسھاق

مەسۇم قويلىرىنى ھەيدەپ كەنتتىن ئۆزاپ چىققۇچە مەھەللە-كويدىكىلەرنىڭ «باققاچ كەل» دەپ قېتىپ قويۇشى بىلەن ئەسلىدىكى ئون نەچچە تۇياق قويى ئاۋۇپ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتتى. كىم قانچە تۇياق قاتتى مەسۇم پەرۋايى پەلەك ھالدا قولىدىكى تۇم ۋە ئۇزۇن سۆگەت تايىقىنى پات-پات شىلتىپ قويۇپ قويلارنىڭ ئايىغىدىن توزۇپ چىققان توپا-چاڭغا ئەگىشىپ كېتىۋەردى. ھەتتا ئەڭ ئاخىردا بەش تۇياق قوينى قېتىپ قويۇشقا ئاران ئۈلگۈرگەن ھەسەن پالكۆزنىڭ:

— مەسۇمجان بالام، قويلارنى ئوت-چۆپ مولراق دەريا بويىدىكى سازلىقتا ئوتلات جۇما.— دەپ تاپىلاشلىرىغىمۇ ئېرەن قىلمىدى.

ئۇ بىر-بىرى بىلەن يول تالىشىپ ئىلدام كېتىۋاتقان قويلارنى قولىدىكى تاياق بىلەن جۇنەپ تۇرۇپ بىر-بىرلەپ ساناپ تەپسىلى سانىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئالدىنى ھەسەن پالكۆز تاپىلىغان دەريا بويىدىكى سازلىققا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى تۆپىلىكتە سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز سايلىققا قايرىدى. سايلىقنىكى ئاندا-ساندا ئۈنۈپ قالغان توپ-توپ چىغ ۋە جىغان، يامغۇر سۈيى بىلەن ياشناپ سايلىققا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ تۇرغان ھەرخىل چۆل ئوتلىرى قويلارنىڭ بىمالال ئوتلىشىغا يېتەرلىك ئىدى. مەسۇم قويلىرىنى سايلىققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئېگىزرەك بىر بەلدەمدىكى يالپاڭ تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىن قارىغاندا سايلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆز يېتىم يەردە يېشىل پاياندازدەك يېيىلىپ ياتقان بىپايان دەريا ۋادىسىنى، ۋادىغا ئۆزگىچە سۈلكەت بېغىشلاپ قۇياش نۇرىنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن كۈمۈشتەك يالتىراپ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريانى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مەسۇم يېشىل قىرغاققا قايناق ئىشقى بىلەن لەۋ ياققان ئانا دەرياغا يىراقتىن ئەيمىنىش نەزىرىدە كۆز تىكتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ ھېچقاچاندا دەرياغا بۇنداق يوچۇن نەزەردە قاراپ باقمىغانىدى. چۈنكى، مۇشۇ گۈزەل دەريا ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ، دەريانىڭ قىشمۇ ياز ئۆكسۈمەيدىغان شاۋقۇنلۇق ھايات كۈيىدە ئەللەيلىنىپ چوڭ بولغان مەسۇم ئۈچۈن ئانا دەريا ئوغۇز سۈتىدەك

يېڭى كۈچ

«كۆيزار» يېڭى كۈچلەر ئەدەبىيات سالونى

پاك ۋە مۇقەددەس ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ دەرياغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ئاشۇ كۆپۈكلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا قايناملىرىدەك چوڭقۇر، ئىنتىلىشى دەريا سۈيىنىڭ چاپچىشىدەك توسقۇنسىز ھەتتا ئۇنىڭ بالىلىق شوخلۇقلىرىنىمۇ ئانا دەريانىڭ بىر-بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ شاش دولقۇنلىرى بەخش ئەتكەن. مەسۇم ھەر قېتىم تەگتۇشلىرى بىلەن سۇغا چۆمۈلۈپ كۆكۈللۈك ئوينىغان چاغلىرىدا ئانا دەريامۇ ئۇلار بىلەن تەڭ ھاياجانلانغاندەك زوق-شوق بىلەن مەۋج ئۇرىدۇ-دە، ئىللىق باغرىدا ئۇنىڭ جان-تېنىنى يايرىتىۋېتىدۇ. شۇ ھالدا ئۇنىڭ بالىلارچە قىزغىن ھەۋەسلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، ئويناقشىپ بارغانچە ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار قەلب دالاسىغا سىڭىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. دەرۋەقە مەسۇم تەگتۇشلىرىغا قارىغاندا سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىدى. يېشىغا ماس كەلمىگەن قورقۇمسىزلىق بىلەن دەريانىڭ تېرەن تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا، ئەبەدىي ئۇنتۇلغۇسىز بالىلىق ئەستىلىكلىرىنى زىننەتلەيتتى. ئۇنىڭ دەرياغا بولغان ئىشتىياقى شۇ دەرىجىدە قىزغىن ئىدىكى، ۋۇجۇدىدا قىلچە ئەيمىنىش تۇيغۇسى مەۋجۇت بولمايتتى. ئەپسۇس، بۈگۈن ئۇ...

دەريانىڭ قاتمۇ قات دولقۇنلىرى قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان يېقىملىق شاۋقۇنلىرى قانداقتۇر ئۇنى ئۆز باغرىغا تاقەتسىز چىللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ دەرياغا تىكىلىپ تۇرغان ئەنسىز كۆزلىرىگە دەريا سۈيى بىردىنلا لايىقىپ كەتكەندەك بەتتەرەڭ تۇستە نامايان بولدى. قارىغانسېرى قوشنا كەنتتىن كەلگەن پادىچى بالىلار ھېلىلا ئەنسىز چۇرقىراشقىنىچە دەريادىن بىچارە گۈلسۇمخاننىڭ جەسىتىنى سۈزۈپ چىقىدىغاندەك قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋېلىپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

«گۈلسۇمخان چوقۇم ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدۇ.»

تۈنۈگۈندىن بېرى مەسۇمنىڭ كاللىسىغا قاباھەتلىك شۇ خىيال كىرىۋېلىپ ئۇنى بىردەممۇ ئارامىدا قويمىدى. چۈنكى تۈنۈگۈن گۈلسۇمخان ئۆز ئېغىزى بىلەن شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ چاغدا مەسۇم قويلىرىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، يول ياقىسىدىكى ئەمدىلا پۆپۈك چىقىرىشقا باشلىغان قوناقلىق ئارىسىدىن قوناق شاخلىرىنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. سايا قىراق قويلاردىن بىرەرسى كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ كىرىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلغان مەسۇم ئالدىراپ قوناقلىق ئارىسىغا كىردى. كىردى-يۇ، كۆزلىرى غەلىتە سىياقتا چەكچىيىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي جايىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە قوشنىسىنىڭ ئوغلى تۇرامەت ھاياسىزلىق بىلەن ھەسەن پالكۆزنىڭ قىزى گۈلسۇمخاننى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، گۈلسۇمخان خۇددى قىسماققا چۈشكەن نىمجان توشقاندەك ھەريان تېپىرلاپ جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار ئۆز ھەلەكچىلىكىدە مەسۇمنىڭ كىرگىنىنى سەزمەي قالدى. مەسۇم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چوڭراق تىن ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي غۇژمەك قوناقنىڭ دالدىسىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى. بىچارە گۈلسۇمخان قوناقلىققا ئوت ئالغىلى كىرىپ ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قالغان چېغى، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، مورلاپ قان-ياش يېلىناتتى.

— خۇش بوپ قالاي تۇرامەت، بۇنداق قىلما، مېنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان يىگىتىم بار. ئۇ سېنىڭ دوستۇڭغۇ، دوستۇڭغا ئاسىيلىق قىلما! ھۇ... ھۇ... ھۇ...

ئەمما تەلۋىلىكى تۇتقان تۇرامەت گۈلسۇمخاننىڭ يېلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي قۇترىغىنىنى قۇترىغانىدى.

— قوي بۇ گېپىڭنى. ئەسلىدە مەن سېنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياخشى كۆرگەن، ئەمما ئۇ مەندىن چاققان چىقتى. ماقۇل دەپ مۇشۇ بىر قېتىم...

— ياق، ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ. مېنى نابۇت قىلسەن، ئۇنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولىمەن.

— كارىم يوق! بۇ پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقىلى ماڭا ئۇزۇن بولغان، ياخشىلىقچە ياۋاش بول.

— ۋاي، ئېشەكتىن تۆرەلگەن لۈكچەك! ماڭا چېقىلىپ باقە قېنى، ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن، بارغان يېتىم ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلايمەن! ھۇ... ھۇ... ھۇ...

گۈلسۇمخاننىڭ ئاسايىشلىق نالە-پەريادىدىن مەسۇمنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، يۈرىكى پۇچۇلىنىپ كەتتى.

قولىدىكى تاياق بىلەن تۇرامەتنىڭ ئات كالىسىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالغۇسى كەلدى-يۇ، ئەمما كىچىكلىكىگە تەن ئېلىپ، قوناقلىقتىن شەپىسىزلا قايتىپ چىقتى.

«گۈلسۇمخان ئەمدى ئۆلۈۋالىدىغان بولدى.»

مەسۇمنىڭ باللىق قەلبىدە قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە ئۇيۇپ قالدى. قورقۇنچ ئىچىدە نەپىسى نەپىسىگە يېتىشمەي، يۈزى پوكاندەك قىزارغان ھالدا ئاللىبۇرۇن ئۇزاپ كەتكەن قويلىرىنىڭ ئارقىسىدىن پالاقشىپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە، ھېچكىم مال باقىلى كەلمەيدىغان مۇشۇ سايلىققا قويلىرىنى مەجبۇرىي ھەيدەپ ئەكەلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇ ھالدا دەريا بويىدا مال بېقىشقا ھەرگىزمۇ پېتىنالمايتتى.

مەسۇم شۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قىز بالا بولۇپ ياشاشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ھېس قىلدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما گۈلسۇمخاننىڭ ئۆلۈۋالغانلىقى توغرىسىدا شۇم خەۋەر تارقالمىدى. كەنت ئىچى ئادەتتىكىدەك جىمجىت ئىدى. بۈگۈندىن ئۇ، بەلكىم مالچى باللار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە جەسەت ئاياغ تەرەپكە ئېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلدى.

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا پۈتۈن ئەزايى كۆپۈپ لەشلىشىپ كەتكەنلىكتىن قارىغان كىشى ئەيمەنگۈدەك قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان بىر سىما نامايان بولدى. بۇ بۈگۈندىن بىر نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئىش ئىدى. مەسۇم قاتارلىق بىر توپ باللار مال-ۋارانلىرىنى دەريا ساھىلىدىكى سازلىققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى دەريانىڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان تېيىز يېرىدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى:

— قاراڭلار، ئاۋۇ نېمە؟ — دەپ ئەنسىز تۈۋلىۋەتتى. باللار ئالاقزادە بولۇپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە تەڭلا قاراشتى ۋە قىر بويلاپ ئېقىپ كېلىپ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان دوڭغاق سۆگەتنىڭ پۈتىقىغا ئىلىنىپ قالغان بىر قىزنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ چۇۋۇلداشقىنىچە ھاپىلا-شاپىلا سۇدىن قېچىپ چىقىۋالدى-دە، كەنتكە تامان يۈگۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن تېزلا يېتىپ كەلگەن چوڭلار جەسەتنى سۇدىن سۈزۈپ چىقارغىچە ئارىلىقتا كىم مەلۇم

قىلدىكىن ساقچىلارمۇ يېتىپ كەلدى.

كېيىن ئاڭلىشىچە باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان ئۇ قىز خورلۇققا چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانىكەن. مەسۇمنى شۇ كۈنى بىر كېچە قارا بېسىپ جۆيلۈپ چىقتى. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا ئېغىز ئەتراپىنى تۈگەل قوقاق بېسىپ كەتكەنىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن باللار خېلى بىر مەزگىلگىچە دەريا بويىدا مال بېقىشقا پېتىنالمىدى.

ئىشلار شۇنداق بولىدىغان بولسا ئاشۇ خىل پاجىئەنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا چىنپۈتكەن مەسۇم گۈلسۇمخاننىڭ كاج تەقدىرىگە ئېچىنىش تۇيغۇسىدا بولدى. شۇ ھالدىكى قىزنىڭ قاتىلى بولمىش تۇرامەتنى بولسا ئېپلاستىن ئېپلاسقا چىقىرىپ ئىچىدە بىر مۇنچە تىللىدى. مەسۇم ئىختىيارسىز قولىدىكى توم ۋە ئۇزۇن سۆگەت تايىقنى ئەسەبىيلەرچە شىلتىپ، ئۆزىدىن بىر ماغدام نېرىدا غۇژمەك ئۆسۈپ تۇرغان تىكەنلىك چاتقالنى ئۇرۇپ چەيلىۋەتتى.

شۇ كۈنى مەسۇم پۈتۈن بىر كۈن دېگۈدەك باللىقتىكى خۇشاللىقنى تاپالماي، ئەنسىزلىك ئىچىدە خامۇش يۈردى.

ئىشلار مەسۇمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. گۈلسۇمخان ئۆلۈۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلدى. توي قىلغاندىمۇ باشقا بىرى بىلەن ئەمەس بەلكى، قېرىشقاندەك دەل مەسۇمنىڭ ئاكىسى بىلەن توي قىلدى. ئۆلۈۋالمىغىنىغۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، بىراق، ئۇيالماي مەسۇمنىڭ ئاكىسى بىلەن توي قىلىشى مەسۇمغا نىسبەتەن تولىمۇ قاملاشمىغان، بىمەنە ئىش بولدى. مەسۇمنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولسا گۈلسۇمخان ئەمدىلىكتە ياۋاش-يۇمشاق ئاكىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرامەت دېگەن ئاشۇ نومۇسسىز ھايۋان بىلەن توي قىلسا مۇۋاپىق بولاتتى. لېكىن ئۇ ئىشلاردىن مۇستەسنا چوڭلار پۈتۈشۈپ بولغان ئىشقا مەسۇم نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ شۇندىلا ئۇ، شۇ كۈنى قوناقلىقتا يۈز بەرگەن ئۇ ئىشلارنى تەڭتۇشلىرىغا يېيىپ يىڭنىسىغىچە زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىپ مەھەللە-كويىغا داۋراڭ قىلىۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ناۋادا شۇنداق قىلغان بولسا ئاھانەتكە چىدىمىغان گۈلسۇمخان ئاللىبۇرۇن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان، مەسۇممۇ

بۇ خىل ھاقارەتلىك رېئاللىقنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولاتتى. مۇبادا ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا كەپسىزرەك باللار بولغان بولسا چوقۇم شۇنداق قىلاتتى. ئەمما مەسۇم ئۇنداق قىلمىدى. ئوچۇقنى ئېيتقاندا ئۇ ئىشلارنى دەپ يۈرۈشكە يۈزى چىدىمىدى.

تويى كۈنى مەسۇم يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنى ھەرقانچە قىلىپ بولسىمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، روھى چۈشكەن ھالدا سالپىيىپ قالدى. ئاتا-ئانىسى بۇيرۇغان ئىشلارنى بىجىرىشنىمۇ خالىمىدى. تويى خۇشاللىقىدا قىن-قىنىغا پاتماي قالغان تەڭتۇش باللارنىڭ چەللە-باراڭ ۋە تام ئۈستىدىن غۇلغۇلىغا بويۇنداپ قاراشقىنىچە «قارا مەسۇم، بۇگۈن ھەدەڭ ئادەتتىكىدىنمۇ بەك چىرايلىق بوپ كېتىپتۇ» دەپ يېقىنچىلىق قىلىشلىرى ئۇنى قەستەن تېرىكتۈرۈپ مازاق قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. چىرايلىقلىقى قۇرۇسۇن، ئاكامنى ئەخمەق قىلغاندەك تېگىۋالغان ئۇ بىرنېمىنىڭ ماڭا ھەدە بولۇش سالاھىيىتى يوق... مەسۇم شۇ خىياللار ئىچىدە كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئاچچىق رېئاللىققا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن رېئاللىق بەربىر رېئاللىق-تە.

مەسۇمنىڭ ئەڭ ئاچچىقنى كەلتۈرگىنى تۇرامەت دېگەن نائەھلىنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاكىسىنىڭ يېنىدا قولداش بولۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ مەغرۇر تۇرۇشى ئىدى. ئاكىسىمۇ تازا بىر، مەھەللە-كويىدا ئۇنىڭدىن باشقا تۈزۈك ئادەم تېپىلمىغاندەك شۇ بىرنېمىنى ئۆزىگە قولداش قىلىپ تاللىغىنىنى قارىمامدىغان. خورلۇق، خورلۇق. ھەتتىگىنەي، شۇ چاغدا مەسۇم نېمە كۆرسەم كۆرەي دەپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇنىڭ ئات كاللىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغان بولسا بۇگۈنكىدەك دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قالمىغان، گۈلسۇمخانىمۇ ئۇنىڭ ئىپلاس تاپىنىدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، ئىشلار ئۆز يولى يۈرۈشكەن بولاتتى ئەمەسمۇ؟ خەير، تۇرامەتنىڭ شۇ ھالدا غادىيىپ تۇرۇشىدىن ئوغىسى قاينىغان مەسۇم ئۇنى ھازىرلا ئېزىقىغا ئېلىپ چايناپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چەكسىز ئۆچمەنلىك نەزىرىدە يىراقتىن غەزەپلىك قارىدى. ئۇنىڭ نەزىرى تويى بولۇۋاتقان ئاكىسىغا ئاغدۇرۇلغاندا بولسا تېخىمۇ چىدىيالماي قالدى. كۆزىگە ئاكىسى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا خارلىنىۋاتقاندەك تولىمۇ بىچارە سىياقتا كۆرۈنەتتى. كۆڭلى بۇزۇلغان مەسۇمغا ھويلىنى بىر ئالغان شادىيانە ناخشا-ساز ۋە تويى ئەھلىنىڭ ئوك-تەنتۇر ئۇسسۇل ئويناشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى تېتىمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاكىسىنىڭ بۇ تويى بەجايىكى مۇسىبەت مەرىكىسىدەك قايغۇ-ھەسرەت ئېپكەلگەن ئىدى. دېمەك مەسۇمغا ھەدە بولمىش گۈلسۇمخان ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئۇنىڭ ئاكىسىنى شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرگەنىدى. كۆڭلى بۇزۇلغان مەسۇم ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىچە پاتقىدە ئېتىلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران كونترول قىلىپ تۇرۇپتىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى-دە، كوچىغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

«نېمىشقا، زادى نېمىشقا ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ؟ گۈلسۇمخان ئەسلىدە ئۆزى ئېيتقاندەك ئۆلۈۋېلىشقا تېگىشلىك ئىدىغۇ، يەنە نېمىشقا ھېلىقى قىز بالىدەك ئۆلۈۋالماقتا يوق، ناپاك تېنىنى ساختىلىق پەركەنجىسىگە يوشۇرۇۋېلىپ ئاكامغا تېگىۋالىدۇ؟ قارىغاندا ئۇ تۇرامەت بىلەن بولغان قوناقلىقتىكى ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزىچە ئۆزىنى پاك چاغلايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ۋاي، نومۇسسىز شەرمەندە. ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ نومۇسىنى يۇيغان ھېلىقى قىز بالىچىلىك بولالمىغاندىكىن سەنمۇ تايىنلىق بىرنېمىكەنسەن. ئاكامنىڭ يۈزىنى يەر قىلغىنىڭغا خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر»...

مەسۇم كۆڭلىدە نېمىلا ئويلىمىسۇن بولغۇلۇق بولغانىدى. ئۇ شۇ يۈگۈرگەن پېتى كەنتنىڭ تۆۋىنىدىكى ياردائىلىق ئارقىلىق دەريا بويىغا كەلدى-دە، دوڭغاق سۆگەت دەرىخى ئاستىدىكى قويۇق چۆپلۈككە ئۆزىنى تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. شاۋقۇنلۇق دەريا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىدەك ئۆركەشلەپ ئاقاتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ يىغلاشتىن توختاپ، بىر قەۋەت قېلىن ياش پەردىسى ئارقىسىدا مۆڭلىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئېلىتجالىق باقتى. دەريا يەنىلا شۇنداق سۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭچە پەقەت كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ مۇقەددەس دەريالا زېمىندىكى بارلىق مەينەتچىلىكلەرنى غەرق قىلىپ مەڭگۈ پاك پېتى قالاتتى. ئۇنىڭ سۈزۈك دولقۇنلىرىغا قارىغانچە مەسۇمنىڭ كۆڭۈل غەشلىكىمۇ بىرئاز سۈزۈلگەندەك بولۇپ، مىسكىن كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالدى. دەريا سۈيىنىڭ بۇژغۇپ تۇرغان مەرۋايىتتەك

ئۇششاق تامچىلىرى ئۇنى ئۆز باغرىغا چىلاپ يېقىملىق جىلۋە قىلاتتى. مەسۇم تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇچىسىدىكى ئېغىرلىشىپ تۇرغان كىيىملىرىنى ھاپىلا-شاپىلا سېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى بۇژغۇنلار قېتىغا ئاتتى. ئۇنىڭ غۇلاچلىرىنى كەڭ كېرىپ پىلتىڭلاپ ئۈزۈشلىرىدىن غىدىقى كەلگەن ئانا دەريا ئىچ-ئىچىدىن شادلىنىپ كۈلەتتى. ئۇنى بىردە چۆكتۈرۈپ، بىردە لەيلىتىپ، بىردە ئۈك، بىردە دۈم قىلىپ ئىللىق باغرىدا مېھرىبان ئانىدەك پەپىلەيتتى. مەسۇم شۇ ھالدا مۇشتەك ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان بارلىق دەرد-ھەسرەتلىرىنى بىر يولى تازىلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۆزى يالغۇز خېلى ئۇزۇنغىچە سۇ ئۈزۈپ ئوينىدى.

تويدىن كېيىنمۇ مەسۇمنىڭ قاپىقى پەقەت ئېچىلمىدى. گۈلسۈمخانغا قارىسىلا كۆزىگە قوناقلىقتا يۈز بەرگەن ئاشۇ ئىشلار كۆرۈنۈۋېلىپ، ئۇنىڭدىن خۇددى نىجاسەتتىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىپ كېتەتتى. ئېغىزنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ ئۇنى بىرەر قېتىم «ھەدە» دەپ چاقىرىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ مىجەزىدىكى تۇيۇقسىز بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆي ئىچىدىكىلەرنى تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

— دېگىنە بالام، — دېدى بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ، — ساڭا زادى نېمە ئىش بولدى؟ بىزنى ئەنسىرىتىپ يېقىنقىياغى بىر قىسما بولۇپ قېلىۋاتىسەن، كۆڭلۈڭگە تەگكۈدەك بىرەرسى ساڭا بىر نېمە دېدىما؟

مەسۇم سەۋەبىلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ئاپىسىنىڭ مۇلايىم چېھرىگە ھېلىلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك بىر تەرزدە قارىدى-دە، ھاياسىز ئۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قالغان كۆزىدە ئاپىسىغا قارىسا بولمايدىغانلىقىنى يادىغا ئالغاندەك شۇئان كۆزىنى ئېپ قاچتى.

— ياق ئاپا، ھېچ ئىش بولمىدى، — دېيەلىدى ئۇ پەس ئاۋازدا ئارانلا.

— ئەمسە ئۆزۈڭنى خۇشال تۇتۇپ، روھلۇقراق بولمامسەن. ھېلىتىن ساڭا نېمە خۇيلىنىش. قاچانلا قارىسا بىرەرسىدىن قىيدىغاندەك بۇنداق باتناپ يۈرسەڭ ھەدەڭ قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ ئۇ ساڭا شۇنچە ئامراقلىق قىلسىمۇ ئوچۇق چىراي ئاچمايسىنا؟

«ئامراقلىقى قۇرۇسۇن!» مەسۇم شۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. دېمىسىمۇ گۈلسۈمخان بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بېرى تېزلا ئۆزلىشىپ، ئۆي بىلەن ئېتىز ئىشلىرىغا تەڭ جان كۆيدۈرىدىغان بولغانىدى. ئاپىسى ئېيتقاندەك مەسۇمنى بىر قورساق ئىنىسىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇ خالىسۇن، خالىمىسۇن ئۇنى كۆرگەنلا يېرىدە ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ سىلكىشلەشلىرىنى زادىلا كۆڭلىگە ئالمايتتى. مەسۇمغا نىسبەتەن ھەدىسىنىڭ بۇ خىل ئىللىق مۇئامىلىسى قانداقتۇر چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، بەلكى، ياسالمىلىقتەك تۇيۇلۇپ، كۆزىگە پەقەت سىغمايتتى. ئاكىسى ئىككىسىنى بىرەر باھانە-سەۋەب بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئاجرىشىپ كەتسىكەن دېگەن خىياللاردا بولاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن قارىغاندا ھېچ ئۇرۇشىدىغاندەك قىلمايتتى. بىر-بىرىگە شۇنداق ئېجىل، ئامراق ئەر-خوتۇنلاردىن ئىدى. ھەتتا ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنى ئۆز قىزىدەك ئەتىۋارلاپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگىدەك ھالغا يېتەتتى. بۇ ھال مەسۇمنى تېخىمۇ ئارامسىزلاندۇردى.

— مەسۇمجان، ئاكاڭ ئۆيدىمۇ؟

قويلىرىنى قوتاندىن چىقىرىپ باققىلى ئېلىپ ماڭغان مەسۇمغا موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە ئوچۇق دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان تۇرامەت دوقۇرۇشۇپ قالدى. كۆزىگە ئۇ خۇددى ئېغىز-بۇرنىدىن قاپقارا ئىس پۇرقۇپ تۇرىدىغان بەتبەشىرە مەخلۇقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئاشۇ بىر نېمىنى مەسۇم ئىلگىرى «تۇرامەت ئاكا» دەپ ھۆرمەتلەپ يۈرۈپتۇ دېسە. ئەمدى ئويلاپ باقسا ئۇنىڭ چوڭ بىلىپ تەپ تارتقۇدەك سالاھىيتى يوقكەن. ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى مەسۇم بىلمەيدىغاندەك تېخى گەپ قىلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. ئۇنىڭ گېپى مەسۇمنىڭ قۇلىقىغا قانداقتۇر «ھەدەڭ ئۆيدىمۇ؟» دېگەندەك ئاڭلىنىپ، ھاقارەتتىن يۈزى چىمىلداپ كەتتى. قولىدىكى تاياقنى مەھكەم سىقىمدىغانچە، غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقنى مەجبۇرىي بېسىپ تۇرۇپ:

— ئاكام ئۆيدە يوق! — دەپ تەرىنى تۇرۇپ قوپال تەگدى ئۇ.

تۇرامەت ئۇنىڭ ئەلپازىغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ ئارقىغا ياندى. مەسۇم هويلىدىن يېتىراپ چىققان ساياق قويلىرىغا پەش قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۇخادىن چىققۇچە دارىتمىلاپ تىللىۋالدى.

مەسۇم قويلىرىنى هەيدەپ كەنتتىن ئۆزاپ چىققۇچە كۇندىكىدەك مەهەللە-كويىدىكىلەرنىڭ «باققاچ كەل» دەپ قىيتىپ قويۇشى بىلەن ئەسلىدىكى ئون نەچچە تۇياق قويى ئاۋۇپ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتتى. كىم قانچە تۇياق قاتتى مەسۇم پەرۋايى پەلەك هالدا قولىدىكى توم ۋە ئۇزۇن سۆگەت تايىقنى پات-پات شىلتىپ قويۇپ، قويلارنىڭ ئايىغىدىن توزۇپ چىققان توپا-چاڭغا ئەگىشىپ كېتىۋەردى. بىر چاغدا ئارقىسىدىن بەش تۇياق قوينى ئالدىراپ هەيدەپ هەسەن پالكۆز پالاقشىپ كەلدى.

— مەسۇمجان بالام، ماۋۇ قويلارنى...

— ياق، باقمايمەن، — كەسكىن رەت قىلدى ئۇ.

ئەزەلدىن كىم نېمە دېسە ياق دېمەيدىغان قۇلىقى يۇمشاق بۇ بالىنىڭ بىردىنلا بۇنداق قوپال تىگىشىنى كۇتمىگەن هەسەن پالكۆز ئېغىزىنى ئاچقان پېتى داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئىش ئۇقمايدىغان كىچىك بالا تۇرسا ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ شۇ تاپتا كەيپى ئۇچقان مەسۇم كۇندىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل قوداڭ مىجەز بىلەن قويلىرىنى خۇددى ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئالدىراش هەيدەپ دەريا بويىدىكى سازلىق تامان يۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

مەسۇم شۇ هالدا ئازابلىق تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ، ئېغىر بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە بىر نەچچە ئاي ئۆتۇپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئاكىسى بىلەن هەدىسى ئۇ ئۆيلىنىۋاتقاندەك بىرەر قېتىممۇ سەن، پەن دېيىشىپ باقمىدى. ئەكسىچە بىر كۇنى ئاكىسى مەسۇمنى يېنىغا چاقىرىپ:

— سەن ئۇنى هەرقانچە ئۆچ كۆرسەڭمۇ، ئۇ بەرىبىر سېنىڭ هەدەڭ بولىدۇ. شۇڭا پوزىتسىيەڭگە دىققەت قىل. ئاڭلىسام ئۇنىڭ دادىسىغىمۇ قوپال تېگىپسەن، ئۆزىنى بىلىۋالا دەپ گەپ قىلمىسام تولا هەددىڭدىن ئاشما، — دەپ ئوبدانلا تەنبىھ بېرىپ قويدى. بۇنىڭدىن مەسۇمنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى. چۇنكى ئاكىسى بۇگۇنگە قەدەر ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ باقمىغانىدى. مېنى ئاكامغا چېقىشتۇرۇپ گەپكە قويغان ئەشۇ بىرنېمىغۇ تايىنلىق، دەپ ئويلاپ گۇناهنىڭ هەممىسىنى يەنىلا گۇلسۇمخاندىن كۆردى. شۇ كۇنى ئۇ ئاكىسىغا يېتىنىپ بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىش سەۋەبلىك ئاكىسىدىنمۇ كۆڭلى قالدى.

كۈز ئايلىرى يېتىپ كېلىپ، كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى مول هوسۇل شادلىقىغا چۆمۇلگەنىدى. پەقەت مەسۇمنىڭلا كۆڭلى غەش، پاراكەندە ئىدى. ئۆزى بىلەن ئۆزى خۇدۇكسىنىپ، باللارغىمۇ قېتىلماي قويلىرىنى سازلىقنىڭ بىر چېتىدە ئايرىم باقاتتى. ئىلگىرىكىدىن خېلىلا ياۋاشلاپ قالغان دەريا بولسا ئۇنىڭ تەنها سۇرگەن خىياللىرىنى دولقۇنلىرى قېتىغا ئېلىپ يىراق-يىراقلارغا ئېپكېتەتتى. راست، ئۇنىڭ خىياللىرى ئىلگىرى كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ دەريا سۇيىدەك سۇزۇك، غۇبارسىز هەم پاك ئىدى. قوناقلىقتا يۇز بەرگەن ئۇ ئىشلارنى قاچان كۆرۇپ قالدى، شۇ كۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ بۇلغىنىپ كەتتى. باللارغا خاس شوخ، تېتىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. چۇنكى ئۇ ئىش ئۇنىڭغا ئۇنتۇلغۇسىز پاسسىپ تەسىر بەرگەنىدى. ئېهتىمال گۇلسۇمخان ئاكىسى بىلەن ئەمەس، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلغان بولسا ئۇ بۇنچىۋالا چۇشكۇنلىشىپ كەتمەس بولغىيتى، لېكىن قېرىشقاندەك ئۇنىڭ بىر قورساق ئاكىسى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇشى هەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەسۇمغا نىسبەتەن قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان رەهىمسىز رېئاللىق ئىدى. بۇ رېئاللىقنىڭ شۇ هالدا قاچانغىچە داۋاملىشىشىغا مەسۇممۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئىلاجسىز دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، هەممىگە نەپرەت كۆزىدە قاراپ ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ كۇنلەرنىڭ بىرى مەهەللە ئىچىدە «تۇرامەت قوشنا كەنتتىكى بىر قىزنى مەجبۇرىي ئەپقېچىپ قويۇپ تۇرمىگە كىرىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. هەممىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بۇ خەۋەر ئەكسىچە مەسۇمنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى مىسكىن كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇپ، ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. «ئاخىرى جاجىسىنى يەپتۇ-دە، ئەسلىدىلا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتى، خوپ بوپتۇ» دېگىنىچە دەردى چىققاندەك ئۆزىنى خېلىلا يېنىك هېس قىلدى ئۇ.

چۇشتە مەسۇم قويلىرىنى قوتانغا ئەمدىلا سولاپ تۇرۇشىغا ئاپىسى:

— مەسۇمجان بالام، بۇ چاينى ئېتىزغا دىككىدە ئاپىرىپ كېلىپ ئاندىن چىيىگىنى ئىچكىنە، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ئاپىسى تۇتقۇزۇپ قويغان چاينى ئېلىپ ئېتىزلىق تامان يۈرۈپ كەتتى. كۆز قاتلاشچىلىقىدا مەھەللە-كوي جىمىپ قالغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىم ئىشى بىلەن ئېتىزدا ئالدىراش ئىدى. نەلەردىندۇر مول ھوسۇل شادلىقىغا تولغان ناخشا ساداسى كۆز ئاسمىنىدا لەرزان پەرۋاز قىلاتتى. ئېتىز ئارىلاپ كېتىۋاتقان مەسۇمنىڭ قۇلىقىغا ئۇشتۇمتۇت ياندىكى ئوراقسىز قالغان بىر نەچچە قۇر قوناقلىق ئارقىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ ياش ئەر-ئايالنىڭ تۇرامەت توغرىسىدا قىلىشقان پاراڭى ئاڭلىنىپ قالدى.

— ... شۇ كۈنى قوناقلىقتا سۇ تۇتۇۋاتاتتىم، قوناقلىق ئارىسىدىن بىرسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمىش بولدىكىن دەپ قوناقلىق ئارىلاپ بېرىپ قاپتىمەن. قارىسامسەن ما سەتچىلىكنى، تۇرامەت دېگەن بەتپەيلى ھەسەنكامنىڭ قىزى گۈلسۇمخانغا ھە دەپ پوخۇرلۇق قىلغىلى تۇرۇپتىكەن. بىچارە قىز ئاجىزلىقىغا باقماي ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. تاس قاپتىكەن ئۇ گۆي بىر ئوبدان قىزنى نابۇت قىلىۋەتكىلى، سەل كېچىككەن بولسام-زە... تۇرامەت تىۋىشىمنى ئاڭلاپ قالغان چېغى، ئالاقزادە بولغان ھالدا مەقستىنى ئىشقا ئاشۇرالماي غىپپىدە تىكىۋەتتى. گۈلسۇمخاننى خىجىل قىپ قويماي دەپ مەنمۇ تۇيدۇرماي ئارقامغا ياندىم.

ئۇلار ئىمكان بار تۆۋەن ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ گەپلەرنى مەسۇم يەنىلا ئېنىق ئاڭلاپ قالدى. ئاڭلاپ قالدىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپنى بىر ئالغان ھەيۋەتلىك دەريا شاۋقۇنلىرىدەك يېقىملىق بۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە بىر ھازا ئەكس سادا بولۇپ جاراڭلىدى-دە، قەلبى ئىختىيارسىز دەريا دولقۇنلىرىدەك مەۋجلەندى. توغرا، ئۇنىڭ قەلبى ئەسلىدىنلا ئاشۇ ئانا دەريادەك دولقۇنلۇق ئىدى. شۇ تاپتا ئاۋاز بىلەن تەڭ بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پاك-پاكىز ئېقىتىپ تاشلاپ كەلگۈندەك داۋالغۇپ كېلىۋاتقان بىر دەريا سۇ ئۇنى تامامەن ئۆز باغرىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ سۈزۈك ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان سۇنىڭ تېرەن تەكتىگە ئالتۇن بېلىقتەك چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. دەريا سۈيى بىر قارىسا پاك زېمىننىڭ جان تومۇرىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنسە، يەنە بىر قارىسا قەلبىنىڭ چوڭقۇر تەكتىدىن سىرغىپ ئۇلغىيىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىشقىلىپ بىپايان تەبىئەتكە جان ئاتا قىلىپ، گۈزەللىك بېغىشلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغۋار سۇ ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ئاقاتتى. ئۇ قەلبىگە سىغماي كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇغا چۆمۈلۈپ ھەددىسى تامان تەخىرسىز ئۈزۈشكە باشلىدى.

مەسۇم روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ئېتىزغا يېتىپ كەلگىنىدە بولسا ئاكىسى سول تارتىپ ھەۋەس بىلەن قوناق ئوروۋاتقان، ھەددىسى ئارقىسىدىن قوناق ئۈزۈۋاتقان ئىدى. بىر چاغدا ئاكىسى قولىدىكى ئورغاقنى ئويىنتىپ تۇرۇپ ئارقىسىغا قاراپ نېمىلەرنى دېدىكىن، ھەددىسى قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلۈپ كەتتى. ھەددىسى كۈلگەندە تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتەتتى. مەسۇم شۇنداق چىرايلىق ھەددىسى بولغىنىدىن ئەمدى تەڭتۇشلىرى ئالدىدا قانچىلىك ماختانسىمۇ ئەرزىيدۇ.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كەلگەن پېتى ئۇلارنى:

— ئاكا، ھەدە، چاي ئىچىۋېلىڭلار، — دەپ چاقىرىپ قولىدىكى چاينى يەرگە قويدى. گۈلسۇمخان بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بېرى ئۇنىڭدىن «ھەدە» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بۈگۈن تۇنجى رەت ئاڭلاپ قەلبى ئېيتقۇسىز ھاياجانغا چۆمۈلدى-دە، شۇ خۇشاللىقىدا يانچۇقىدىن قىپقىزىل قىزىرىپ پىشقان بىر تال ئالمىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.


— رەھمەت ئاپپاق ئۇكام، كەل، بىللە ئىچەيلى.

مەسۇم تارتىنىپ تۇرمىدى. ھەددىسىنىڭ يېنىدا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن دەرقەمتە چاي ئىچىشكە باشلىدى.

چۈشتىن كېيىن مەسۇم قويلىرىنى ھەيدەپ ھەسەن پالكۆزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە توختىدى-دە، ئىككىلەنمەيلا دەرۋازىنى قاقتى.

— ھەسەن دادا، قويلىرىڭىزنى باققاچ كېلەي...

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# تەھرىرلىك خىزمىتىدىن ئاپتورلارغا ئىككى كەلىمە سۆز

خاسىيەت ئىبراھىم

بۈگۈنكى دەۋر نەشرىيات، مەتبۇئاتچىلىق خىزمىتىنىڭ ئىلگىرى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئالەمشۇمۇل جانلىنىشى، تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە مۇھەررىرلەرگە بولغان ھەر تۈرلۈك تەلەپلەرنىمۇ كۈچەيتىپ باردى. بۇ ھەقتە ئاز بولمىغان ماقالە، ئەسەرلەر يېزىلىپ، مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدار، ئەخلاق، ساپا جەھەتتىكى يۈكسىلىشلىرىگە كۆپلىگەن مەنپەئەتلەر ئېلىپ كەلدى. ئەمما، مۇھەررىرلىك خىزمىتى ئاپتورلار بىلەن باغلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان، قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئېرىشكەن تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئاپتورلارغا تەلەپ قويۇش ۋە بۇنى مەتبۇئاتلار ئارقىلىق ئۇلارغا يەتكۈزۈشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ئىدى. ئەلۋەتتە بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى، ئەتراپلىق نەزەر دائىرىسى، ئەسلىدىنلا پىشقان تىل ماھارىتى ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ. ھەتتا بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چېكىت، پەشلىرىنىمۇ يۆتكەشكە ئامالسىز قالىمىز. لېكىن بەش قول تەڭ بولمىغىنىدەك، ھەممىلا ئاپتورلىرىمىزنى بۇنداق دەپ ئېيتىشقا ئامالسىزمىز. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كىچىككىنە بولسىمۇ پايدىسى بولار، دېگەن ئۈمىدتە تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن مۇشۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى كەڭ ئاپتورلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى زۆرۈر تاپتىم. بۇ پىكىرلىرىمنىڭ بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشرىياتتا ئۇزۇنغىچە بېسىلىپ قالغانلىقىدىن ئورۇنسىز ۋايساپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا، مۇھىمى كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

**1. ئاپتورلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدار مەسىلىسى**

ئاپتورلارنىڭ زىممىسىگە ناھايىتى مۇھىم، يۈكسەك بۇرچ يۈكلەنگەن. مەيلى ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيەتچىلىرى بولسۇن ۋە ياكى باشقا پەننىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغۇچىلار بولسۇن، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلاردا ئۆز كەسپىگە پىشقان، ئۆز كەسپىنىڭ نەزەرىيەۋى بىلىملىرىگە پۇختا، مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى ھازىرلىنىشى كېرەك. بۇ خىل كامالەتكە يېتىش قۇشقاچ بالىسىنىڭ نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇچۇرۇم بولغىنىدەك بىردەملىك ئىش بولماستىن، بەلگىلىك مەلۇم جەريان ۋە زور تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، سان-ساناقسىز جاپا-مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي ئىزدىنىش بەدىلىگە

يازغۇچىدا يېتەرلىك بىلىم ۋە تەجرىبە ھاسىل بولۇش مۇساپىسىدۇر. خۇددى ناخشا تېكىستلىرىدە ئېيتىلغان «بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرمىگىچە، ھەسەن - ھۈسەننى كۆرگىلى بولماس» دېگەندەك.

ئەپسۇس، قىسمەن «ئاپتورلار» بىردىنلا نام چىقىرىش قىزغىنلىقى ۋە بەزىبىر شەخسىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ پۈتمىگەن، خام ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆز كەسپىگە قىلىنغان مەسئۇلىيەتسىزلىك. بۇنداق ئالدىراپ ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنى گەرچە دەرھال قايتۇرۇش ھوقۇقىمىز بولسىمۇ، لېكىن تەھرىرلىك كەسپىنىڭ مۇقەددەس قائىدىسى بويىچە ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك يۈزىسىدىن، شۇ ئەسەرنىڭ پىشمىغان، خام ئەسەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاپتورنى قايىل قىلغۇدەك پىكىر بېرىپ قايتۇرۇش بۇرچىمىز ھەرقانداق ئاپتورغا يەڭگىللەتكىلىك بىلەن رەددىيە بېرىشىمىزنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ ئالتۇندەك ۋاقىت بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك پىكىرلىرىمىز ئاشۇ بىر تۈركۈم «ئاپتورلىرىمىز»غا ئازراق بولسىمۇ ئىجابىي ساۋاق بولالىسا تولىمۇ مىننەتدار بولاتتۇق.

نەشرگە تەييارلىنىشقا سۇنۇلغان ئەسەر نۇقتىسىدا ئاپتور بىلەن مۇھەررىر تەقدىرداش شەخسلەردۇر. ياخشى يېزىلغان ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتور ھەم مۇھەررىرگە مۇناسىپ شۆھرەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما ناباب يېزىلغان قىسمەن ئەسەرلەر گەرچە مۇھەررىرنىڭ قايتا - قايتا كۈچ قوشۇشى بىلەن ئىشلىنىپ پۈتۈپ چىقسىمۇ، ئاپتورنىڭ كەسپىي بىلىمدىكى چولتىلىق، كەسپىي ساپاسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر سەۋەبىدىن مەزكۇر ئەسەردە ساقلانغىلى بولمايدىغان نۇقسان - ئەيىبلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ناھايىتى تەبىئىي. قىسمەن ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى يېتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن قەلەم قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىلىمى، قەلەم قۇۋۋىتى ئەسىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ - يۇ، ئەسەر قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولماي قالىدۇ، بۇنداق ئەسەرلەرنى تەكرار قايتۇرۇشقا، مۇھەررىر ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئاپتورلارغا توختىماي يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئاپتورلارنىڭ قايتا ئىشلەپ ئەۋەتكەن ئارگىناللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىلا ئۆلچەمگە لايىق بولمىغانلىقتىن، مۇھەررىرلەر ئەسەر قۇرۇلمىسىنى يېڭىباشتىن ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق جاپالىق ئەمما شەرەپلىك ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن شان - شۆھرەتلەر پەردە ئارقىسىدا مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق قان - تەرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇڭىمۇ «تەھرىرلىك كەسپى جاپالىق ئەمما شەرەپلىك خىزمەت، مۇھەررىرلەر پەردە ئارقىسىدىكى قوماندان» دەپ تەرىپلىنىشى ئورۇنسىز ئەمەس.

بۇ يەردە گەپ ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدا ھالقىلىق رول ئوينايدىغان مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق خىزمىتى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەرقانداق بىر كىتاب ئاپتورىغا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈكسەك باھا، مەرتىۋىلەرنى ئاتا قىلىشى تۇرغانلا گەپ. خەلقنىڭ باھاسىغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن ئاپتورلاردىن يۈكسەك كەسپىي ماھارەتنى، پىشقان تىل ئۇستىكارلىقىنى، كۈچلۈك قەلەم قۇۋۋىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە مۇھەررىرلەرنىڭ مۇشۇنداق ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى تەقەززا قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئاپتورلىرىمىزنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى قانچە يۇقىرى بولسا، شۇنىڭغا ماس ئىقتىدارلىق مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ياردىمى بولىدۇ. مۇھەررىرلەر قوشۇنى قانچە سەرخىل، مۇكەممەللەشكەن بولسا، ئۇ ئاپتورلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئىجادىيەت پەللىسىگە چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئاپتور ۋە مۇھەررىر مانا مۇشۇنداق يۈكسەك بىرلىككەندىلا، نادىر ئەسەرلەر كۆپلەپ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

### 2. ئاپتورلاردىكى كەسپىي ئەخلاق مەسىلىسى

ھەر ئىنسان ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيسە، بارلىقىنى كەسپىگە بېغىشلىيالىسا، ئاندىن ئادىمىيلىك قىممىتىنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلالايدۇ. كەسپىنى سۆيۈش دېگەنلىك ئۆزىنىڭ كەسپىگە ھۆرمەت قىلىش، چوقۇنۇش دېگەنلىكتۇر.

ئۆزى سۆيگەن كەسپىنى «ھاياتىم» دەپ قارىغان ھەرقانداق بىر يازغۇچى كەسپىنى جان كۆيدۈرۈپ

ئىشلەش، يېتەرلىك كەسپىي ئىقتىدارنى ھازىرلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپكە داغ چۈشۈرىدىغان ھەرقانداق ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا رەددىيە بېرەلەيدىغان غۇرۇر، ئادىمىيلىك ۋىجدانىنى ھازىرلىيالىشى شەرت. كەسپىي ئىقتىدار بىلەن كەسپىي ئەخلاق كەسپ ئىگىسىدە بىرگە مۇجەسسەم بولسا، بۇ خۇددى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك» نەتىجە بولىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بەزىدە مۇنداقمۇ «ئاپتور»لارغا ئۇچراپ قالىمىزكى، ئۇ مەزكۇر ئەسىرىنى ئۆزى يازمىغان ۋە ياكى تۈزمىگەن، يەنە كېلىپ ئۇ «ئەسەرى»نى ئۇنۋان ئېلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن باشقىلارغا ئىشلەتكەن، مۇناسىۋەت ئارقىلىق نەشرىياتىمىزغا بۇيرۇلغان. بەزىدە بۇنداق ئەسەرلەر جاپاكەش مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ قايتىدىن «يېزىپ چىقىشى» بىلەن نەچچە كىتاب تەھرىرلىگۈدەك ۋاقتىنى ئېلىپ، شۇ «ئاپتور»لىرىمىزنىڭ نامىدا ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇنداق زورلاپ «ئاپتور» بولۇۋالىدىغانلار ناھايىتى كەمدىن كەم بولسىمۇ، لېكىن سەرخىل ئاپتورلار قوشۇنىمىزغا چۈشكەن مىتىدەك بۇ ئۇلۇغ كەسپىنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزمەي قالمايدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ ئىشلىسۇنكى، شۇ كەسپىدىن قازانغان ئۇتۇقلىرىغا ھەقىقىي يۈز كېلەلىسۇن.

يېقىندا مەن داڭلىق بىر يازغۇچىمىز (ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى لايىق كۆرمىدىم)نىڭ مەلۇم بىر نەشرىيات سودىگىرى بىلەن نەشر قىلىشقا توختاملىشىپ بولغان مەلۇم بىر ئەسىرىنى ئىككىنچى بىرەيلەن بىلەن يۇقىرى باھادا قايتا توختاملىشىپ قويۇپ دەۋا ـ دەستۇرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

نۆۋەتتە ساغلاملىققا ئائىت رېتسېپ كىتابلار بازىرىنىڭ ياخشى بولۇشى جەمئىيەتتە بىر قىسىم ھەۋەسكار ئاپتورلىرىمىزنى ئىلگىرى نەشردىن چىققان رېتسېپلارنى يىغىپ يۇغۇرۇپ كىتابچە قىلىپ تۈزۈش پۇرستى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ نەشرىياتتىن مەزمۇنى تەكرار دەپ قايتۇرۇلسا، باشقا نەشرىياتقا ئاپىرىپ چىقىرىش ئارقىلىق كىتاب چىقىرىشنى نام چىقىرىش ۋە ياكى سودا ۋاستىسى قىلىۋالدى. ئاتالمىش ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇ خىل مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالماسلىقى بىر تەرەپتىن ئىلگىرىكى ئاپتورلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزۈش قىلمىشى ھېسابلانسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇرمەنلەرنى ئالداش، يەنە كېلىپ نەشرىياتلار ئوتتۇرىسىدا بازار تالىشىش ئىختىلاپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋاقىت، مەبلەغ ئىسراپچىلىقىدۇر...

ئىنساننى بەختلىك قىلىدىغان نەرسە ئىلىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەممە ئىشنى ئىلمىي يوسۇندا ئادا قىلماقتۇر. چەكلىك ھاياتىمىزنى گۈزەل مەنىلەر بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان كەسپ بىلەن بۇ ئۆمرىمىزنى بېزىشىمىز، يۈكسەك كەسپىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز لازىم.

3. ئاپتورلاردىكى تىل ئىگىلەش مەسىلىسى

ئانا تىلنى پىششىق، مۇكەممەل ئىگىلەش ھەربىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر. يەنە كېلىپ ھەربىر قەلەمكەشلىرىمىزگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر. بەزى ھاللاردا تىل ماھارىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرگىلا خاستەك، تېببىي، ئىلىم ـ پەن ئەسەرلىرىگە پەقەت ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن ئەھمىيەت بېرىلسىلا بولىدىغاندەك يۈزەكى ئويلايدىغان ئاپتورلىرىمىز يوق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە تېببىي، ئىلىم ـ پەن ئەسەرلىرىدىكى ئىلمىي، توغرا يەكۈننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇپەسسەل ئىپادىلەشتە ھەم شۇ ئىلمىي قاراشلارنىڭ مەنتىقىلىقى، لوگىكىلىقىنى كۈچەيتىشتە ئاپتورلارنىڭ پىشقان تىل ماھارىتىگە تېخىمۇ بەكرەك موھتاج بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلىنىڭ ئوبرازچانلىقى، گۈزەللىكى، بەدىئىيلىكى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى بەكرەك جەلپ قىلسا؛ تېببىي، ئىلىم ـ پەن ئەسەرلىرى ئوبرازلىق، ئىلمىي، قايىل قىلارلىق، لوگىكىلىق سۆز ـ جۈملىلەر ۋاستىسىدە ئەسەر تىلىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق نوپۇزىنى تىكلەيدۇ.

شۇڭا ئاپتورلىرىمىز مەيلى قايسى خىلدىكى ئەسەر يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، ئالدى بىلەن ئانا تىلنى پىششىق ئىگىلىشى، ئانا تىلىمىزغا مۇجەسسەم بولغان بارلىق ئارتۇقچىلىق، ئۆزگىچىلىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۆز ئەسەرلىرىگە جان كىرگۈزۈشى كېرەك.

4. ئاپتورلاردىكى بىلىش مەسىلىسى

ھەرقانداق ساھە، كەسپنىڭ ئۆزىگە خاس بىلىش دائىرىسى بولىدۇ، ئادەتتە ئاپتورلار تۆۋەندىكى تۆتنى بىلىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن:

بىرىنچىسى، ئۆزىنى بىلىشكە ماھىر بولۇش.

ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرى بولىدۇ، گەپ ئۇنى بايقاشتا. ئاپتورلۇق كوچىسىغا كىرمەكچى بولغان ھەم بۇ كوچىدا كېتىۋاتقان ھەر بىرەيلەن ئاۋۋال ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشى كېرەك. مەن زادى بۇ كەسىپكە ماس كېلەمدىم ـ كەلمەمدىم، مەن مۇشۇ كەسىپنى ھەقىقىي سۆيەمدىم، ئۇنىڭغا بارلىقىمنى ئاتاپ نەتىجە قازىنالامدىم ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى كېرەك. ناۋادا چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان، پۇل تېپىش كوچىسىغا كىرىپ قالغان، ئاز ـ تولا يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلار ئۇنى «پۇل تېپىش ۋاستىسى» دەپ قارىۋالغان بولسا، دەرھال بۇ يولدىن قايتىپ، ئۆزىگە مۇناسىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماق زۆرۈردۇر. ئەمەلىيەتتە كەسىپنىڭ چوڭ ـ كىچىكى، ئۇلۇغۋار ـ پەسكەشى بولمايدۇ. پەقەت ھەربىر كەسىپنىڭ مۇناسىپ ئىگىلىرى بولىدۇ. بۇ يەردە گەپ ئاپتورلۇق ھەققىدە كېتىۋاتقانىكەن، مۇشۇ كەسىپكە ئۆزىنى ئاتىغان، ئاتىيالايدىغان ھەم ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان مۇناسىپ كەسىپ ئىگىلىرى بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ «كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ قاغىنىڭ چاترىقى يىرىلىپ كېتىدىغان» كۈلكىلىك ئىش بولۇپ قالمىسۇن. ئىنساننىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى چەكلىك نەرسە، گەپ ئۇنى قانداق بايقاش، قايسى يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇش، بېيىتىش ھەم ئۆزى، خەلقى ئۈچۈن ئەڭ چەكسىز دەرىجىدە خىزمەت قىلدۇرۇشتا. شۇڭا ئاقىللىرىمىز «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان.

ئىككىنچىدىن، ئۆزى يېزىۋاتقان ئەسەرنى بىلىشكە ماھىر بولۇش.

ئۆز بىلىشى دائىرىسىدە ئەسەر يېزىش، بىلمىگەن نەرسىلىرىگە چات كىرىۋالماسلىق توغرىسىدا «قۇشقاچ بولسىمۇ قاساپ سويسۇن» دېگەن ھېكمىتىمىز تولىمۇ ئورۇنلۇق ئېيتىلغان. ئۆزىگە ناتونۇش، ماھىيىتى چۈشىنىكسىز شەيئى ـ ھادىسىلەر ۋەياكى ساھە ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىلسە، ئاپتور ھەرقانچە كۆچىگەن بىلەنمۇ، «ماڭىدۇ، ماڭىدۇ، قىردىن ئاشالمايدۇ» دېگەندەك، ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە ھەرگىزمۇ يېتىپ بارالمايدۇ، نەتىجىدە ئاپتور بىلەن ئەسەر ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ھاڭ شەكىللىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ئەسەردە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈزەكىلىك، چولتىلىق ئاپتورنىڭ بۇ ساھەدە تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بارماي، مەزكۇر ساھەدىكى چولتا بىلىمگە تايىنىپلا قەلەم تەۋرەتكەن ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، خالاس.

«تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغان كىشىنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولمىغىنىدەك» يېزىش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ. ئاپتور قولىغا قەلەم ئېلىشتىن ئىلگىرى، يازماقچى بولغان ئەسىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلىشى، كۆپ ئىزدىنىشى، باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ، مۇكەممەل چۈشەنچە، بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىب، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشتىن ئاۋۋال 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا تەكشۈرۈش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ئەسىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس، كۈچلۈك پاكىتلىق ماتېرىياللارنى جۇغلىشى؛ يەنە ئالىم، يېتۈك ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىنى يېزىش ئۈچۈن قومۇل، ئۈچ ۋىلايەت ھەتتا چەت ئەللەردىكى كىتابخانا، قىرائەتخانىلاردا نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ماتېرىيال توپلىغانلىقى دەل ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆلمەس، بىباھا گۆھەر بولۇپ، مەڭگۈ قەدىرلىنىشىنىڭ كۈچلۈك ئاساسى، شۇنداقلا ئاشۇ ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقىت، توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھەقىقىي يېتەرلىك ئىكەنلىكىنىڭ شاھىتى.

ئاپتورلار ئەسەر يازغاندا ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆز ھېسسىياتى بويىچىلا ئەمەس، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ يېزىشى كېرەك. قىسمەن ئاپتورلارنىڭ مۇشۇنداق قاتمال ئۇسۇل بويىچە يازغان ئەسەرلىرى گەرچە ئېلان قىلىنىپ، كۆزىمىزگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئەسەرلەر خەلقنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارالمايدۇ ھەم مەڭگۈ ئۆلمەس ئەسەر سېپىگە ئۆتەلمەيدۇ. ئاپتورمۇ خەلق ئارزۇلىغان ھەقىقىي يازغۇچى بولالمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۆزى ياشاۋاتقان ماكانىنى بىلىشكە ماھىر بولۇش.

ماكان ئۇقۇمى ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ تۈرى، ژانىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئەسەردە تەلەپ قىلىنىدىغان ماكان ئۇقۇمى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر قىسىم ئەسەرلەر ماكانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بەلگىلىك ماكانغا ماس كېلىدۇ، شۇ ماكاندىن ئايرىلسا قىممىتىنى يوقىتىدۇ، مەسىلەن: ئەرەبلەردىن بىزگە كىرگەن «مۇسەۋۋىيات تەرەپەيىن»(شېئىرىي تېپىشماق)نى ئالساق، بۇ ئەرەبلەردىكى سۆز تېپىش، سۆز ئويۇنى بولۇپ، ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىلنى كۆرسىتەتتى، ئەمما بۇ بىزنىڭ ماكاندا تۇرمۇشتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئاددىي تېپىشماق شەكلىدە ئىپادىلەش، دەپ خاتا قارىلىپ قالغان.

يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر گەرچە ئۆزى ئىجاد بولغان ماكاندىن ئايرىلسىمۇ، قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، مەسىلەن: ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئوخشىمىغان ماكاندا ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى پەيدا بولغان، بەزى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ مۇئەييەن ماكاندىكى ۋارىيانتلىرى شۇ ماكانىنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە قىممەتلىك تارىخىي بىلىم بولۇپ ساقلىنىپ قالغان. بۇنداق ئەسەرلەر ھېلىھەم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئىلمىي ئەسەرلەردە ماكان تەلىپى ئاجىزراق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەر ئاپتورلىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزى ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ خاسلىقى، ئالاھىدىلىكىنى پىششىق ئىگىلىشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن سىرت ماكاندا ۋاقىت ئۇقۇمىمۇ بولىدۇ، ئىلگىرى ياشىغان ماكاندىكى ۋاقىت ئۇقۇمى، پەرقىنى ئىنچىكە گەۋدىلەندۇرۇشكە تىرىشىشى، ماكاندىكى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەردە ماكان تۇيغۇسى، ماكان چۈشەنچىسىنى پەيدا قىلالىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ماكان يالغۇز دائىرىگىلا قارىتىلغان ئەمەس، ئۇ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: يەنى شۇ ماكانىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، كلىماتى، ئىقتىسادىي شارائىتى، قانۇنى، ئەخلاقى، دىن-سىياسىتى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلار... دېمەك، بۇ ئاپتوردا ماكان جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە، مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە توختاۋسىز ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىنچىكە كۆزىتىش روھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچىسى، ئۆزى ياشاۋاتقان زاماننى بىلىشكە ماھىر بولۇش:

بۇ دېگەنلىك ئاپتورنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ قانۇنىيىتى، سىياسىتىنى بىلىش، كەلگۈسىنى بىلىش، بايقاش دېگەنلىكتۇر. 80-يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان باللار بىلەن ئۇندىن ئىلگىرى تۇغۇلغان باللارنىڭ تەپەككۇرىدا كۆرۈنەرلىك پەرق بار، بۇ پەرقنى زامان كەلتۈرۈپ چىقارغان، زاماندىكى ئۆزگىرىش بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئاساسلارنىڭ بىرى، ھازىر ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ توختىماي ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان زامان. بۇ جەھەتتە ئىلگىرىكى زامانلاردىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدۇ، دېمەك بۇمۇ بىر خىل زامانىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى. زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ماكاندا كۆرۈلىدىغان مۇناسىپ، ھەرتەرەپلىمە ئۆزگىرىش ئاپتوردىن شۇ ئۆزگىرىشچان زاماننى بايقاشقا، ماھىيىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشنى، ئەقىل بىلەن ئۆتمۈشتىن خۇلاسە چىقىرىشقا، ھازىرقىدىن پايدىلىنىشقا، كەلگۈسىنى بىلىشكە قابىل بولۇشى، زامانغا لايىق ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زامانغا لايىق بىلىم، ئۇنىۋېرسال ساپانى ھازىرلىشى كېرەكلىكىنى شەرت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاپتوردىن تارىخنى بىلىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرۇپ پەرقنى بايقاشقا، ئۆزى ئىگىلىگەن زامانغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ئەسىرى زامان، ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەڭ يارقىن، جانلىق ئىپادىلەنگەن ئەسەر. زامان، ماكان پەرقىنى ئابستراكت تەپەككۇردە بىر-ئىككى جۈملە بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ، لېكىن ئاپتور مەزكۇر ئەسەردە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ سولچىل ئىدىيەسىنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان بىر ياشنىڭ ئازاد زاماندا ئۆزگىرىپ يېڭى ئادەم بولغانلىقىدەك زامان، ماكان پەرقىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق، يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن، مانا بۇ دەل ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىم تەرىپى. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى لۇشۈن، قىرغىز

يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف دەل مۇشۇ خىلدىكى يازغۇچىلارنىڭ بايراقدارى، يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى بۈيۈك ئابىدىلەر ھېسابلىنىدۇ.

دەۋرىمىزدىكى ھايات يازغۇچى-شائىرلار، خەلق قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان قايسىبىرى يۇقىرىقى باسقۇچلارنى باسماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان؟ زامان يوقنى پەيدا قىلىدۇ، بارنى يوقىتىدۇ، بەزى نەرسىلەر ۋاقىتلىق بولىدۇ. ۋاقىتلىق ماھىيەتنى، قانۇنىيەتلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاپتوردىن زامانغا لايىق چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

### بەشىنچى، يازغۇچىنىڭ مەڭگۈلۈك مەسىلىسى

ھالبۇكى بەزى نەرسىلەر مەڭگۈلۈك بولىدۇ، مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتلەر ئۇنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنىڭ جۇلالىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ مەڭگۈلۈكنى جۇلالاندۇرۇش كۆرگەنلا ئاپتورنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورمۇ مەڭگۈلۈك بولۇشى كېرەك.

بۈيۈك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دەل مانا مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن يازغۇچى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇردۇر. ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇجەسسەملەنگەن ئىلغار ئىدىيە، كۈچلۈك پەلسەپىۋى قاراشلار، مەنتىقلىق پىكىرلەر ئۆز زامانىسىدىكىلەرنىڭ قاراش، پىكىرلىرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەچكە، شۇ چاغلاردا كىشىلەرگە قانداقتۇر مۇجمەل، چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇيۇلغان، ھازىر كىشىلەر قولىدىن چۈشۈرمەي سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ئەينى چاغدا مۇھەررىرلەرنىڭ قولىدا بېسىلىپ قېلىپ، قولدىن-قولغا ئۆتۈشۈپ يۈرگەنلىكى، بەزىرى يوق ھەتتا لاياقەتسىز دەپ قارىلىپ قايتۇرۇلغانلىقى ناھايىتى تەبىئىي. ئەمما ئالتۇن يەنىلا ساپلىقى بىلەن جۇلالانغاندەك، ئالىمنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى توسالغۇ، يۈزىدىن يۈزىگە بېرىلگەن تەنقىد ئالدىدىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي، دادىللىق بىلەن ئىشلىشى، توختاۋسىز ئىلگىرىلىشى بۈگۈنكىدەك شان-شۆھرەت ئىگىسى بولالىشىغا كۈچلۈك ئاساس بولغان. دانىل بونسكات: «ئەگەر بىر يازغۇچىنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلغۇدەك غەيرىتى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ يازغۇچى بولۇشتىن سۆز ئاچمىسىمۇ بولىدۇ» دەپ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئېيتقان. مەلۇم مەۋقەدە خەلقنىڭ بىر ئەسەرگە بەرگەن باھاسىنىڭ يۈزمۇ يۈز توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەسەرگە بولغان باھا، رەددىيەگە بولغان پوزىتسىيەدىمۇ ئەسەر ئىلمىيلىكى، قىممىتى ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ يەردە قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، دەۋر ئالدىدا ماڭالايدىغان مانا مۇشۇنداق قەھرىمانلىرىمىزنى بايقاش، تونۇش، ئېتىراپ قىلىش ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىش مۇھەررىرلىك ئورنىدا ئولتۇرۇۋاتقان ھەربىرەيلەننىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بەلكىم، مانا مۇشۇنداق نادىر ئەسەرلەر قىسمەن مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ قولىدا بېسىلىپ قېلىشى، ھەتتا خاتا ھالدا ئاپتورلارغا قايتۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئىلمىي ئەمگەك مۇھەررىرلەردىن ئىلمىيلىكنى، ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنالايدىغان بولۇش، تەنقىدتىن قورقماسلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇھەررىرنىڭ گۈزەل كەسپىي ئەخلاقىدۇر. مۇھەررىرلەر گەرچە تۇغۇم تۇغالمىسىمۇ، تۇخۇمنىڭ تەمىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك. ئۆز كەسپىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولغاندا بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققىلى بولىدۇ.

### ئالتىنچى، ئۆزگىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ تونۇش مەسىلىسى

بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىزگە چەت ئەلنىڭ ئاسمىنىدا كۆرۈنگەن ئاي ئۆزىمىزنىڭكىدىن نۇرلۇق تۇيۇلىدۇ. دەرۋەقە، ئىلغار مەدەنىيەت، ئەندىزىلەردىن پايدىلىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن بۇ قارىغۇلارچە بولماسلىقى كېرەك. دوراپ يازسىمۇ، ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق، بىلىدىغان نەرسىلەرنى دوراش، ھەرگىزمۇ بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى قارىغۇلارچە دورىماسلىق كېرەك. مۇشۇ جەمئىيىتىمىزدە ياشاۋاتقان ھەربىر يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى، خەلقنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارالايدىغان ئەسەر يېزىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى كېرەككى، چاپ-چاپ بازارغا ئۈلگۈرتىدىغان ناباب، چاكىنا ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

# 天尔塔格 文学双月刊

连续5次获得新疆维吾尔自治区期刊奖

2012年第四期（总153期）

每单月20日出版

## 目　录

### 系列小说

陌生人……艾买提江. 买买提(4)

### 新潮诗坛

父亲的身份……瓦依提江. 吾斯曼(41)
怀着女人心……热沙来提. 麦尔丹(42)
爱的光泽……穆太力普. 胡尔散迪(44)
蓝色梦想……阿不都合力力. 阿布都合维尔(45)

### 老文人精品

吉狄马加诗选……伊明. 艾合买德(67)
生命之歌……马合木提. 扎伊迪(70)

### 诗歌与评论

"响箭"所引发的想法……木沙. 艾海提(47)

### 新人力作

三首诗及其评析……阿里木江. 铁木尔(91)
远走……美合热班. 尼亚孜(89)
2011年度维吾尔文学的成绩……阿不都热西提. 木哈买提伊敏(78)
江河之儿……阿布都外力. 伊萨克(98)

### 生活素描

最后的马嘶声……穆太力普. 赛普拉(59)
颤抖……买买提艾力·艾力木(72)

### 作者、编辑、读者

浅谈编辑工作……哈斯亚提. 依不拉音(105)

封一：著名维吾尔族画家卓然. 亚森油画作品 —《刀郎姑娘》
杂志名由著名书法家：苏来曼. 依明 撰写

出 版:
乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编 辑:
《天尔塔格》杂志社

杂志社总编:
普拉提.艾维组拉

社长:
艾比布拉.买买提

杂志社副主任:
艾尔肯.努尔
阿里木.哈力丁

副社长:
艾克拜尔.沙力

总编:
普拉提.艾维组拉

副总编:
艾尔肯.努尔

编辑部主任:
依米尔艾山.马合木提

美术编辑:
肖开提.肖克来提

责任校对:
克尤木.吐尔逊(聘用)

录入员:
迪拉热.艾比布拉

地址:乌鲁木齐市新兴街5号
邮编: 830092
电话: 0991-4658897, 4696807
国际连续出版物刊号:
ISBN1004-1745
国内统一连续出版物号:
CN65-1012/I

邮发代号: 58-83

零售价: 7.00元

ШИНЖАҢ УЙҒУР АПТОНОМ РАЙОНИ БОЙИЧӘ УДА ТӨТ НӨВӘТ "ЖУРНАЛ МУКАПАТИ"ҒА ЕРИШКӘН ЖУРНАЛ

# тәңритағ

ҚОШ АЙЛИҚ ӘДӘБИЙ ЖУРНАЛ
2012 -йиллиқ 4 -сан
(омомий 153 -сан)

(һәр тақ айниң 20- күни нәширдин чиқиду)

## мундәрижә

### чатма һекайиләр

дөң мәһәллә вә ой мәһәллә– йатбаш адәм........................................................................................әмәтжан муһәммәт көнчи(4)

### шеьирийәт упуқи

дадамниң шәжәриси........................................ваһитжан осман (41)
айаллиқ туйғумни қучақлаймән чиң........................................рисаләт мәрдан (42)
муһәббәтниң миңбир жилвиси........................................мутәллип хурсәнди (44)
һалрәң хийаллар........................................абдухелил абдухевир (45)

### пишқәдәмләр қәлими

жиди мажйа шеьирлиридин талланма........................................................................................имин әһмиди тәржимиси (67)
өмүр сәпиримдин шеьирлар........................................мәһмуд зәйиди (70)

### шеьир вә баһа

«авазлиқ оқйа» дики рәңдар авазлар........................................моса әһәд тиркәш (47)

### йеңи күч

үч парчә шеьир вә униң тәһлили........................................алимжан төмүр туран (91)
узап кетимән (шеьир)........................................меһрибан нийаз чоғлук (89)
уйғур әдәбийатиниң 2011- йили........................................абдурешид муһәммәтьимин(78)
дәрйа оғли (һекайә)........................................абдувәли исһақ (98)

### турмуш тәсвирлири

ахирқи кишнәк (һекайә)........................................мутәллип сәйпулла әзиз (59)
титрәк (һекайә)........................................мәмтили һелим (72)

### аптор, муһәррир, китабхан

тәһрирлик хизмитидин апторларға икки кәлимә сөз........................................................................................хасийәт ибраһим (105)

Муқавиниң 1- бетидә: талантлиқ рәссам **зорәм йасинниң «долан қизи»** намлиқ май бойақ әсири

журнал намини **сулайман имин хали** йазған.

журналлар нәшрийати баш муһәррири:
**полат һевзулла**

нәшрийат башлиқи:
**һәбибулла муһәммәт**

журналлар нәшрийати муьавин мудирлири:
**әркин нур**
**алим халидин**

муьавин нәшрийат башлиқи:
**әкбәр салиһ**

баш муһәррир:
**полат һевзулла**

муьавин баш муһәррир:
**әркин нур**

тәһрир бөлүм мудири:
**имирһәсән мәхмут**

гүзәл сәньәт муһәррири:
**шавкәт шөһрәт**

мәсьул корректор:
**қәййум турсун** (тәклиплик)

*Адреси:* үрүмчи шәһири шәрқи шихуң йоли 52- номур
*Почта номури:* 830036
*Мелефон:* 0991-4658897, 4696807
*Басқучи:* үрүмчи луңийда басма мулазимити чәклик ширкити
*Хәлқаралиқ өлчәмлик журналларниң давамлиқ нәшир қилиниш номури:* ISSN1004-1745
*Мәмликәт бойичә бирликкә кәлгән журналларниң давамлиқ нәшр қилиниш номури:* CN65-10012/I
*Почта вакаләт номури:* 83-58

*Парчә сетилиш баһаси:* 7.00 йүән

ئاساسلىق ئىجادىيىتىنى ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ پورترېت ئوبرازىنى يارىتىشقا قاراتقان، ئەسەرلىرىدە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ بىرلىكىگە ئورتاق ئەھمىيەت بەرگەن، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە تالانتلىق رەسسام — زۆرەم ياسىن



ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئاتاقلىق رەسسام زۆرەم ياسىن خانىمنىڭ يېقىندا جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن يىغىپ ساقلىنىشقا مۇيەسسەر بولغان بىر پارچە ماي بوياق ئەسىرىنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇندۇق.



كېرىيەلىكلەر (يۇرۇشلۇك سىزمىلىرىدىن 4)   160×132cm   2006 ـ يىلى

# «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار رېداكسىيىسىدىن سالام

يېڭى بىر يىل كېلىش ھارپىسىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار رېداكسىيىسى ئۆز قارمىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرناللىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قىزغىن قوللاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرگە سەممىي تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئاسايىشلىق، ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيدۇ.





## ئەسەر ئەۋەتىڭ، مۇشتەرى بولۇڭ

2013 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى «تۇرمۇش تەسۋىرلىرى»، «گىزدەنمە ھېكايىلەر»، «بوگوڭكى ئەدەبىياتتا بىر تېما»، «ھەرساندا بىر تېما»، «شېئىرىيەت قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئەدەبىياتتىكى يېڭى نامايەندىلەر»، «جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭى نامايەندىلەر»، «يۈزمۇ يۈز» ئۈرنەكلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى؛ «ياشلىق»، «يېڭى كۈچ»، «راست ئىشلار ئەدەبىياتى»، «ئائىلە، مائارىپ، جەمئىيەت»، «يادنامە» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغانلىكى كىشىلەرنى ئۇچۇرچانلىقى، تەسىرچانلىقى، يېڭى پىكىرگە تويۇنغانلىقى، زامانىۋىلىقتا يۈزلىنىشچانلىقى بىلەن ئۆزىگە رام قىلالارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا تىرىشىدۇ.

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 58 بىر يىللىق مۇشتەرى باھاسى: 42 يۈەن تەھرىر بۆلۈم تېلېفونى: 4658897 ـ 0991




## ئەسەر ئەۋەتىڭ، مۇشتەرى بولۇڭ

«كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى قاراتمىلىق ھالدا كومپيۇتېر مەشغۇلاتى بويىچە ھەرخىل قاتلام ۋە ھەرخىل سەۋىيەدىكى كىشىلىرىمىزگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىكىلىق ماھارەت ۋە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. ھەر بىر مەشغۇلات ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ چۈشىنىش قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈلگەچكە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن قول سېلىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئەمەلىي ماھارەت ئىگىلىشىگە باب كېلىدۇ.

ئۇ نوقۇل كومپيۇتېر كەسپىي خادىملىرىغا يۈزلىنىشتىن ھالقىپ ھەر بىر كەسىپكىچە قاراتمىلىق ھالدا يۈزلىنىپ، ھەر قايسى كەسىپ بىلەن كومپيۇتېرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇنۇملۇك ئۇلاپ، ھەممە كىشى ئوقۇمسا بولمايدىغان ژۇرنالغا ئايلانغۇسى.

بۇ ژۇرنال سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ئەپچىل، ئەڭ ئۇنۇملۇك، كومپيۇتېر مەكتىپى.

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 44 ـ 58 بىر يىللىق مۇشتەرى باھاسى: 30 يۈەن تەھرىر بۆلۈم تېلېفونى: 4696807 ـ 0991